# ئاياللار ۋە ئىجتىھات مەسىلىلىرىگە

# ئالاقىدار ماقالىلار

# مۇندەرىجە

مۇندەرىجە.................................1
ئىلتىجاھ...................................2
ئاياللار ۋە باراۋەرلىك...........................5
ئاياللارنىڭ  ئىسلامدىكى ئورنى..........................27
ھىجابقا ئالاقىدار بىر قانچە ئايەت ۋە ھەدىسلەر ھەققىدە مۇلاھىزە.........45
دەۋەت يولىدىكى 10پىرىنسىپ...........................56
دەۋەتچىلەرگە نەسىھەت.................................60
فىقھۇل ئەۋلەۋىيات ھەققىدە قىسقىچە ئوقۇشلۇق.......................62
قۇرئان كەرىم ۋە تەپسىرشۇناسلىق ھەققىدە..........................77
قۇرئان ۋە ھەدىستىكى بۇيرۇق ۋە چەكلەش سىغىسىنىڭ كىلىش ئورۇنلىرى.....87
زۆرۈرىيەت ھارامنى مۇباھ قىلامدۇ ؟..............................89
شەرئى قەدىمى  جىڭ  - ئۆلچەملەرنىڭ ھازىرقى ئۆلچىمى قانداق؟.........96

# ئىلتىجاھ

كاملجان

ئىي ئاللاھ! . . . ئىي! خەستە جىسمىغا سۈرەت ، سۈرەتكە بايان ۋە بايانغا مۇقەددەس تەپەككۇر پەرۋازى بەخش ئەتكۈچى ئاللاھ! شۇ تاپتا زامان گەردىشىنىڭ ئالقىنىدا مۆكچەيگەن قەددىمنى رۇسلاپ ،مەۋھۇم بەخت ۋە ئازاپلارغا تولغان يېڭى يىلنى كۈتۈۋېلىش ئالدىدا ساڭا ئىلتىجا ئۈچۈن قول سوزۇشقىمۇ ئاران مادارىم يەتمەكتە.

ئىي! ئۆزگەن يىللارنىڭ ئۆلۈك ئۆزۈكلىرىگە ۋاقىت رەپتارىنىڭ ھايات بەخش گۆھەرلىرى بىلەن كۆز قويغۇچى قۇدرەتلىك ئاللاھ ! بۇ يېڭى يىلدا نەزەرلىرىمىزنىڭ قاراڭغۇ خىلۋەتلىرىدىكى قۇلۇپلانغان دەرىزىلەرنى ئېچىۋەتكىن! قاچانلاردىن ھازىرغىچە قىسمەتلىرىمىز ۋە بەدەنلىرىمىز ئارىسىنى ئاچچىق ئېغىراشلارغا تولدۇرۇپ كىلىۋاتقان زەھەرلىك سۆز، مالامەت كىرلىرىدىن قۇلاقلىرىمىزنى پاك قىلغىن .

ئىي ئاللاھ ! لەھزىلەرنىڭ كەلگۈسى ئالقىنىغا بىزنىڭ مەۋجۇدلىقىمىزنى تەقدىر سىزىقى قىلىپ پۈتىۋەتكىن ، قىسمىتىمىزدىن كۆكلەۋاتقان پايانسىز كېچە خىلۋەتلىرىنى ئۈمىد ئۇچقۇنلىرى بىلەن يورىتىۋەتكىن .

زامانىمىز خاكىزارلىقىدا يېڭى ئۇقۇم مەشئەللىرىگە ئايلىنىپ ، بىزدىكى تېڭىرقاش ، ۋەھىمىلەرنىڭ شەپقەتسىز سوغۇق شامالىرىنى پايانسىز ئاسماننىڭ يىراق ئېتەكلىرىدىكى قاراڭغۇ زىندانلارغا سۈرۈپ تاشلايدىغان ئۈمىد ئۇچقۇنلىرىنى ئاتا قىلغىن !

ئىي كېچە جىسمىنىڭ پاك ئېتىزلىرىغا تاڭ ئۇمىدىنىڭ رەڭمۇ رەڭ مايسىلىرىنى كۆكلەتكۈچى ئاللاھ! سەن مېنىڭ بىردىن بىر تايانچىمسەن ، ھەقىقىي تەنھا ئىلاھىمسەن ، بىزنى بەخت قۇياشىغا يولداش قىلغىن ، بىزنىڭ قوپ - قۇرۇق قاقشال ئېتەكلىرىمىزنى مۇراد شەبنەملىرىنىڭ ھاياتلىق ئۈنچىللىرىگە تولدۇرغىن .

تەبىرسىز چۈشلەرنىڭ ئېزىتقۇ يالقۇنلىرىدا قىز - ئاياللىرىمىزنى كۆيۈپ كۈل بولۇپ ، سورىلىشتىن ساقلاپ قالغىن . ئازاپتىن ئوخچىغان قان ئېقىنلىرىدا ئېغىر ھاياتلىق تۆگمەنلىرىنى ماگدۇرۇپ، قايغۇ - ھەسرەت ئۇرۇقلىرىنى ئىزىپ تاشلاۋاتقان قەھرىمان ئانىلىرىمىزنىڭ ئەللەي ناخشىللىرىنى ئاچلىق ۋە مۇھتاجلىقنىڭ ئىپلاس مۆگلىرىدىن ئازاد قىلغىن . يوقسىز ئەۋلاتلىرىنىڭ ئارزۇ - ئارمانلىرىنى باھار رەڭگىدە بىزەپ ، دادىلارنىڭ قاتمال كۆكرەكلىرىگە چىڭ يېپىشقىنچە شىم - كۆينەكنىڭ ۋەيرانە يانچۇقلىرىدىن كۈتىشۋاتقان ئۈمىد تەڭگىللىرىنى مەڭگۇ چاقناشتىن توختاتمىغىن !

قىممەتچىلىك چاقناپ تۇرغان ئەينەك جازىلاردىكى قورچاقلارغا تەلمۈرۈپ ، قاراپ تۇرغان سەبى باللىرىمىزنىڭ ئۇماق چىرايىنى مەيۈسلۈك توزاڭلىرىدا خىرەلىششتىن ساقلىغىن . ئۆزىنىڭ بىمۇراد ئارمانلىرىنى يېرىم جان جىسىملىرىغا دەپىن قىلىپ ، ئىشرەتخور ئەمەلدارلارنىڭ ئويۇن - كۈلكىسىنى قىزىتىش ئۈچۈن يېقۇلغۇ بولۇشقا مەجبۇرلىنىۋاتقان جاپا كەشلەرنىڭ پاك، ھوسۇلسىز تەرلىرىنى چىن ئېھتىرامغا ئىگە قىلغىن . ئۇلارنى چىكى يوق تارىخنىڭ باشلىنىش باسقۇچى بولغان پىلسىرات كۆۋرۈكىدىن يالاڭ ئاياق ئۆتۈشتەك ئازاپتىن ساقلاپ قالغىن !

تارازا تۇتقان قوللارنى ۋە تارازىدا تارتىلىۋاتقان بەدەنلەرنى ھالال رىزىققا مۇيەسسەر قىلغىن ، نەپسىنىڭ قاراڭغۇ ئۆڭكۈرلىرىگە ھەسسىز ، باشچىلاپ كىرىپ كېتىۋاتقانلارغا قانائەتنىڭ ئۈزۈلمەس تاناپ يىپلىرىدا ئېشىلگەن تانىلارنى تاشلاپ بەرگىن !

ئەي ھەرپتەك مۇقەددەس نېمەتتىن ئىجادىيەت ئابىدىلىرىنى تىكلىگۈچى ئاللاھ! سەن مىنىڭ ئۆز پەرۋەردىگارىمسەن، ئاھۇ - زارلىرىمنى ھەممىدىن ئىلگىرى ئاڭلىغۇچى، ماڭا ھەممىدىن بەك يېقىن تۇرغۇچى رەببىمسەن. ھايات گۈلزارىدىكى ناتىۋان غۇنچىلىرىمىزغا ئاشۇ ھەرپىلەرنىڭ خۇش پۇراق جەۋھەرلىرىنى بەخش ئېتىۋاتقان مۇئەللىم، ئۇستازلىرىمىزنى مەنىسىز ھايات كەچۈرۈش بەختسىزلىكىدىن يىراق قىلغىن . ئۇلارنى خار زەبۇنلۇق خارابىلىرىدە دىرەكسىز يوقۇلۇشتىن ساقلىغىن . باھاردەك نەۋقىران گۈزەل ئۆمۈرنىڭ ئاق ۋاراقلىرىغا پارلاق ئىستىقبالنى پۈتىۋاتقان ياشلىرىمىزنىڭ غۇبارسىز پاك جىسمىنى نائۇمىدلىك داغلىرىدىن يىراق قىلغىن. ئۇلارنىڭ ئىجتىمائىي ئالقانلىرىنى جاھالەت پىرىنسىپلىرى جاراھەت قىلىشتىن ئىلگىرى زامان گەردىشىنىڭ ئۆزگىرىشلىرىنى ئۆز ئالقانلىرىدا تۇتۇپ تۇرالايدىغان قىلغىن .ئىي! زامان، ماكانلار ئارىسىغا مۇساپىلارنى ئورناتقۇچى ئاللاھ!

ئىي! ئېسىلغان قەدەملەرگە جۇشقۇنلۇق ، مۇساپىلەرگە مۇشتاقلىق ئاتا قىلغۇچى ئاللاھ ! سەپەرسىز مۇساپىلارنىڭ ئازاپلىرىدىن بىزنى قوغدىغىن .

ئىي! روھقا بەدەن، بەدەنلەرگە قان ئاتا قىلغۇچى ئاللاھ ! ئىي! قانلارغا راۋانلىق بەخش ئېتىپ ، راۋانلىقتا يۈرەكلەرنى ھەركەتكە سالغۇچى شەپقەتلىك ئاللاھ!

ئىي! قەلب دولقۇنلىرىغا قايناق ھىسلارنى، ھىسلارغا ئاجايىپ تاتلىق ھېدلارنى ئاتا قىلغۇچى ھېكمەتلىك ئاللاھ! جىسمىمىزنى چىرماپ ھەر نەپەستە شەكىل ئۆستىگە شەكىل ئالماشتۇرىدىغان نەپرەتلەردىن بىزنى يىراق قىلغىن . رەزگە تاماخورلۇققا بېرىلىپ بۇلغانغان غۇرۇرىمىزنى ساداقەتنىڭ مۇقۇددەس ئابى كەۋسەرلىرىدە غۇسلى قىلدۇرغىن . ئازغۇنلۇقتا مۇكچەيگەن ئەما سەۋرچانلىقىمىزنى يول ئۈستىدە دەلدۈگۈنىشتىن ساقلاپ ، قەددىنى ھەم بەللىرىنى رۇسلىۋىلىشقا مۇۋەپپەق قىلغىن . جاھالەتكە پۈرگەنگەن گۈمبەز ، مۇنارلىرىمىزدا ئىلىم - مەرىپەتنىڭ مۇقەددەس ئەزانلىرىنى ياڭراتقىن. ئەگرى يوللاردىكى ھارغىن ئاياقلارنى خىجالەت توزاڭلىرىدىن پاكلىنىشقا مۇيەسسەر قىلغىن .

ئىي ! ئىلاھىم! دەردىمگە داۋا غەمگۇزارىم ! مىسكىن كۆزلەرنى شىرىن چۈشلەر بىلەن چاقناتقۇچى ئىلاھ! بۇرۇختۇم قەلبىمىزگە ئەرشىنىڭ مەيىن شامالىرىنى باشلايدىغان كۈڭگۈرلەرنى ئاچقىن.ھەمدە ئۇنى قورقۇنچ، تىڭرقاش بورانلىرىدىن يىراق قىلغىن.

ئىي! ۋۇجۇدىمىزغا ئىشەنچ ھەم غۇرۇر ئاتا قىلغۇچى ئاللاھ! بىزلەرگە مەنمەنچىلىك نىجاسەتلىرى بىلەن ئۆزىمىزگە بولغان ساغلام ئىشەنچنى ، مەغرۇرلۇق ئىللەتلىرى بىلەن ئىگىلمەس غۇرۇرىمىزنى ئايرىيالايدىغان ھىس ئاتا قىلغىن. ھويلىمىز ئوتتۇرسىغا قوپۇرۇلغان مۇساپە تاملىرىنى چېقىپ تاشلىيالىشىمىز ئۈچۈن بىزگە جۈرئەت، شىجائەت ئاتا قىلغىن .

ئىي ئاللاھ ! ئىي مۇھەببەت سەرچەشمىسى بولغان سۆيۈملۈك ئاللاھ ! نەپرەتنىڭ قىڭىر بارماقلىرىدا ئىلانگۈچ ئۇچقان بەدەنلىرىمىزدىكى مۇئەللەق قەدەملىرىمىزنى ساداقەتنىڭ مۇقەددەس دەرگاھىغا چىڭ دەسسەپ تۇرۇشقا مۇيەسسەر قىلغىن . ئانا رەھىمدە پاك ، مىننەتسىز قانلارنى شۈمۈرگەن قىز ئوغۇللىرىمىزنىڭ قەلبىنى ئانا مېھرى ۋە چىن مۇھەببەت بۇلاقلىرىغا ئايلاندۇرۇپ بەرگىن . مۇھەببەتلەرنى قايناق ھىسلارنىڭ راۋانى بىلەن ئۆركەشلىتىپ ، ھىسسىزلىق سۈكۈتلىرىدە مۇزلاشتىن ساقلىغىن . ھەمدە چىن سۆيگۈ ئۈچۈن ھەممىگە تەييار سوڭەك سىپىللىرىنى بىكارچىلىق ، ھورۇنلۇق قۇرۇتلىرىنىڭ چىرتىۋىتىشىدىن ساقلىغىن .

ئي! قوپال قاتمال تىللارغا پىلدەك يۇمران بايان ئاتا قىلغۇچى ئاللاھ!    باياننىڭ يۇمران ئېتىزلىرىغا يېڭى ئۇقۇم مايسىللىرىنى كۆكلەتكىن . ئي! بارلىق نىدالارنى تىڭشىغۇچى ئاللاھ! بىزنىڭ ساداسىز نىدالىرىمىزنى ئاڭلىغىن ، تارلاشقان زېمىنگە كەڭلىك ئاتا قىلىپ ، بىزنى چەكسىز سامادا ئەركىن پەرۋاز قىلىشقا نىسىپ قىلغىن.

ئۈمىد چاڭقاقلىقىدا يېرىلغان لەۋلەرگە ۋىسال شارابى ، تىرىك كۆمۈلگەن جاسارەت ھەم شىجائەتلەرگە ساما پەرۋازى ئاتا قىلغىن . ھىس ـ تۇيغۇلىرىمىزدىكى پىنھان ئارمانلارنىڭ تىلسىملىرىنى يېشىپ مەيۈسلىكنىڭ نامرات يوللىرىغا يېڭى بەخت فونتانلىرىنى ئورناتقىن .

ئي! بىر لەھزىدە بەخت ياراتقۇچى ئاللاھ! كەلگۈسى لەھزىلەرنى ئۆزگەن لەھزىلەردىن پارلاق قىلغىن. ئۇنى تۇگىمەس ئازاپلارنىڭ قېپىن ئۆتكەللىرىدە پىشقان مەڭگۈلۈك ۋىسال باھارى سۈپىتىدە ئەۋلاتلىرىمىزغا مەنسۇپ قىلغىن .

ئي ئاللاھ!  ئي خەستە بەدەنگە ئاۋاز ، ئاۋازغا بايان ۋە بايانلارغا مۇقەددەس تەپەككۇر ئاتا قىلغۇچى ئاللاھ! تەپەككۇرىمىز پەرۋازىغا مۇقەددەس چۈشلىرىمىز تەبىرىنى مەنزىل قىلىپ بەرگىن . ئامىن ! ئي سوزۇلغان قوللارنى قۇرۇق قايتۇرمايدىغان كەرەملىك ئىلاھىم ئامىن!

# ئاياللار ۋە باراۋەرلىك

تىجارىتىمنىڭ ئالدىراشلىقى، ئىشلىرىمنىڭ كۆپلۈكىگە قارىماي، ئاچا ـ سىڭىللىرىم تۇرلۇك تەلەپلىرى مېنى يەنە بىر قېتىم بۇ ساھەدە ئىزدىنىشكە رىغبەتلەندۈردى.

قارىغاندا " ـ " ئىسلام قىزلىرى " ناملىق ماقالە ئاچا ـ سىڭىللىرىمىزنى باشقىچە ئويغا سالغان بولسا كېرەك، ھەر ھالدا خەت ساندۇقۇم ياخشى ئىنكاس خەتلىرى بىلەن توشۇپ كېتىپتۇ !!!.

***

غەرب مەدەنىيىتى ئاشقلىرى ئۇمىد قىلىۋاتقان ئەر ـ ئايالللار ئارىسىدىكى باراۋەرلىكتىن مەقسەت نېمە؟

غەرب ئاشقلىرى تەلەپ قىلىۋاتقان باراۋەرلىك؛ ئەر ـ ئاياللارنى بىر تۈردىكى ئىجتىمائى ئۆلچەمدە قويۇلۇپ، بىر خىل تېزىق بىلەن ھەرىكەتلىنىپ، ھەر بىرىسى بىر خىل بەلگىلەنگەن مەجبۇرىيەتلەرگە ئاتلىنىپ، پەرقلەنمەيدىغان ھوقۇقنىڭ ئوخشاش مېۋىسىنى كۆزلەيدۇ.

بۇلار، ئەر ـ ئايالار ئارىسىدىكى ئىقتىدار ، ئىمكانىيەت ۋە قابىلىيەت پەرقىنى نەزەردىن ساقىت قىلىدۇ. بۇلارنىڭ ئۇمىد قىلىۋاتقان باراۋەرلىكى جانسىز نەرسىلەر دۇنياسىدا رېئاللىقتا ئاشىدۇ، بىراق ئىنسانىيەت دۇنياسىدا مۇنداق ئۆلچەمدىكى باراۋەرلىك ئەمەللەشمەيدۇ.

ئىنسانىيەت دۇنياسىدا، ئىنسانلار ـ قايسى تۈر بولسۇن ـ مەجبۇرىيەتنى ئۈستىگە ئېلىش ۋە ھوقۇقىغا ئېرىشىش پىرىنسىپى تەرەپتىن باراۋەر بولىدۇ.

ئەر ـ ئايالار ئىقتىدار ، قابىلىيەت ۋە مۇتەخەسسىلىك نۇقتى نەزىرىدىن پەرقلىنىدۇ. باراۋەرلىك ئىنسانلىق نۇقتىسىدىن ، تەتبىقلاش پەرقلىرى ئىقتىدار سەۋەبىدىن بولىدۇ.

مەسىلەن: ئايالار سىياسى ۋەزىپە ئۆتەشكە لاياقەتلىك دەپ قارىساق، ئاياللارنىڭ ھەممىسى بۇ خىزمەتكە يارىمايدۇ، لاياقتى توشقان ئاياللاردىن باشقىسى بۇ خىزمەتنى ئۆتىيەلمەيدۇ. ئەرلەرمۇ شۇنىڭغا ئوخشاش، ئەرلەرنىڭ ھەممىسىمۇ سىياسى خىزمەتلەرگە يارىمايدۇ، يارايدىغان ئەرلەر ئاز پىرسەنتنى ئىگەللەيدۇ.

گۇۋاھلىق بېرىش مەسىلىسىدىمۇ، ئاياللار لاياقەتلىك بولسىمۇ، بەزى گۇۋاھلىق بېرىش مەسىللىرىگە ھەممە ئاياللار يارىمايدۇ. ئەرلەرمۇ شۇنىڭغا ئوخشاش، شەرتلىرى توشقانلاردىن باشقىسى يارىمايدۇ.

دېمەك، ئەرلىك ياكى ئاياللىق تۇرىنىڭ بۇ ئىشلار بىلەن ئالاقىسى يوق. بىردىن بىر ئامىل ئەرلەر ياكى ئاياللار دۇچ كېلىدىغان توسالغۇ ئامىللىرى ۋە ئىللەتلىرى كۆزدە تۇتۇلىدۇ.

توسالغۇ ئىللەتلىرى سالاھىيەتنى چەكلەپ قويىدۇ، بىراق ئەسلى سالاھىيەت ۋە لاياقەت ئەر ـ ئايالدا ئوخشاش تېپىلىدۇ. بۇگۈنكى كۈندە، ئاياللارنىڭ ھوقۇقىنى مۇداپىئە قىلىمىز دېگۈچىلەر، ئىسلام دىنى ئاياللارنىڭ ھوقۇقىنى كەمستكەن، ئاياللارغا تۆۋەن نەزەر بىلەن قارىغان دەپ ئىسلام دىنىنى ئەيىپلىماقتا.

بۇ تۈردىكى ئىنسانلار ، ئەر ۋە ئاياللار دۇچ كېلىدىغان خىلمۇ ـ خىل ئامىل ۋە ئىللەتلەرنى بىلمىسە كېرەك. سالاھىيەت بىلەن ئىللەت ( سەۋەب) لەرنى پەرق ئەتەلمەي ئارلاشتۇرۇپ ھۆكۈم چىقارماقتا.

بۇلارنىڭ پەلسەپىسى بويىچە ھۆكۈم چىقىرىلغاندا، ئىسلام دىنى ئەرلەرنىڭمۇ ھوقۇقىنى كەمستىپ، ئەرلەرگە تۆۋەن نەزەر بىلەن قارايدۇ، دېسەك بولىدۇ.

غەرب مەدەنىيىتىنىڭ مەستانىللىرى چاقىرۋاتقان مۇتلەق باراۋەرلىكنى، باشقا جەمىيەتلەردە ۋە خىلمۇ ـ خىل سەۋىيەدىكى خەلقلەرگە تەتبىقلىغىلى بولمايدۇ. ئەگەر بۇنداق مۇتلەق باراۋەرلىك رېئاللىقتا ئايلىنىدىغان بولسا، جەمىيەت پارچىلىنىپ، خەلق ئاممىسى ئارىسىدىكى ھەمكارلىق كۆۋرۈكلىرى يوقۇلىدۇ.

بۇ يەردە شۇنى تەكتلەپ ئۆتىمەنكى، ئاللاھ تائالا ئىنسانىي ئىنسانلىق سالاھىيتى، ئورتاق قابىلىيەت ۋە ئىقتىدار ئاساسىدا بەھرىمەن قىلغان باراۋەرلىك، ئەر ـ ئاياللار ئارسىدا ئوخشاش مەۋجۇت بولغان مۇقەررەر مەسىلە.

بەزى كىشلەر، ئىسلام دىنى ـ ئاياللارغا قارىغاندا ـ ئەرلەرگە يولنى كەڭرى ئېچىپ بېرىپ، ئاياللارنىڭ يولىنى تارايتىپ، ئەرلەرنى ئاياللاردىن كۆپلىگەن ھوقۇقلاردا ئالاھىدە قىلغان ۋە ئىمتىياز ئاتا قىلغان دەپ خاتا گۇمان قىلىدۇ.

شۇنىڭ ئۈچۈن جىدەل بولۇۋاتقان ۋە غەرب ئەللىرى ئىسلامغا تۆھمەت قىلىۋاتقان بىر قانچە مەسىللەر ئۈستىدە تەپسىلى توختۇلىمەن.

مەسىلىگە كىرىشتىن ئىلگىرى بىر نۇقتىنى قىستۇرۇپ ئۆتىمەن:

قۇرئاندىكى كۆپ ئايەتلەر ئەرلىك سىغىسى بىلەن كەلگەن؟ ئاياللار نامى بىلەن ياكى ئاياللار ئەرلەر بىلەن ئورتاق بايان قىلىنغان ئايەتلەر ئازغۇ؟ دېيىشكىز مۇمكىن!.

توغرا، كۆپ ئورۇنلاردا بۇيرۇق ئەرلىك سىغىسى بىلەن كەلدى، بىراق ئەرەپ تىلىدا :" تەغلىب" دەيدىغان گىراماتىكا قائىدىسى بار. يەنى ئەرلىك سىغىسى بىلەن كەلگەن ئايەتلەر ئاياللارغىمۇ ئوخشاش ھۆكۈمدە ماڭىدۇ دېگەنلىك بولىدۇ.

شۇنىڭ ئۈچۈن قۇرئاندا " ئەي! ئەرلەر" دېگەن تەلەپپۇزدا پەرمان كەلگەن ئەمەس. قۇرئاندا كۆپ ئىستىمال قىلىندىغان سىغا" ئى مۆمىنلەر"، " ئى! ئىنسانلار" دېگەن سىغىدۇر.

ئەرلەر ئاياللارنى باشقۇرامدۇ ياكى ھۆكۈمرانلىق قىلامدۇ؟

ئاللاھ قۇرئاندا مۇنداق دەيدۇ: { ئەرلەر ئاياللارنىڭ ھامىيلىرىدۇر، بۇ الله نىڭ ئۇلارنىڭ بەزىسىنى بەزىسىدىن(يەنى ئەرلەرنى كۈچ ـ قۇۋۋەت، غازاتقا چىقىش قاتارلىق جەھەتلەردە ئاياللاردىن)ئارتۇق قىلغانلىقىدىندۇر ۋە ئەرلەرنىڭ ئۆز پۇل ـ ماللىرىنى سەرپ قىلغانلىقىدىندۇر (يەنى ئاياللارنىڭ نەپىقىسى ئەرلەرنىڭ زىممىسىگە يۈكلەنگەنلىكىدىندۇر) } نىسا سۈرىسى 33 ـ ئايەت.

بەزى كىشلەر: ئاللاھ تائالا بۇ ھامىلىق ۋە باشقۇرۇش ئىمتىيازى بىلەن ئەرلەرگە ئالاھىدە ھوقۇق بەرگەن. بۇ ئارقىلىق ئاياللارنى بويسۇندۇرۇپ، ئاياللارنىڭ ھەققى ـ ھوقۇقىنى كەمستكەن دەپ قارايدۇ. شۇنداقلا بۇ ئايەت، ئىسلامدىكى ئەر ـ ئاياللار ئارسىدىكى باراۋەرلىكنىڭ يوقلۇشىنىڭ ئوچۇق ئىسپاتى دەپ خىيال قىلىشىدۇ.

ئەمەلىيەتتە مەسىلە بۇلار خىيال قىلىۋاتقاندەك ئەمەس.

شۇنىڭ ئۈچۈن مەن بۇ مەسىلىنى بىر قانچە نۇقتا ئاساسىدا ئىزاھلايمەن:

بىرىنچى:

" باشقۇرۇش"، " ھامىلىق"، " ھالىدىن خەۋەر ئېلىش" دېگەن سۆزدىن مەقسەت، ئىدارە قىلىش كۆزدە تۇتۇلىدۇ. ئەلۋەتتە بىرەر ئورگانغا مەسئۇل بولغان كىشى ئىدارە ياكى ئورگاننىڭ ئىشلىرىغا رەھبەرلىك قىلىپ كۆزەتچىلىك قىلىدۇ.

سىزنىڭچە، " باشقۇرۇش، مەسئۇل بولۇش" ئاساسى قايسى ئورۇندا بولسۇن؟!، ئەرلەرنىڭ مەسئۇل بولغىنى، ئەرلەرنىڭ ئاللاھنىڭ نەزىرىدە يۇقىرى ئورۇنغا ئىگە بولغانلىقىدىن بولغانمىدۇ؟

ئىش ، ئۇنداق ئەمەس.

ئىسلام دىنى ھەر قانداق شارائىتتا، جەمىيەت تۈزۈمىگە ئالاھىدە كۆڭۈل بۆلىدۇ. جەمىيەتتىكى تۈزۈم مەسئۇلىيەتچانلىق تۇيغۇسى بولمىسا رويابقا چىقمايدۇ.

ئەمەلى مەسئۇلىيەتچانلىق، ئىدارە مەسئۇلىيتىنى ئۈستىگە ئالىدىغان مەسئۇل ئارقىلىق ئەمەلگە ئاشىدۇ. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دەيدۇ: " سىلەردىن ئۈچ كىشى سەپەر قىلماقچى بولسا، بىرسىنى ئۆزىگە مەسئۇل سايلىۋالسۇن" دەيدۇ. ( ئەبۇداۋۇد رىۋايىتى).

جەمىيەت ئائىلىدىن تەركىپ تاپىدۇ. شۇنى بىلشىمىز كېرەككى، مەسئۇلىيەتچانلىق روھى ئىجتىمائى نىزامنىڭ ئاساسى، ئائىلىدە بولۇشقا تېگىشلىك تۈزۈمنىڭ دەل ئۆزىدۇر.

قاراڭلار، ئىسلام دىنى ئۈچ كىشى سەپەر قىلماقچى بولسا، بىرسىنى مەسئۇل سايلىۋېلىشقا ھىرىسمەن بولغان يەردە، ئائىلىنىڭ ئىشلىرىنى ئىدارە قىلىدىغان ۋە ئائىلىدىن خەۋەر ئالىدىغان مەسئۇلنىڭ بولۇشىغا ئەلۋەتتە ئارتۇق كۆڭۈل بۆلۈشىدە شەك يوق.

رەسۇلۇللاھنىڭ يۇقىرقى ھەدىسىدىكى سۆزىگە دىققەت نەزىرىڭىز بىلەن قارىسىڭىز: " بىرسىنى مەسئۇل قىلىۋالسۇن" دېگەنلىكىنى كۆرىسىز. رەسۇلۇللاھ ھەدىستە، مەسئۇل بولغۇچى ئاللاھنىڭ نەزىرىدىكى ئەۋزەل كىشى بولۇشى لازىم دىمىدى. كىم بولسۇن، بىرسى مەسئۇل بولۇشى كېرەك دېگەن.

مۇھىمى مەسئۇلىيەتنى ئۈستىگە ئالالايدىغان، سەپەر ئۈستىدە ئامىمنىڭ ئىشلىرىنى ئىدارە قىلالايدىغان، ئۇلارنىڭ مەنپەئەتنى چىقىش ئاساسى قىلىدىغان كىشىنىڭ بولۇشى مۇھىم.

ئۇنداقتا، ئىسلام تۈزۈمىدىكى ئائىلىگە مەسئۇل بولۇش؛ كۆڭۈل بۆلۈش، ئائىلىنىڭ ھالىدىن خەۋەر ئېلىش ۋە ياخشى ئىدارە قىلىش مەسئۇلىيتىدۇر.

بۇ مەسئۇلىيەت؛ ھۆكۈمرانلىق قىلىش، بوزەك قىلىش ۋە دىكتاتۇرلۇق باشقۇرۇشى ئەمەس.

ئائىلىگە مەسئۇل بولغانلىق مەسئۇل بولغۇچىنىڭ ئاللاھنىڭ نەزىرىدە ئەۋزەللىكىنى كۆرسەتمەيدۇ. بەلكى ئائىلە مەسئۇلىيەتلىرىنى ئۆتەشكە قابىلىيتىنىڭ بارلىقىنى كۆرسىتىدۇ، خالاس.

قۇرئان كەرىم بۇ مەسئۇلىيەتنى سالاھىيتى بار ئىقتىدارلىق ئەرلەرگە باغلىدى، پەقەت ئەر بولغانلىقى ئۈچۈن ئائىلىگە مەسئۇل بولىدۇ دىمىدى. چۈنكى ئەرلەرنىڭ ھەممىسى ئائىلىنىڭ مەسئۇللۇق خىزمىتىنى قىلالمايدۇ. مەسئۇللۇق سالاھىيتى كۆپىنچە ئەرلەردە تېپىلغانلىقى ئۈچۈن، باشقۇرۇش ئەرلەرگە تاپشۇرۇلدى.

ئەگەر بىر ئادەمدە مۇنداق قابىلىيەت تېپىلمىسا، ئۇ چاغدا مەسئۇللۇق دەرۋازىسى ئايالنىڭ ـ ئائىلىنى ئىدارە قىلىشتا ئەردىن كۆپرەك سالاھىيتى بولسا ـ ئالدىدا ئوچۇق بولىدۇ.

رەسۇلۇللاھ : " ئاياللارغا ياخشىلىق قىلىڭلار، ئۇلار سىلەرنىڭ ياردەمچىڭلار" دېگەن.

بۈگۈنكى مەدەنىيەت چېكىنىش دەۋرىدە ئايال كىشى ئەرنىڭ ئالدىدا ئەسىرگە ئوخشاپ قالدى، ئائىلىنى يېتەكلەش ۋە باشقۇرۇش ئاياللارنى بوزەك قىلىشنىڭ بىر خىل تۈرى بولۇپ قالدى.

ئىبنى قەييۇم ئۆز دەۋرىنى مۇنداق تەسۋىرلىگەن: " ئەر ئايالىنى بوزەك قىلىپ، ھاكىم بولماقتا، ئايال كىشى ئەرنىڭ ھۆكۈمرانلىقى ئاستىدا ئەسىرگە ئوخشاپ قالدى" ( ئىلام مۇقىئىن ناملىق كىتاۋىغا قاراڭ).

ئىمام مۇھەممەد ئەبدۇ بۇ ئايەت ھەققىدە توختۇلۇپ مۇنداق دەيدۇ: { ئاياللىرى ئۈستىدە ئەرلەرنىڭ ھەقلىرى بولغىنىدەك، ئەرلىرى ئۈستىدە ئاياللارنىڭمۇ ھەقلىرى بار.(ئاياللارغا مەھرى بېرىش ۋە ئۇلارنىڭ تۇرمۇشىنى قامداش مەجبۇرىيەتلىرى ئەرلەرگە يۈكلەنگەنلىكتىن ) ئەرلەر ئاياللاردىن بىر دەرىجە ئارتۇقلۇققا ئىگە }بەقەر سۈرىسى **228** ـ ئايەت.

"بۇ ئايەت ناھايىتى بۈيۈك مەزمۇنلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ، بۇ مەنالارنى ئىزاھلاش ئۈچۈن چوڭ بىر كىتاپ يېزىش كېرەك. بۇ ئايەت ئومۇمى قائىدىنىڭ ئورنىدا تۇرىدۇ. بۇ ئايەتنىڭ مەزمۇنى؛ ئائىلەر بىلەن بىر ھاللەتتىن باشقا بارلىق ئەھۋاللاردا ئوخشاش ھوقۇقىقا ئىگە دېگەن بولىدۇ.

بۇ ئايەت ئەرنىڭ ھەر قانداق ئەھۋالدا ئايالىغا قانداق مۇئامىلە قىلىش لازىملىقى توغرىسىدا مىزان (ئۆلچەم ) بولالايدۇ. . ئەگەر ئەر ئايالدىن بىر نەرسە تەلەپ قىلىپ قالسا، ئايالىغا شۇنىڭ بەدىلىدە ئوخشاش بىر نەرسە بېرىشى كېرەك. شۇنىڭ ئۈچۈن ، قۇرئان تەرجىمانى ئىبنى ئابباس مۇنداق دەيدۇ: " ئايالىم ماڭا ياسانغاندەك، مەنمۇ ئايالىمغا ياسىنىمەن"

ئايەتتىكى ئوخشاش ھوقۇق دېگەنلىك، ئوخشاش نەرسىنى مەقسەت قىلمايدۇ، بەلكى، ئەر ـ ئايال ئارىسىدا ھوقۇقىنىڭ ئالمىشىپ تۇرۇشى مەقسەت قىلىنىدۇ. ئەر ـ ئايال ھەر ئىككىيلەن ئۆز مەنپەئەتىدە ئويلىنىدىغان ئاقىلانە ئىنسان، ھەر بىرسىنىڭ ئۆزىگە مۇناسىپ نەرسىنى ياخشى كۆرىدىغان ۋە مۇناسىپ بولمىغان نەرسىنى ياقتۇرمايدىغان كۆڭلى بولىدۇ.

ئۇنداقتا ئەر ـ ئايالنىڭ بىرىسى يەنە بىرسىنى كونترول قىلىۋېلىشى ۋە ئۇنى ئۆز مەنپەئەتى ئۈچۈنلا ئىشقا سېلىشى ئادىللىق بولمايدۇ.

ئىسلام دىنى ئايالالارغا ئاتا قىلغان بۇ يۇقىرى دەرجىنى قايسى بىر دىن ياكى قايسى بىر مىللەت ئىسلامدىن ئىلگىرى ياكى كېيىن بېرەلىگەن ئەمەس.

ئايال كىشى بىلەن ئەر بىر ـ بىرىگە نىسبەتەن بىر بەدەننىڭ ئەزالىرىغا ئوخشايدۇ، ئەر باشنىڭ، ئايال كىشى بەدەننىڭ ئورنىدا".( مۇھەممەد ئەبدۇنىڭ تولۇق ئىش ئىزلىرى، دوكتۇر مۇھەممەد ئەممارە).

ئەر ـ ئايالىق ئالاقىسىنى قۇرئان كەرىمنىڭ قانداق تەسۋىرلىگەنلىكىگە قاراپ بېقىڭ: { ئۇلار سىلەر ئۈچۈن كىيىمدۇر(يەنى ئۇلار سىلەرگە ئارىلىشىپ ياشايدۇ ۋە كىيىم بەدەنگە يېپىشقاندەك يېپىشىدۇ)، سىلەرمۇ ئۇلار ئۈچۈن كىيىمسىلەر(يەنى سىلەرمۇ ئۇلارغا ئارىلىشىپ ياشايسىلەر ۋە كىيىم بەدەنگە يېپىشقاندەك يېپىشىسىلەر) } بەقەرە سۈرىسى 187 ـ ئايەت.

يەنە :{ ئايالار بىلەن ئۈنسى ـ ئۈلپەت ئېلىشىڭلار ئۈچۈن(الله نىڭ) ئۇلارنى سىلەرنىڭ ئۆز تىپىڭلاردىن ياراتقانلىقى، ئاراڭلاردا(يەنى ئەر ـ خوتۇن ئارىسىدا) مېھر ـ مۇھەببەت ئورناتقانلىقى الله نىڭ (كامالى قۇدرىتىنى كۆرسىتىدىغان) ئالامەتلىرىدىندۇر، پىكىر يۈرگۈزىدىغان قەۋم ئۈچۈن،شەك ـ شۈبھىسىزكى، بۇنىڭدا نۇرغۇن ئىبرەتلەر بار } رۇم سۈرىسى 21 ـ ئايەت.

ئەر ـ ئايالىق ھاياتىنىڭ بەختلىك بولۇشى ئۈچ ئاساسقا تايىنىدۇ: ئۈنسى ئۈلپەت، مېھر ـ مۇھەببەت ۋە رەھمەت( يەنى كۆيۈنۈش) تۇر.

ئىسلام دىنى ئائىلە كىمسىنى يېتەكلەش ۋە باشقۇرۇش ۋەزىپىسىنى يالغۇز ئەرگىلا تاپشۇرۇپ، ئايالالارنى مەھرۇم قويمىدى، ئايال كىشىگىمۇ ـ ئەرلەردىن ياخشىراق باشقۇرىدىغان جايلاردا ـ باشقۇرۇش ۋە يېتەكلەش مەيدانىنى يارىتىپ بەردى.

رەسۇلۇللاھ مۇنداق دەيدۇ: " ھەممىڭلار مەسئۇل، ھەر بىرىڭلار مەسئۇل بولغان نەرسىلەردىن جاۋابكارلىققا تارتىلىسىلەر، ھاكىم پۇخرالىرىغا مەسئۇل، ئۇ پۇخرالار ھەققىدە جاۋابكار؛ ئەر ئائىلىسىگە مەسئۇل، ئائىلىسىدىن جاۋابكار؛ ئايال كىشى ئائىلىسى ۋە باللىرىدىن مەسئۇل، ئۇلاردىن جاۋابكار؛ بىلىپ قويۇڭلار ھەممىڭلار مەسئۇل، مەسئۇل بولغان نەرسەڭلاردىن جاۋابكارلىققا تارتىلىسىلەر" بۇخارى رىۋايىتى.

ئائىلىگە مەسئۇل بولغانلىق ئېغىر يۈك، بۇ يۈكنى ئەر ـ ئايال ھەمكارلىق ئىچىدە ئورتاق ئادا قىلىدۇ. مەسئۇلىيەتنىڭ ئېغىرلىقىنى بۇ ئايەتتىن كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ: { ئى مۆمىنلەر! ئۆزەڭلارنى ۋە بالا ـ چاقاڭلارنى ئىنسان ۋە تاشلار يېقىلغۇ بولىدىغان، رەھىم قىلمايدىغان قاتتىق قول پەرىشتىلەر مۇئەككەل بولغان دوزاختىن ساقلاڭلار، ئۇ پەرىشتىلەر اللەنىڭ بۇيرۇقىدىن چىقمايدۇ، نېمىگە بۇيرۇلسا شۇنى ئىجرا قىلىدۇ} سۈرە تەھرىم 66 ـ ئايەت.

ئەرنىڭ ئائىلىدىن مەسئۇل بولۇشى ئەرنىڭ شەرىپىنىڭ يۇقىرىلىقىنى كۆرسەتمەيدۇ، ئەر بۇ ۋەزىپىنى ئادىل ۋە توغرا ئورۇندىيالمىسا دۇنيا ۋە ئاخىرەتتە زىيان تارتىدۇ.

ئەرمۇ مەسئۇل ، ئايالمۇ مەسئۇل، ئائىلىنى دوزاخ ئازابىدىن ساقلاپ، بەختلىك جەننەت ھاياتىغا  ئورتاق كۈچ چىقىرىلمىسا،  ئەر ياكى ئايال بۇ مەسئۇلىيەتتىن  يالغۇز چىقالمايدۇ.

مەسلەن؛ قارار چىقىرىش مەيدانلىرىدا مەسلىھەت بىلەن ئىش قىلىش مۆمىن ئەرلەر ۋە مۆمىن خانىملارنىڭ ئالاھىدە سۈپەتلىرى. ئائىلە بولسا كېڭەش ۋە مەسلىھەت قىلىدىغان مەيداننىڭ ئاساسى ھېساپلىنىدۇ. ئائىلىدە مەسلىھەت بىلەن ئىش قىلىش رازىلىق ۋە ئائىلىنىڭ ئىناقلىقىنىڭ بەلگىسىدۇر.

ئاللاھ مۇنداق دەيدۇ: { ئەگەر ئاتا ئانا كېڭىشىپ (بالىنى ئىككى يىل توشماستىنلا) ئايرىۋەتمەكچى بولسا ئۇلارغا ھېچ بىر گۇناھ بولمايدۇ } بەقەرە سۈرىسى 233 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

ئايەتتىكى مەسئۇلىياتچانلىق ئەرلەرگە مەجبۇرىيەت يۈكلەيدۇ، شۇنداقلا ئاياللارغىمۇ مەسئۇلىيەت يۈكلەيدۇ.

رەسۇلۇللاھ پەيغەمبەر بولۇشىغا قارىماي ئائىلىنىڭ ئىشلىرىغا ھەمكارلىشىدىغان ئىدى. ھەزرىتى ئائىشە مۇنداق دەيدۇ: " رەسۇلۇللاھ بەزىدە  كىيىمنى ئۆزى يۇيۇپ، ساغلىقنى سېغىشىپ بېرەتتى" دەيدۇ.( ئىمام ئەھمەد رىۋايەت قىلغان).

بىزدىكى بۇ رەسۇلۇللاھنىڭ سۈپەتلىرى قېنى،  ئايالىغا ھەمكارلىشىپ بەرگەنلىك ئەرلىككە تەسىر كۆرسەتمەيدۇ.

****

ئەرلەر تەبىئىتى ـ نىرۋىسىنىڭ كۈچلۈكلى، ئىرادىسىنىڭ چىڭلىقى بىلەن ـ مەسئۇلىيەتنى كۆتۈرۈپ كىتەلەيدۇ. ئاياللار بولسا مېھرىبانلىقى، كۆيۈمچانلىقى ۋە ھېسسىياتچانلىقى سەۋەبىدىن مەسئۇلىيەتنى ئۈستىگە ئالالماسلىقى مۇمكىن. چۈنكى ئايال كىشى مەسئۇل بولۇپ قالسا نۇرغۇن قىيىنچىلىقلارغا دۇچ كىلىدۇ، بۇ قىيىنچىلىقلار ئالدىدا ئەرلەردەك بەرداشلىق بېرەلمەيدۇ.

ئاللاھ ئىنسانلارنى ئىقتىدار ، كۈچ ـ قۇۋۋەت ۋە قابىلىيەت جەھەتتە بىر بىرىگە ئوخشاشمايدىغان قىلىپ ياراتقان. ئىنسان تەبىئىتى بىلەن ئاجىزلىققا تەبىئىلىشىپ كەتكەن. لېكىن  ئاجىزلىق ئىنسان تۈرلىرىدە خىلمۇ ـ خىل بولىدۇ. ئەرلەر ئومۇمى قىلىپ ئېيتقاندا،   ئاياللار تەبىئىتىدىكى ھاياچانلىق، قورقۇش ۋە ۋىجدان قىززىقلىقىغا ئوخشاش ئاجىزلىق سەۋەبلىرىدىن خالى بولۇپ، ئىرادىسى كۈچلۈك بولىدۇ.

ئىككىنچى:

ئەگەر ئىش يۇقىرىدا بايان قىلىنغاندەك بولسا، نېمە ئۈچۈن ئىسلام دىنى ئائىلە ئىشلىرىنى ئىدارە قىلىشنى ئەرلەرگە تۇتقۇزدى؟  بۇ ئىشنى ئائىلە ئەزالىرىنىڭ تاللاش ئىختىيارىغا قويغان بولسا ياخشى ئەمەسمىدى؟

ئۇنىڭدىن سىرىت : "{ الله نىڭ ئۇلارنىڭ بەزىسىنى بەزىسىدىن ئارتۇق قىلغانلىقىدىن...} دېگەن ئايەت كەرىم ئارقىلىق بۇ تاللاشنى ئاقلىدى. بۇ ئايەت ـ ئىللەت ۋە توسالغۇلارغا قارىماستىن ـ ئەرلەر ئاياللاردىن پەزىلەت جەھەتتە ئارتۇق دېگەن ئۇقۇمنى بېرىپ قويىدۇ؟ دېيىشىڭىز مۇمكىن!.

جاۋاب: ئەرلەر ئەر بولغانلىقى ئۈچۈن ئاياللاردىن ئارتۇق ئەۋزەللىككە ئىگە دەپ قاراش، قۇرئان كەرىمدىكى كۆپلىگەن ئايەتلەرگە ئوچۇق زىت كېلىدۇ.

ئاللاھ قۇرئاندا ؛ ئەرلەر ۋە ئاياللار ئاللاھنىڭ يېقىنلىششىش مىزانىدا ئوخشاش باراۋەر، ئۇلار پەقەت ياخشى ئەمەللىرى بىلەن پەرق ئېتىدۇ دەپ تەكىتلىمەكتە.

ئاللاھ مۇنداق دەيدۇ: { ئۇلارنىڭ دۇئاسىنى پەرۋەردىگارى ئىجابەت قىلدى:« مەن سىلەردىن ئەر بولسۇن،ئايال بولسۇن، ھەرقانداق بىر ياخشى ئىش قىلغۇچىنىڭ قىلغان ئەمەلىنى بىكار قىلىۋەتمەيمەن } ئالى ئىمران سۈرىسى 195 ـ ئايەت.

يەنە مۇنداق دەيدۇ: { ئەر ـ ئايال مۆمىنلەردىن كىمكى ياخشى ئەمەل قىلىدىكەن، بىز ئۇنى ئەلۋەتتە (دۇنيادا قانائەتچانلىق، ھالال رىزىق ۋە ياخشى ئەمەللەرگە مۇۋەپپەق قىلىپ) ئوبدان ياشىتىمىز، ئۇلارغا، ئەلۋەتتە، قىلغان ئەمەلىدىنمۇ ياخشىراق ساۋاب بېرىمىز } نەھل سۈرىسى 97 ـ ئايەت.

يەنە: { ئەر ـ ئاياللاردىن مۆمىن بولۇپ تۇرۇپ ياخشى ئىشلارنى قىلغانلار جەننەتكە داخىل بولىدۇ، ئۇلارغا قىلچە زۇلۇم قىلىنمايدۇ (يەنى ئۇلارنىڭ قىلغان ئەمەللىرىنىڭ ساۋابى قىلچە كېمەيتىۋېتىلمەيدۇ) } نىسا سۈرىسى 123 ـ ئايەت.

قۇرئان كەرىم بۇ ھەقىقەتنى تېخىمۇ تەكىتلەپ مۇنداق دەيدۇ: { ئى ئىنسانلار! سىلەرنى بىز ھەقىقەتەن بىر ئەر، بىر ئايالدىن، (ئادەم بىلەن ھەۋۋادىن ئىبارەت )بىر ئاتا بىر ئانىدىن ياراتتۇق ئۆز ئارا تونۇشۇشۇڭلار ئۈچۈن سىلەرنى نۇرغۇن مىللەت ۋە ئۇرۇق قىلدۇق، ھەقىقەتەن ئەڭ تەقۋادار بولغانلىرىڭلار اللەنىڭ دەرگاھىدا ئەڭ ھۆرمەتلىك ھېساپلىنىسىلەر (يەنى كىشىلەرنىڭ بىر ـ بىرىدىن ئارتۇق بولۇشى نەسەب بىلەن ئەمەس، تەقۋادارلىق بىلەن بولىدۇ)، الله ھەقىقەتەن ھەممىنى بىلگۈچىدۇر، ھەممىدىن خەۋەرداردۇر } ھوجۇرات سۈرىسى 13 ـ ئايەت.

ئاللاھنىڭ قارارى ، ئاللاھنىڭ يېقىلىششىش مىزانىدا ئەر ـ ئاياللار، مىللەتلەر، قەبىلىلەر ئارىسىدىكى پەرقلەرنى نەزەردىن ساقىت قىلىۋەتتى.

يۇقىرقى ئايەتلەرنىڭ قارارلىرىدىن كېيىن : { الله نىڭ ئۇلارنىڭ بەزىسىنى بەزىسىدىن ئارتۇق قىلغانلىقىدىن. . .} مۇشۇ ئايەت ئارقىلىق ئەرلەر ئەر بولغانلىقى ئۈچۈن ئاياللاردىن پەزىلەت جەھەتتە ئارتۇق دەپ ئىزاھلاش مۇمكىن بولامدۇ؟

ئۇنداقتا ئاللاھنىڭ :{ الله نىڭ ئۇلارنىڭ بەزىسىنى بەزىسىدىن ئارتۇق قىلغانلىقىدىن. . .) دېگەن سۆزنىڭ مەنىسى نېمە؟

يىغىنچاقلاپ بىر ئېغىز سۆز بىلەن ئىپادىلىسەك، ئۇنىڭ مەنىسى: " ئۆتەشكە تېگىشلىك مەجبۇرىيەت بىلەن بىرگە مەنپەئەت ۋە پايدا يەتكۈزۈش مۇناسىپلىقىنىڭ ئەۋزەللىكى " دېگەن بولىدۇ.

مەن دەيمەنكى، ئائىلىنىڭ ئىشلىرىنى ئۈستىگە ئېلىش، ئائىلىنى خەتەرلەردىن ھىمايە قىلىش، ئائىلىنىڭ تۇرمۇشىنى ياخشىلاش ۋە بەختلىك تۇرمۇش سەۋەپلىرىنى تولۇقلاپ بېرىش ئىجتىمائى خىزمەتلەرنىڭ مۇھىمراقى ھېساپلىنىدۇ. بۇ ۋەزىپە بالا ئېمىتىش، بالىلارنى چوڭ قىلىش ۋە ئەر ـ ئاياللىق بەخت ئاملىرىنى تولۇقلاپ بېرىش مەجبۇرىيىتىدىن ئەھمىيىتى تۆۋەن ئورۇندا تۇرمايدۇ.

بىرىنچى ۋەزىپىنى ھەر قانداق شارائىت ۋە ھەر قانداق ئەھۋالدا ئەر ـ ئايالنىڭ قايسى ياخشىراق ئورۇندىيالايدۇ دەپ قارايسىز؟

ھەممەيلەن بىلىمىز، يىگىت ئائىلە قۇرۇش، ئائىلىنىڭ چىقىملىرىنى كۆتۈرۈشنى ئۈستىگە ئالىدۇ. ئەرلەر ئاياللارنى ھىمايە قىلىدۇ دېگەن شەرئىيتىنىڭ كۆز قارىشى قارار ۋە ھۆكۈم بولۇشتىن ئىلگىرى ئەمەلى رېئاللىقتىن باشقا نەرسە ئەمەس.

ئەگەر سىز، نېمە ئۈچۈن بۇ رېئاللىقنى ئۆزگەرتىپ باقمايمىز دېيىشكىز مۇمكىن؟

مەن دەيمەنكى، بۇ رېئاللىقنىڭ بىرىنچى قىسمى مېنىڭ ياكى سىزنىڭ قولۇڭىزدا ئەمەس. ئۇ ئىش ئەرلەرنى ئەرلىك سۈپەتلىرى بىلەن، ئاياللارنى ئاياللىق سۈپەتلىرى بىلەن ياراتقان زاتنىڭ قولىدا. بۇ ئىشتا ئاقىل ئىنسان ـ قايسى ئېقىمدا بولسۇن ـ ئاللاھنىڭ ئىنساننى ھەيران قالدۇرىدىغان ھىكمىتىنى ھېس قىلالايدۇ.

بۇ رېئاللىقنىڭ ئىككىنچى قىسمى بولغان، ئەرنىڭ ئائىلە قۇرۇش ۋە ئائىلىنىڭ مەسئۇلىيەتلىرىنى ئۈستىگە ئېلىش نۇقتىسىغا كەلسەك، بۇ ئىشنىڭ ئاساسى ئاللاھ يولغا قويغان كېپىللىكتۇر. بۇ كېپىللىك ئاياللارنىڭ ئاياللىقنى قوغدايدۇ ۋە ھۆرمەت كارامىتىنى ھىمايە قىلىدۇ.

ئەگەر ئايال كىشى ئەرگە تويلۇق بېرىشكە ھەرىكەت قىلسا ياكى بىرقىسمىنى بولسىمۇ بېرىشكە ئۇرۇنسا، بۇ چاغدا ئايال كىشى سۆز ئاچقۇچى بولىدۇ. ئايال كىشىنىڭ ئەرگە سۆز ئېچىشى ئايال كىشىگە نىسبەتەن ئاھانەت ۋە ھۆرمىتىنى يەرگە ئۇرغانلىق بولىدۇ.

ئەگەر ئايال كىشى ئەر ـ ئاياللىق ھاياتىدا ـ غەرب جەمىيتىگە ئوخشاش ـ ئۆزىنىڭ چىقىملىرىغا ئۆزى مەسئۇل بولسا، ئۇ چاغدا بۇ ئايال مۇناسىپ خىزمەت تاللاش پۇرسىتىگە ئىگە بولماستىن، رىزىق يولىدا قانداق ئىش بولسا ئۆزىنى ئاتىدۇ. ئايال كىشىنىڭ مۇنداق قىلغانلىقى ئاياللىق خىسلىتىنى كۆمۈپ تاشلاشقا ئېلىپ بارىدۇ ۋە مېھرىبان يىمشاق تۇيغۇللىرىنى قىش پەسلىنىڭ بورانلىرى ئاستىدا قۇرۇق ياغاچقا ئايلىنىپ قالغان كۆركەم شاخقا ئوخشىتىپ قويىدۇ.

بۇنداق دىسەم، ياخشى خىزمەت تاپقىلى بولىدىغۇ دېيىشكىز مۇمكىن، ئاياللىق تەبىئىتىگە مۇناسىپ كېلىدىغان ياخشى خىزمەتكە يولۇقىدىغانلار ئاز پىرسەنتنى ئىگەللەيدۇ. كۆپ ساندىكى ئاياللار بولسا جاپالىق ئەمگەكتىن باشقا خىزمەت تاپالماسلىقى كۆرۈنۈپ تۇرغانلا گەپ. تەلىيى ئوڭدىن كېلىپ قالغان بىر قانچە ئايالنى دەپ كۆپ ساندىكى ئاياللارنى قۇربان قىلىۋېتىش ئەھمىيەتسىز بىر ئىشتۇر.

" ئاياللارنىڭ ئىسلامدىكى ئورنى" دېگەن ماقالىدىكى گېرمانىيەلىك يازغۇچى خانىمنىڭ سۆزىگە قاراڭ!.

مۇشۇ سەۋەپلەردىن ئىسلام دىنى ئاياللارنى خىزمەت قىلىش مەسئۇلىيتىدىن ئازات قىلدى. لېكىن خىزمەت قىلىشتىن چەكلىمىدى. يۇقىردا بايان قىلغىنىمىزدەك ئائىلىگە كۆڭۈل بۆلۈش مەجبۇرىيتىنى ئالدىنقى ئورۇنغا قويغان ئاساستا، قايسى ئىشلار مۇھىم بولسا شۇنى بۇرۇن قىلىش قائىدىسىگە ئاساسەن ئاياللىق تەبىئىتىگە مۇناسىپ كېلىدىغان خىزمەت بولسا خىزمەت قىلسا بولىدۇ.

مانا مۇشۇنداق ئاللاھنىڭ:{ ئەرلەر ئاياللارنىڭ ھامىيلىرىدۇر . . .} دېگەن سۆزى ـ پەرز ھۆكۈمنى قارار قىلىشتىن ئىلگىرى ـ ئۆزىنى تاڭىدىغان رېئاللىقتىن خەۋەر بەرگەنلىكتۇر.

*** غەرب جەمىيتىدە بولسا ئاياللار رىزىق يولىدا جاپالىق خىزمەت قىلىدۇ، خىزمەت ۋە جاپالىق ئەمگەك ئاياللارنى قۇل ئورنىغا چۈشۈرۈپ قويىدۇ. شۇنچىۋېلا كۈچاپ كۆپ بەدەل تۆلەپمۇ، ئەرنىڭ ھېسداشلىق قىلىشى ۋە كۆڭۈل بۆلۈشىدە تۇرغانچىلىق بىر نەرسىگە ئىگە بولالمايدۇ.

قولغا كەلتۈرگەن نەتىجە، ئائىلە قۇرۇلۇشىنىڭ ئەر ۋە ئايالنىڭ رىزىق يولىدا رىقابەت بىلەن خىزمەت قىلىشى قايىنىمىدا پارچىلىنىشىدىن ئىبارەت. شۇنداقتىمۇ يەنە ئەر ئائىلىگە ئىگە بولىدۇ ۋە باشقۇرىدۇ.

ئەرنىڭ ئائىلىگە ھامى بولۇشى ۋە ئائىلە مەسئۇلىيەتلىرى ئۆز ئۈستىگە ئېلىشى ئەر ۋە ئاياللىق تەبىئىتىنىڭ نەتىجىسىدۇر. بۇ ھاللەت گەرچە خانىملار مىليارت پۇللارغا ئىگە بولۇپ، يىگىت كەمبەغەل بولسىمۇ ئۆزگەرمەيدۇ.

گەپنىڭ ئەسلىگە قايتساق، ئاللاھ خەۋەر قىلغان ھامىلىق ئىدارە قىلىش ۋە كۆڭۈل بۆلۈش باشقۇرۇشدۇر. بۇ ھامىلىق ھۆكۈمرانلىق قىلىش، مۇستەبىتلىك قىلىش ۋە خالىغىنىنى يۈرگۈزۈش ھوقۇقى ئەمەس.

ئەرنىڭ ئائىلە مەسئۇلىيەتلىرىگە تاللىنىشى، ئەرنىڭ ئۇ ئىشقا سالاھىيتىنىڭ بولغانلىقى ۋە ئائىلە چىقىمىنى ئۈستىگە ئالغانلىقىدىندۇر.

خەلقئارا قانۇن : " كىم چىقىم قىلسا( پۇل خەجلىسە) شۇ كۈزەتچىلىك قىلىدۇ" دەيدۇ.

ئەگەر سىز ـ خىيالىڭىزدا ـ ئاياللارنى ئەرلەرنىڭ ھامىلىقىدىن ئازات قىلماقچى بولسىڭىز، ئۇ چاغدا ئەر ئازات بولىدۇ، ئايال كىشى ئائىلە نەپەقىسىنى تولۇقلاپ بېرىش يولىدا جاپالىق خىزمەتلەر ئۈشكەللىرىگە باغلىنىدۇ. ئائىلىنىڭ مۇقەددەسلىكى ۋە ئىناقلىقى يوقۇلىدۇ. نەتىجىدە ئاياللارنىڭ ئەرلەرنىڭ ھامىلىقىدىن يىراقلىشىشى، ئائىلىنى ئىدارە قىلىشتىكى ھەمكارلىق باشقۇرۇشدىن كۆپ سەۋەپلەر تۈپەيلىدىن بوزەك قىلىش ۋە ھۆكۈمرانلىق قىلىش ھالىتىگە ئايلاندۇرۇۋېتىدۇ. غەرب جەمىيىتىدىكى ئاياللارنىڭ ھالىتىنى كۈزەتكەنلەر بۇ مەسلىنى بىلەلەيدۇ.

ئايالنىڭ ـ ئىزدەۋاتقان ـ يولدىشىدىن كۈتۈۋاتقان ئارزۇسى، ئۇ ئايالنى ھىمايە قىلىش ۋە كۆڭۈل بۆلۈشتۇر. مانا، ئاللاھ قارار قىلغان بۇ ھەمكارلىق باشقۇرۇشى ئايالنىڭ ئۈمىد ـ ئارزۇلىرىنىڭ دەل ئۆزى شۇغۇ؟

ئاخىردا شۇنى تەكىتلەپ ئۆتىمەنكى، ئەرنىڭ ئائىلىنى باشقۇرۇشى ئەرلەرنىڭ ئاللاھنىڭ دەرگاھىدا ئەۋزەل بولغانلىقىدىن ئەمەس. بەلكى، ئەرلەرنىڭ ئىمكانىيىتى بىلەن ئائىلىنىڭ چىقىمىنى كۆتۈرەلەيدىغانلىقىدىن كىلىپ چىققان مەنپەئەت ئەۋزەللىكىدۇر.

بالىنى ئىمىتىش، كىچە ـ كۈندۈز ھالىدىن خەۋەر ئېلىش ۋە تەربىيلەشنىڭ كۆپ قىسمىنى مۇستەقىل ئايال كىشىگە تاپشۇرۇلغانلىقى، ئايال كىشىنىڭ ئەرلەردىن ئارتۇق بولغانلىقىدىن ئەمەس. بەلكى، ئاياللارنىڭ بۇ مۇقەددەس ۋەزىپە بىلەن تەبىئىتىنىڭ ماسلاشقانلىقىدا ئاشكارىلىنىدىغان مەنئەپەت ئەۋزەللىكىدۇر.

ئائىلىنى باشقۇرۇش ۋەزىپىسى تاپشۇرۇلغان بەزى ئەرلەر ئاللاھنىڭ نەزىرىدە ئەڭ پاسىق ئىنسانلار بولۇشى مۇمكىن، مۇشۇنداق ئەرنىڭ باشقۇرۇشى ئاستىدا ياشىغان بەزى ئاياللار، ئاللاھنىڭ نەزىرىدە يۇقىرى ئورۇنغا ئىگە تەقۋا ئىسىل ئىنسانلار بولۇشى مۇمكىن!.

ئەقىللىق بەزى ئاياللار ئائىلىنى بەزى ئەخمەق ۋە نادان ئەرلەردىن ياخشىراق باشقۇرىدۇ!. بىراق بۇ ئومۇمى ئەھۋال ئەمەس.

ئىنسانىيەت ھاياتىدا تۈزۈمنىڭ قىممىتىنى بىلىدىغان، تۈزۈم سايىسى ئاساسىدا ئۆسۈپ يىتىلگەن ئىنسانلار بۇ ھەقىقەتنى بىلىدۇ ۋە بۇ ھەقىقەت تەقەززاسى ئاساسىدا مۇئامىلە قىلىدۇ.

ئاخىردا يەنە شۇنى تەكىتلەش كېرەككى، بەزى ئەرلەر نادانلىقى سەۋەبىدىن ئاياللارغا يولسىز زۇلۇم قىلىدۇ ۋە بوزەك قىلىدۇ. ئاياللارنىڭ شەرىئەت ئاتا قىلغان ھوقۇقىنى تولۇق بەرمەيدۇ. باشقۇرۇش ھوقۇقى مەندە دەپ قاراپ يولسىز، ئاياللىرىنى ئۇرىدۇ ۋە ھاقارەتلەيدۇ. تېخى؛ ئايال كىشىنى پات ـ پات ئۇرۇپ تۇرمىسا ئادەم بولمايدۇ دەپ قارايدۇ.

بۇ تامامەن خاتا كۆز قاراش، ئىسلام دىنىغا زىت قىلىقتۇر. يولسىز ئىش قىلغۇچىلار ۋە شەرىئەت ئاياللارغا ئاتا قىلغان ھەق ـ ھوقۇقنى كەمسىتكۈچىلەر قىيامەت كۈنى چوقۇم ھىساپقا تارتىلىدۇ.

يىگىت، سىز شۇنى بىلىپ قويۇڭ! ئايالىڭىز ئاللاھنىڭ سىزگە تاپشۇرغان ئامانىتى، بۇ ئامانەتنى تولۇق ھىمايە قىلماي، بىخەستەلىك قىلسىڭىز جاۋاپكارلىققا تارتىلىسىز.

ئاللاھ قۇرئاندا نىكاھنى :" مۇستەھكەم ئەھدە " (سۈرە نىسا 21 ـ ئايەت) دەپ ئاتىدى. ئاياللىرىڭىز سىزنىڭ ئويۇنچۇقىڭىز ئەمەس، بەلكى پەرزەنتلىرىڭىزنى يارامىلىق تەربىلەيدىغان مەكتەپ ۋە كەلگۈسى ئاۋانگارتلار زاۋۇتىدۇر. شۇنىڭ ئۈچۈن يولىسىز ئىش قىلىپ قالسىڭىز توغرا بولمايدۇ.

رەسۇلۇللاھ : " ئاياللار ھەققىدە ئاللاھدىن قورقۇڭلار" دەيدۇ. ( مۇسلىم رىۋايىتى).

ئاياللىڭىزغا زۇلۇم قىلماڭ، يولسىز ھاقارەتلىمەڭ، شەرىئەت ئاتا قىلغان ھەققى ـ ھوقۇقىنى كەمەيتىپ قويۇشتىن ھەزەر قىلىڭ!

قانداقتۇر، بەزى يىگىتلەر يوقىلاڭ سەۋەپلەر تۈپەيلىدىن بىر ئۆبدان ئائىلىنى شەيتاننىڭ كەينىگە كىرىپ بۇزىۋېتىدۇ، ئەگەر سىز ئائىلە ئىشلىرىڭىزدا شەرىئەت كۆرسەتمىسى بويىچە ماڭسىڭىز، ئائىلىڭىز خاتىرجەم بەختىلىك داۋاملىشىدۇ، شەرىئەت كۆرسەتمىسىدىن چەتنىسىڭىز ئائىلىڭىز بۇزۇلىدۇ.

شۇنى بىلىشىڭىز كېرەككى، سىزنىڭ باشقۇرۇش دائىرىڭىز ئائىلىنىڭ ئىچىدىكى ئىشلاردا بولىدۇ، ئاياللىڭىز سىزنىڭ ۋە بالا چاقىللىرىڭىزنىڭ ھوقۇقىغا تەسىر يەتكۈزمىگەن ئاساستا، ـ ھايا ئىچىدە ـ جەمىيەت تەرەققىياتى ئۈچۈن ھەسسە قوشۇشقا خىزمەت قىلسا ياكى ئىجتىمائى خىزمەتلەرگە قاتناشسا توسماڭ!

ئېتىقادى ۋە ئەخلاقىغا رىئايە قىلىپ، ئائىلىنىڭ تەلىپىدىن ئېشىنىپ، تۈرلۈك پائالىيەتلەرگە قاتناشسا بولىدۇ.

رەسۇلۇللاھ مۇنداق دەيدۇ: " ئاللاھنىڭ ئاجىز بەندىللىرىنى ئاللاھنىڭ مەسجىدلىرىدىن توسماڭلار" دەيدۇ، ( ئەبۇداۋاد رىۋايىتى.

ئىسلام دىنىدا مەسجىدنىڭ رولى ناھايىتى زور، مەسجىد ئۆز ۋاقتىدا پۈتۈن پائالىيەتلەرنىڭ مەركىزى ئىدى. دۆلەت ئىشلىرى مۇشۇ مەسجىدلەردىن بىر تەرەپ قىلىناتتى.

ھۆرمەتلىك خانىم سىزمۇ ئېتىقادىڭىزغا تەسىر يەتكۈزىدىغان، ئەخلاقىڭىزغا چاك كەتكۈزىدىغان ۋە يولدىشىڭىز يامان گۇمان قىلىپ قالىدىغان ئورۇن ۋە ناچار دوسلاردىن يىراق بولۇڭ، يولدىشىڭىزنىڭ يولسىزلىق قىلىشىغا سەۋەپ ھازىرلاپ بەرمەڭ، ئەگەر سىز شەرىئەت كۆرسەتمىسى بويىچە ماڭسىڭىز ئائىلىڭىز بۇزۇلمايدۇ، خاتىرجەم تۇرمۇشىڭىز داۋاملىشىدۇ.

شەرىئەت كۆرسەتكەن بويىچە ماڭسام جەمىيەتنىڭ ئارقىدا قالارمەنمىكى دەپ ئويلاپ قالماڭ، ئۆز ۋاقتىدا مەھمۇد قەشقىرى، يۈسۈپ خاس ھاجىب، ئىبنى سىنا ۋە فارابىنىڭ ئاپىللىرى ئىسلام كۆرسەتمىسى بويىچە مېڭىپ باللىرىنى شۇنداق تەربىيلەپ چىقالىغان. ئىسلام مۇھتى ئۇ ئاپىلارنىڭ شۇنچىۋېلا بۈيۈك ئىشلارنى قىلىشىغا توسالغۇ بولماستىن، بەلكى كۆپ پۇرسەت ۋە شارائىت يارىتىپ بەرگەن. سىز ئۇ دەۋرنى قانداق تەسەۋۋۇر قىلىسىز؟

بىزنىڭ ئارقىدا قېلىشىمىز ۋە تەرەققى قىلالماسلىقىمىز، دىنىمىزنى ياخشى چۈشۈنەلمىگەنلىكىمىز ۋە دىنىمىزغا پاسسىپ پوزىتسىيەدە بولغانلىقىمىز سەۋەپچى بولغان.

ئىسلام دىنى تەرەققىيات ۋە مەدەنىيەت يارىتىشقا تەشەببۇس قىلىدۇ، قۇرئاندا ئىنساننىڭ يارىتىلىش سەۋەپلىرىنىڭ بىرىسى ئاللاھغا ئىبادەت قىلىش ۋە زېمىننى گۈللەندۈرۈش دېيىلگەن. دىنىمىز ئىلىم ـ پەن ۋە مائارىپقا قارشى ئەمەس. ـ قانداق بىلىم بولسۇن ئىنسانىيەتكە پايدىلىقلا بولىدىكەن ـ بىلىم ئۆگىنىش ئەر ۋە ئاياللارغا ئوخشاش پەرز قىلىنغان.

بىر قىسىم جاھاللەت كۈچلىرىنىڭ خاتا تەشۋىقاتى غەرب ئەللىرى بىلەن بىرلىشىپ بىزنى مۇشۇنداق بىلىمسىز ھاللەتتە قالدۇرغان. بىلىمسىزلىكىمىزگە ئىسلام دىنى سەۋەبچى ئەمەس، ئۆزىمىز سەۋەبچى.

ئەسلى گېپىمىزگە قايتساق، خانىم ئۆزىڭىز بىر كىشىلىك مەجبۇرىيىتىڭىزنى ئادا قىلىشقا پەرز، بولمىسا سىزمۇ قىيامەت كۈنى جاۋاپكارلىققا تارتىلىسىز!.

ئۆيلەپ بېقىڭ، سىز مەكتەپتە ياخشى بىلىم ئالماي، گۇۋاھنامىنى قايسى ۋاستە بىلەن بولسۇن ھەل قىلىپ، ئاپىلىق رولىڭىزنى جارى قىلدۇرالمىسىڭىز جاۋابكارلىققا تارتىلماي قالارسىزمۇ؟

رەسۇلۇللاھ : " ھىكمەت( يەنى بىلىم ـ مەرىپەت) كىمدە بولسا قوبۇل قىلىنىدۇ" دېگەن.

باللىرىڭىزنى ياخشى تەربىيلىمەي، بالىڭىز جەمىيەتكە زىيان يەتكۈزىدىغان بىر ئادەم بولۇپ يېتىلسە بۇنىڭدىنمۇ ھسابىقا تارتىلىسىز. ئەھمىيەتسىز، قالاق، خەلقىگە كۆڭۈل بۆلمەيدىغان، ئېتىقادى بۇزۇق ۋە ئەخلاقى چاكىنا بولۇپ چوڭ بولسا قانداق بولار، سىزنىڭچە! .

خۇلاسە شۇكى: ئەرنىڭ ئاياللارغا ھامى بولۇشى ياكى باشقۇرۇشى، مەنپەئەتنى رىئاللىققا ئايلاندۇرغانلىق، ۋە ئالدىن زىياننى توسۇپ قالغانلىقتۇر.

ئەمەلىيەتتە بۇ مەسئۇللۇق، تەجرىبە ۋە قابىلىيەتكە قارىتا " خىزمەتنى تەقسىم" قىلغانلىقتۇر. ئەرلەر ئائىلىنى ھىمايە قىلىش ۋە ئائىلىنىڭ ياخشى تۇرمۇش كەچۈرىشى ئۈچۈن جاپا چېكىش مەيدانىدا تەجرىبە ۋە ئىقتىدارغا ئىگە بولغان بولسا، ئايال كىشى ئائىلە مەملىكىتىنى ئىدارە قىلىش ۋە پەرزەنت تەربىيلەشتە تەجرىبە ۋە قابىلىيەتكە ئىگە.

***

## تۆۋەندىكى ھەدىسلار يالغان ئويدۇرما ھەدىسلەردۇر:

1. : " ئاياللارغا يېزىق ۋە ئوقۇشنى ئۆگەتمەڭلار"
2. :" ئاياللارغا ئىتائەت قىلىش پۇشايمان ئېلىپ كېلىدۇ"
3. :" ئاياللار بىلەن مەسلىھەتلىشىڭلار ۋە ئۆزۈڭلار خالىغاننى قىلىڭلار"

(ئالبانىنىڭ ئاجىز ھەدىسلەر توپلىمى ناملىق كىتاۋىغا قاراڭ).

***

## بىر قانچە ئاياللىق بولۇش توغرىسىدا نەزەر

شەرقشۇناسلار ۋە دىن دۈشمەنلىرى " بىر قانچە ئاياللىق" بولۇش مەسىلىسىگە ئىسلام دىنىنىڭ مۇھىم بىر ئاساسلىرىدەك ياكى ۋاجىب، ھېچ بولمىغاندا مۇستەھەب ھۆكۈملىرىدەك قاراپ مۇئامىلە قىلىشىدۇ. بۇ روشەن ئازغۇنلۇقتۇر.

ئەسلىدە بىر ئەر كۆڭلىنىڭ راھىتى ۋە قەلبىنىڭ سىردىشى بولالايدىغان بىر ئايال بىلەن توي قىلىشتۇر. شۇنىڭ ئۈچۈن ئالىملار : " بىر ئايال كۇپايە قىلسا، ئۇ ئايالنىڭ ئۈستىگە ئايال ئېلىش مەكرۇھ بولىدۇ" دەيدۇ. چۈنكى ئەر كىشىنىڭ ئايال ئۈستىگە ئايال ئېلىشى ئۆزىنى ھارام ئىشقا باشلاپ بېرىشى مۇمكىن!.

ئاللاھ قۇرئاندا مۇنداق دەيدۇ: { قانچە تىرىشساڭلارمۇ ئاياللىرىڭلارغا (مۇھەببەتتە ۋە دىلىنىڭ مايىللىغىدا) باراۋەر مۇئامىلىدە بولۇشقا ھەرگىز قادىر بولالمايسىلەر، شۇنىڭ ئۈچۈن بىرسىگە پۈتۈنلەي مايىل بولۇپ، ئىككىنچىسىنى(ئېرى باردەكمۇ ئەمەس يوقتەكمۇ ئەمەس) ئېسىپ قويۇلغان ئايالدەك تاشلاپ قويماڭلار } نىسا سۈرىسى، 129 ـ ئايەت.

رەسۇلۇللاھ مۇنداق دەيدۇ: " كىمنىڭ ئىككى ئايالى بولۇپ، بىرسىگە بەكرەك مايىل بولۇپ كەتىپ قالسا، قىيامەت كۈنى بىرتەرىپى سىڭايان كېلىدۇ( يەنى ئادىل قىلمىغانلىقىغا جازاسىغا ئۇچرايدۇ)" دېگەنىدى.

بىر ئادەم ئىككىنچى ئايالغا نەپىقە بىرەلمىسە  ياكى ئىككى ئايالغا تەڭ  باراۋەر مۇئامىلە قىلالمىسا، ئىككىنچى ئايال ئېلىش هارام بولىدۇ.

ئاللاھ قۇرئاندا : { ئەگەر(ئۇلارنىڭ ئارىسىدا) ئادىل بولالماسلىقىڭلاردىن قورقساڭلار، بىر خوتۇن بىلەن ياكى قول ئاستىڭلاردىكى چۆرىلەر بىلەن كۇپايىلەنسەڭلار بولىدۇ. بىر خوتۇن بىلەن كۇپايىلىنىش زۇلۇم قىلماسلىققا ئەڭ يېقىندۇر } نىسا سۈرىسى، 3 ـ ئايەت.

دۇنيا هاياتىدا قىينچىلىق، ئاخىرەتتە جازادىن ساقلىنىش ئۈچۈن بىر ئەرنىڭ بىر ئايال بىلەن چەكلىنىشى ئەۋزەل ئىشتۇر.

لېكىن بەزى بىر يەككە ۋە ئىنسانپەرۋەرلىك ئىتىبارلىرى  سەۋەبىدىن، ئىسلام دىنى مۇسۇلمان ئەرنىڭ بىردىن كۆپ ئاياللىق بولۇشنى دۆرۈس قىلدى. ئەمەلى رىئاللىقنى چېكىدىن ئاشۇرۋەتمىگەن ياكى مەسلىنى هەل قىلىشتىن قاچمىغان هاللەتتە بىر تەرەپ قىلدى.

بۇ مەسىلىنى تېخىمۇ روشەن بايان قىلىش ئۈچۈن تۆۋەندىكى تېمىلاردا توختىلىپ ئۆتىمىز:

1. ئىلگىركى مىللەتلەر ۋە ئىسلام دىنى ئارىسىدىكى كۆپ ئاياللىق بولۇش مەسىلىسى،
2. كۆپ ئاياللىق بولۇشنىڭ هۆكمى،
3. بىر قانچە ئاياللىق بولۇش قانداق شارائىتتا يولغا قويۇلىدۇ؟
4. ئادىل قىلىش بىر قانچە ئاياللىق بولۇشنىڭ شەرتى،
5. بىر قانچە ئاياللىق بولۇشتىكى هىكمەت،
6. بىر قانچە ئاياللىق بولۇش ئەخلاقى ۋە ئىنسانپەرۋەر تۈزۈم،
7. غەرب  ئەللىرىنىڭ ئەخلاقسىز ۋە ئىنسانپەرۋەرسىزلارچە كۆپ ئاياللىق بولۇشى،
8.  بىر قانچە ئاياللىق بولۇش رۇخستىنى يامان ئىشتىمال  قىلىش،
9. غەربلىشىپ كەتكەنلەرنىڭ بىر قانچە ئاياللىق بولۇشنى چەكلىشى،
10. چەكلىگۈچىلەرنىڭ دەلىل ـ پاكىتلىرى.

### ئاتالغۇلار

**هالال:** ئاللاھ تەرىپىدىن قىلىشقا رۇخسەت قىلىنغان، چەكلىمىگە ئۇچرىمىغان نەرسىدۇر.

**هارام:** ئاللاھ تەرىپىدىن كەسكىن بۇيرۇق بىلەن قىلىنىشى چەكلەنگەن نەرسە بولۇپ، بۇنىڭغا خىلاپلىق قىلغۇچى ئاخىرەتتە ئاللاھنىڭ جازالىشىغا دۇچار بولىدۇ، بەلكى دۇنيادىمۇ شەرئى جازاغا تارتىلىشى مۇمكىن.

**مەكروھ :** ئاللاھ تەرىپىدىن كەسكىن هالدا چەكلەنمىگەن نەرسە، بۇ هارامدىن بىر دەرىجە تۆۋەن بولۇپ، مەكروھنى قىلغانلارغا هارامنى قىلغانلارنىڭ جازاسى بېرىلمەيدۇ، ئەمما مەكروھنى داۋاملىق قىلىۋېرىش ياكى ئۇنىڭغا سەل قاراش كىشىنى هارام ئىشلارنى قىلىشقا جۈرئەتلىك قىلىپ قويىدۇ.

**مۇستەهەب:** قىلسا ساۋاب بولىدىغان، قىلمىسا گۇناھ بولمايدىغان نەرسە.

**مۇباھ:** دۆرۈس: قىلسا ساۋابمۇ بولمايدىغان ۋە گۇناھمۇ بولمايدىغان نەرسە.

ئىلگىرىكى مىللەتلەر ۋە ئىسلام دىنى ئارىسىدىكى بىر قانچە ئاياللىق بولۇش مەسىلىسى

بەزى كىشلەر بىر قانچە ئاياللىق بولۇش مەسىلىسنى، گويياكى ئىسلام دىنى بىرىنچى قېتىم يولغا قويغاندەك سۆزلىشىدۇ. بۇئۇلارنىڭ نادانلىقى ياكى تارىخنى بىلمىگەنلىكىدۇر.

ئىسلام دىنىدىن ئىلگىرى كۆپ مىللەتلەر كۆپ ئاياللىق بولۇشنى مۇباھ دەپ قارايتتى. بەزىدە بىر ئادەمنىڭ 10 ياكى 100 ئايالى بولاتتى، مەلۇم سان بىلەن چەكلەنمەيتتى.

" تەۋراتنىڭ" بايان قىلىشىچە  داۋۇد ئەلەيھىسسالامنىڭ ئايالى 300 ئىدى، سۇلايمان ئەلەيھىسسالامنىڭ 700 ئايالى بار ئىدى.

ئىسلام دىنى كەلگەندە كۆپ ئاياللىق بولۇشقا شەرت ۋە چەكلىمە بىكىتتى. بىر ئەرنىڭ تۆتتىن كۆپ ئاياللىق بولۇشنى چەكلىدى.

غەيلان ئىسىملىك بىر ساھابە مۇسۇلمان بولغاندا، ئۇنىڭ 10 ئايالى بار ئىكەن، رەسۇلۇللاھ ئۇنىڭغا : " تۆت ئايالنى ئېلىپ قېلىپ قالغانلارنى قويىۋەت" دېگەن.

رەسۇلۇللاھنىڭ 9 ئايالى ئالغانلىقىغا كەلسەك، بۇ رەسۇلۇللاھغا خاس ئىش ئىدى. رەسۇلۇللاھنىڭ ھاياتىدا دەۋەت ئېھتىياجى، ۋاپاتىدىن كېيىن ئۈممەتنىڭ  ئېھتىياجى ئۈچۈن 9 ئايال بىلەن توي قىلغان. رەسۇللاھ ئۆمۈرىنىڭ كۆپ قىسمىنى يەنى ياشلىق ھاياتىنى بىر ئايال بىلەن ئۆتكۈزگەن.

## كۆپ ئاياللىق بولۇشنىڭ ھۆكمى

كۆپ ئاياللىق بولۇش ۋاجىپ ياكى سۈننەت ئەمەس، يەنى ئىسلام شەرىئىتىدە تەشەببۇس قىلىنغان ئىش ئەمەس. بەلكى " مۇباھ" ( يەنى قىلسىمۇ بولىدىغان، قىلمىسىمۇ بولىدىغان) ئىشتۇر. ئاللاھ تائالا ئەرلەر ئۈچۈن كۆپ ئاياللىق بولۇشنى دۇرۇس قىلدى ۋە تۆت ئايالدىن ئاشۇرۋەتمەسلىكنى شەرت قىلدى.

مۇباھ ئىشنى قىلسىمۇ بولىدۇ ياكى قىلمىسىمۇ بولىدۇ، ئەگەر شۇ ئىشتا شەرىئەتنىڭ مەقسىتىگە ئۇيغۇن مەنپەئەت بار دەپ قارىسا قىلسۇن، بولمىسا ئۇ ئىشنى تاشلىسۇن. ھەر ئىككىلى ھاللەتتە ئەيىپلىنىدىغان ئىش يوق.

بىر قانچە ئاياللىق بولۇش مەسىلىسى زۆرۈرىيەت قاتارىدىكى ئىش، يەنى ئايرىم بىر ئەھۋال. ئەسلى قائىدە پىرىنسىپ ئەمەس.

ئۇ مەسىلە ئىجتىمائى ئېھتىياج، كىلىشىش ۋە ئىككى تەرەپنىڭ ئۆز ـ ئارا رازى بولۇشى ئارقىلىق پۈتىدىغان مەسىلە .

شۇنداقلا بۇ مەسىلىدە مۇباھ بىلەن ئىمكانىيەت ئارىسىدا پەرق بار. ئىسلام شەرىئىتى كۆپ ئاياللىق بولۇشنى شەرت ۋە قائىدە ئاساسىدا دۇرۇس قىلدى. بىراق بۇ ئىش ھەر بىر كىشى ئۈچۈن ئىجتىمائى، ئىقتىسادى، سالامەتلىك ۋە پسىخولوگىيە تەرەپتىن قولايلىقمۇ؟

بۇ مەسىلە ھەققى ـ ھوقۇقنى ھىمايە قىلىش ۋە جەمىيەتنى كۆپ پىتنە پاساتتىن ساقلاش مەسىلىسى، ئەرلەرگە ئاياللادىن پەرقلەندۈرۈپ قارىغان ئىش ئەمەس.

ئاياللار ئەرلەر بىلەن ھەققى ـ ھوقۇق ۋە مەجبۇرىيەتنى ئادا قىلىشتا تەڭ باراۋەر.

ئەرلەر ئېڭىدا شۇنداق چۈشەنچە بولۇشى  كېرەككى،  كۆپ ئاياللىق بولۇش ئىككى قانتى ئوچۇق دەرۋازا ئەمەس، بەلكى بۇ دەرۋازا ئوچۇقلۇق ھالىتىدىن تاقاقلىق ھالىتىغا يېقىنراق دەرۋازىدۇر( يەنى ئوچۇق دېگەندىن كۆرە تاقاقلىق دەپ قاراش شەرىئەتنىڭ مەقسىتىگە يېقىن).

ئاياللارنىڭ ئېڭىدىمۇ شۇنداق چۈشەنچە بولۇش كېرەككى، بەزى بىر شارائىتلار بىزنى كونترول قىلىۋالىدۇ( بىرقانچە ئاياللىق چارىسىنى ئىشلىتىشكە قىستايدۇ)، بۇ شەرىئەت رۇخسەت قىلغان مەسىلە، بۇ مەسىلىدە ئاللاھ ئوبدان بىلىدىغان ھېكمەت بار دېگەن چۈشەنچە بولۇشى كېرەك.

بۇنداق ۋاقتلاردا بۇ ئىش چوڭقۇر ئويلۇنۇشقا، مەسلىسنى ئەتراپلىق تەھلىل قىلىشقا ۋە كەڭرەك يول تۇتۇشقا مۇھتاج بولىدۇ.

## بىر قانچە ئاياللىق بولۇش قانداق شارائىتتا يولغا قويۇلىدۇ؟

ئىسلام شەرئىتى بىر قانچە ئاياللىق بولۇشنى ئېغىر شەرتلەر بىلەن باغلىدى، ئۇنىڭ شەرتى ئەر بولغۇچى ئىككىنچى ئايالىغا لايىق مۇستەقىل ئۆي تەييار قىلىپ بېرىشى، نەپىقە ئىشلىرىدا باراۋەر مۇئامىلە قىلىشى، يېتىپ قوپۇشتا تەڭ قىلىشى ۋە باشقا مۇئامىلەردىمۇ باراۋەر قىلىشتۇر.

ئادالەت تېپىلسا ئىككى ئايالنىڭ ئارىسىدا كۈلكەش ۋە جىدەل يوقۇلۇپ ئائىلىدە بەخت سەۋەبلىرى كۆرۈنىدۇ. زۆرۈرىيىتى بولمىغان كىشى بىر قانچە ئاياللىق بولۇش دەۋرازىسىغا قەدەم باسمايدۇ. چۈنكى زۆرۈرىيەت بولماي تۇرۇپ كۆڭۈل ئېچىشنى مەقسەت قىلىپ، بۇ دەرۋازىغا قەدەم باسقان كىشى نەپىقە ۋە مۇئامىلە ئىشلىرىدا ئېغىر يۈكلەرگە باغلىنىپ قالىدۇ. كۆڭۈل ئېچىش مەسلىسىمۇ بىر يەردە قېلىپ، ئارزۇ ـ ئارمانلىرى كۆككە سورۇلىدۇ.

ئەمما گۇناھقا چۈشۈپ قېلىشتىن قورقۇپ ئىككىنچى ئاياللىق بولغان كىشى، ئاللاھنىڭ ياردىمى بىلەن بۇ شەرتلەرنى ئاسان ئورۇنلاپ كىتىۋاتقانلىقىنى ھېس قىلىدۇ.

زىرىككەن ئاياللىرنى تاشلىۋېتىش مەقسىتىدە بىر قانچە ئاياللىق بولۇشقا قول تىققانلار يەڭگىل جازاغا ئۇچىرمايدۇ.

## ئادىل قىلىش بىر قانچە ئاياللىق بولۇشنىڭ شەرتى

ئىسلام دىنى بىر قانچە ئاياللىق بولۇشقا قويغان شەرت، ئەرنىڭ ئاياللىرى ئارىسىدا يېمەك ـ ئىچمەك، كىيىم ـ كىچەك، نەپىقە، ئۆي ۋە كۆڭۈل مەسلىسىدە ئادىل قىلالىشىغا ئىشەنچىنىڭ بولىشىدۇر.

قايسى بىر كىشى بۇھوقۇقلاردا ئادىل ۋە باراۋەر ئىش قىلىشقا كۆزى يەتمىسە بىردىن كۆپ ئايال ئېلىش ھارام بولىدۇ.

ئاللاھ قۇرئاندا: { ئەگەر(ئۇلارنىڭ ئارىسىدا) ئادىل بولالماسلىقتىن قورقساڭلار، بىر خوتۇن بىلەن ياكى قول ئاستىڭلاردىكى چۆرىلەر بىلەن كۇپايىلەنسەڭلار بولىدۇ. بىر خوتۇن بىلەن كۇپايىلىنىش زۇلۇم قىلماسلىققا ئەڭ يېقىندۇر } نىسا سۈرىسى، 3 ـ ئايەت.

رەسۇلۇللاھنىڭ يۇقىرقى ھەدىستە ئاگاھلاندۇرغان : " مايىل بولۇپ كىتىش" ـ يالغۇز قەلبنىڭ مايىلچانلىقى ئەمەس ـ ئاياللارنىڭ ھەققى ـ ھوقۇقىغا زۇلۇم قىلىش كۆزدە تۇتۇلىدۇ.

قەلب ۋە كۆڭۈل تەرەپتىن باراۋەر مۇئامىلە قىلالماسلىقنى ئاللاھ كەچۈرگەن. ئاللاھ قۇرئاندا: { قانچە تىرىشساڭلارمۇ ئاياللىرىڭلارغا (مۇھەببەتتە ۋە دىلنىڭ مايىللىغىدا) باراۋەر مۇئامىلىدە بولۇشقا ھەرگىز قادىر بولالمايسىلەر، شۇنىڭ ئۈچۈن بىرسىگە پۈتۈنلەي مايىل بولۇپ، ئىككىنچىسىنى(ئېرى باردەكمۇ ئەمەس يوقتەكمۇ ئەمەس) ئېسىپ قويۇلغان ئايالدەك تاشلاپ قويماڭلار } نىسا سۈرىسى، 129 ـ ئايەت.

شۇنىڭ ئۈچۈن رەسۇلۇللاھ كۆنلىرىنى ئاياللىرىغا تەقسىم قىلغاندا: " ئى ئاللاھ! بۇ مېنىڭ تەقسىماتىم، كۈچۈمنىڭ يېتىشىچە ئادىل قىلىشقا تىرىشتىم، سەن ئىگە بولۇپ ( قەلب مايىلچانلىقى) مەن ئىگە بولالمايدىغان تەرىپى بولسا كەچۈرگىن" دەيتتى.

مەن ئىگە بولالمايدىغان دېگىنى ئاياللىرىنىڭ بىرسىگە بەكرەك كۆڭۈل مايىلچانلىقى ئىدى.

ئەر بىر ۋاقىتتا ئاياللىرى ئارىسىدىكى بارلىق ھوقۇقلاردا ئادىل بولۇش شەرتى بىلەن بىردىن كۆپ ئاياللىق بولسا بولىدۇ، ئەگەر ئاياللىرىنىڭ بىرەرسىگە زۇلۇم قىلىپ قويۇش ياكى ئازار بېرىپ قويۇشتىن قورقسا ياكى ئۇلارنىڭ ھەققى ـ ھوقۇقىغا تولۇق ۋاپا قىلىشتىن ئەنسىرسە بىر ئايالدىن كۆپ ئايال ئېلىش ھارام بولىدۇ.

بىر ئايالنىڭ ھۆددىسىدىن چىقىشتىن قورقسا ياكى ھەققى ـ ھوقۇقىنى ئادا قىلىشقا قادىر بولالمىسا زادىلا توي قىلىش ھارام بولىدۇ. قۇدرىتى يەتكەنگە قەدەر توي قىلماي ساقلاپ تۇرۇش لازىم.

ئىسلام دىنى كۆپ ئاياللىق بولۇشنى ئادىل بولۇشقا قۇدرىتى يېتىش شەرتى بىلەن چەكلىمە توختاتتى. شۇنداقلا ئايال كىشى ياكى ئۇ ئايالنىڭ ئىگىلىرى ئەرنىڭ ئۇ ئايال ئۈستىگە خوتۇن ئالماسلىقنى شەرت قىلىش ھوقۇقىنى بەردى. ئەگەر ئايال شۇ شەرتنى شەرت قىلسا ئۇ شەرتكە ئەمەل قىلىش لازىم بولىدۇ. ئەگەر ئەر شەرتكە ۋاپا قىلمىسا، ئايالنىڭ ئەر ـ ئاياللىق ئالاقىسىنى بۇزۇش ياكى مۇۋاپىق كىلىش ھەققى بار.

بىر قانچە ئاياللىق بولۇش مەسىلىسى بەزى جەمىيەتلەردە زۆرۈر بولۇپ قالغان بىلەن، يەنە بەزى جەمىيەتلەردە زۆرۈر بولمايدۇ. بۇ ئۆزگەرمەي داۋاملىشىدىغان ھۆكۈم ئەمەس، شارائىت بەلگىلەيدۇ. بەزى ۋاقىتلاردا بىر قانچە ئاياللىق بولۇش مۇباھ دەرىجىسىدىن مەكروھ دەرىجىسىگە يېقىن بولىدۇ، شەرتلەرگە ئەمەل قىلىنمىاي قالسا كۆپ خوتۇنلۇق بولۇش ھارام بولىدۇ. بىر قانچە ئاياللىق بولۇش ھېچ قاچان ۋاجىپ ياكى ئىسلام دىنى تەشەببۇس قىلغان مەسىلە ئەمەس. بەزى كىشىلەر قانداقتۇر ئۆزىچە بۇ مەسىلىسنى ۋاجىپ دەپ قاراپ ئاياللارنىڭ تۇيغۇسىغا رىئايە قىلماستىن زۇلۇم قىلىدۇ. ياكى شەرىئەت نامى بىلەن ئاياللارنى بوزەك قىلىدۇ. بۇ تامامەن خاتا كۆز قاراش. قۇرئان كەرىمدىكى ( نىكاھ قىلىڭلار) بۇيرۇق ئاتالغۇسى ۋاجىپنى كۆرسەتمەيدۇ، بەلكى **4**گە قەدەر نىكاھ قىلساڭلار دۇرۇس دىگەننى كۆرستىدۇ.

سۈرە نىسانىڭ **3** ـ ئايىتىنى باشتىن ئاخىرى تولۇق مۇلاھىزە قىلسىڭىز، **3** خىل ھۆكۈم چىقىدۇ:

**1**. بىر قانچە ئاياللىق بولۇش رۇخسەت (يەنى مۇباھ)

**2**. ئاياللارنىڭ سانى **4** ئايالدىن ئېشىپ كەتمەسلىك.

**3**. ئادىل بولالماي زۇلۇم قىلىشتىن قورقسىڭىز بىر ئايالدىن ئارتۇق توي قىلماڭ!

ئايەتنىڭ سىياقىغا قارايدىغان بولسىڭىز، بۇ ھۆكۈم بىر قانچە ئاياللىق بولۇشنى تەشەببۇس قىلىپ كەلگەن ئەمەس، بەلكى باي ۋە گۈزەل يېتىم قىز بىلەن توي قىلىپ، ئۇ يېتىم قىزنىڭ تويلۇقى ۋە باشقا ھەققى ـ ھوقۇقىدا ئادىل بولالماسلىقتىن قورقسىڭىز ياخشىسى ئۇ يېتىم قىز بىلەن توي قىلماي، باشقا ئايال بىلەن توي قىلىڭ دېگەن ئۇقۇمنى بېرىدۇ.

### بىر قانچە ئاياللىق بولۇشتىكى ھىكمەت

ئىسلام دىنى پۈتۈن رايون، ھەر دەۋر ۋە بارلىق ئىنسانلارغا ئۇيغۇن كېلىدىغان مەڭگۈلۈك شەرىئەتتۇر. ئىسلام دىنى شەھەرلىككە قانۇن يولغا قويغان بولسا، يېزىلىقنى ئۇنتۇپ قالمايدۇ، سوغۇق رايۇنلارغا قانۇن يول قويۇپ، ئىسسىق رايۇنلارنى ياكى بىر دەۋرگە نىزام چىقىرىپ باشقا دەۋرلەرنى تاشلاپ قويمايدۇ.

بۇدىن يەككە كىشلەرنىڭ ۋە كوللىكتىپنىڭ زۆرۈرىيتىنى ( ئېھتىياجىنى) قەدىرلەيدۇ. كىشلەرنىڭ ئىچىدە پەرزەنت كۆرۈش ئارزۇسى كۈچلۈك ئىنسانلار بولۇپ، دەسلەپتە ئالغان ئايالى تۇغماس ياكى كېسەلچان چىقىپ قالىدۇ. مۇشۇنداق ھاللەتتە ، ئۇ ئەر بىرىنچى ئايالنى قويۇپ بەرمەي، ئۈستىگە يەنە بىر ئايالنى ئالسا ئەر ۋە بىرىنچى ئايالغا ياخشى ئەمەسمۇ؟

بەزى ئەرلەرنىڭ جىنسى تەلىپى كۈچلۈك بولۇپ، جىنسى رىغبىتى ئاجىز ياكى كېسەلچان ياكى ھەيز كۆرۈش مۇددىتى ئۇزۇن داۋاملىشىدىغان ئايال بىلەن تۇرمۇش قۇرۇپ قالىدۇ. سەۋر قىلىشقا قادىر بولالماي قالىدۇ، بۇ ھاللەتتە ئەر كىشى مەخپى ئاشنا تۇتقاندىن كۆرە ياكى بىرىنچى ئايالنى تالاق قىلىۋەتكەندىن كۆرە يەنە بىر ئايال ئالسا مۇباھ ئەمەسمۇ؟

بەزى ۋاقىتلاردا جەمئىيەتتە ئاياللارنىڭ سانى ـ بولۇپمۇ ئۇرۇش كۆپ بولغان رايۇنلاردا ـ ئەرلەرنىڭ سانىدىن كۆپ بولۇپ كېتىدۇ. مۇشۇنداق شارائىتتا، ئاياللار ئەر ـ ئاياللىق هاياتىدىن مەھرۇم بولۇپ تۇل ياشىغاندىن كۆرە كۈندىشى ( ھەمشىرىشى) بولۇپ ياشىسا ، بۇ ئىش جەمئىيەتنىڭ ۋە ئاياللارنىڭ مەنپەئەتى ئەمەسمۇ؟

ئاياللارنىڭ سانى توي قىلىشقا قادىر ئەرلەرنىڭ سانىدىن ئېشىپ كەتكەندە پەقەت ئۈچ يول بولىدۇ:

1. ئەر ـ ئاياللىق ۋە ئاپىلىق هاياتىدىن مەھرۇم بولۇپ ئۆمۈر بويى تۇل ئۆتۈش،

2. ياكى ئۆزلىرىنى بولۇشىغا قويۇۋېتىپ ، ئەرلەرنىڭ كۆڭۈل ئاچىدىغان ئاشىقلىرىغا ئايلىنىش، نەتىجىدە هارامدىن پەرزەنت كۆرۈش، باللىرىنى ماددى ۋە مەنىۋى هوقۇقلىرىدىن مەھرۇم قىلىش ، جەمئىيەتكە تايىنىپ ياشاپ، بۇزغۇنچىلىق تېرىيدىغان ناچار پاسسىپ ئەۋلادلارنى يېتىشتۈرۈش،

3. ياكى بولمىسا نەپىقە بېرىشكە ۋە ھىمايە قىلىشقا قادىر بىر ئەرنىڭ ئىككىنچى ئايالى بولۇپ ئىززەت ـ شەرەپ ۋە شەرىئەت ئىچىدە هايات كەچۈرۈش. مانا بۇ ئاخىرقى يول يۇقىرقى ئىككى يولغا قارىغاندا ئەڭ توغرا يول ئەمەسمۇ؟

ئىسلام دىنىنىڭ تاللىغان يولى مانا مۇشۇ!!.

دىيارىمىزدا ئاياللارنىڭ سانى كۆپ بولغانلىقى ئۈچۈن قانداق ئىشلارنىڭ يۈز بېرىۋاتقانلىقى ھەممىزگە ئايان. ئۆز ئېتىقادى، مىللىتى ، ۋىجدانى ۋە ئەخلاقىدىن ۋاز كېچىپ، يات مىللەت ۋە بۇزۇق ئېتىقادتىكى ( قارا كاپىر) ئىنسانلار بىلەن توي قىلىۋاتقان بىر قىسىم ئۇيغۇر مۇسۇلمان قىزلىرىنىڭ ئەھۋالىغا نېمە دەپ باها بېرىسىز؟!!.

تۆۋەندە بىر قانچە ئاياللىق بولۇشقا سەۋەپ بولىدىغان ئامىللاردىن بىر قانچىنى بايان قىلىپ ئۆتىمەن:

1. ئۇرۇش ئەھۋاللىرىنىڭ كۆپ يۈز بېرىپ، جەمئىيەتتە ئاياللارنىڭ سانىنىڭ ئۆزلۈكسىز كۆپىيىپ كېتىشى، بۇ ئەھۋالدا تۇل قېلىپ قالغان ئاياللارنىڭ هالىدىن ياخشى خەۋەر ئېلىش ئۈچۈن بىر قانچە ئاياللىق بولۇشتىن ياخشى چارە يوق.

2. بەزى جەمئىيەتلەردە ئاياللارنىڭ سانى ئەرلەرنىڭ سانىدىن كۆپ بولىدۇ، بۇ خىل ئەھۋال بىر قانچە ئاياللىق بولۇشنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ. ئىككىنچى دۇنيا ئۇرشىدىن كېيىن گىرمانىيەدە شۇنداق بولغان، ۋە قانۇندا ئالاھىدە بەلگىلەنگەن. ئۇنداق بولمىسا جەمئىيەت قالايمىقانلىشىپ، ئەخلاقسىزلىق جەمئىيەتنى ۋەيران قىلىشقا سەۋەبچى بولىدۇ.

3. بەزىدە ئايال تۇغماس بولۇپ قالىدۇ، ئايالنىڭ تەلىپى ياكى قوشۇلىشى بىلەن بىر قانچە ئاياللىق بولۇش ئەھۋالى يۈز بېرىدۇ.

4. بەزىدە ئايال كېسەلمەن بولۇپ قېلىپ ئاياللىق مەجبۇرىيتىنى ئۆتەشكە سالاھىيتى بولمىسا بىر قانچە ئاياللىق بولسا بولىدۇ.

5. شارائىتنىڭ زۆرۈرىيتىگە قارىتا بىر قانچە ئاياللىق بولۇش ئارقىلىق بىرىنچى ئايالنى تالاق قىلىۋېتىشتىن ساقلانغىلى بولىدۇ.

6. توي قىلىش پۇرستى يوق ياكى قولدىن كېتىپ قالغان يېتىم ياكى تۇل قېلىپ قالغان ئاياللار بىلەن توي قىلىش ئارقىلىق بىر قانچە خوتۇنلۇق بولسا، بۇ ئىسىل خىسلەتنىڭ بىرسى ھېساپلىنىدۇ.

ئەلۋەتتە ئەقىللىق ئايال بىر كىشىنىڭ ئاشنىسى بولۇپ يۈرگەندىن ئىككىنچى خوتۇن بولۇشنى ئارتۇق كۆرىدۇ.

يۇقۇرقى ئەھۋاللاردا بىر قانچە ئاياللىق بولۇش كەسكىن ئۈنۈملۈك چارە ھساپلىنىدۇ.

بىر قانچە ئاياللىق بولۇش زۆرۈرىيەت مەسىلىسى ۋە قىيىنچىلىقنى ھەل قىلىشتىكى ھالقىلىق چارە.

مانا بۇ ئىسلام دىنى مۇلاھىزە قىلغان بەزى سەۋەپلەر، ئىسلام دىنى بىر ئەۋلات، بىر زامان ياكى بىر دۆلەت ئۈچۈنلا قانۇن بېكىتمەيدۇ ، بەلكى ئىسلام دىنى بارلىق ئىنسانىيەت ئۈچۈن قانۇن بېكىتىدۇ . زامان، ئورۇن، شەخسلەر ۋە شارائىتنىڭ ئۆزگىرىشىنى ئېتىبارغا ئالماق لازىم. چۈنكى پەتىۋا زامان، ماكان،شەخس ۋە شارائىتنىڭ ئۆزگىرىشىگە قاراپ ئۆزگىرىدۇ.

### بىر قانچە ئاياللىق بولۇش ئەخلاقى ۋە ئىنسانپەرۋەر تۈزۈم

ئەخلاقى تۈزۈم دېگىنىمىز، ئەركىشىنىڭ خالىغان بىر ئايال بىلەن، خالىغان ۋاقىتدا يۈرۈشىگە رۇخسەت قىلمايدۇ. تۆتتىن ئارتۇق ئېلىشقا يول قويۇلمايدۇ. ھەمدە ئىككى ياكى ئۈچ ئايالى بولغان بولسا تۆتىنچىسى بىلەن مەخپى ئالاقە ئالاقە قىلىشقا تېخىمۇ بولمايدۇ. باشقا ئاياللىرى يەنە بىر ئايالىنىمۇ بىلىشى كېرەك.

ئىنسانپەرۋەرلىك دېگىنىمىز، ئەر كىشى بۇ ئىش ئارقىلىق ئېرى يوق ئايالنى قانات ئاستىغا ئالىدۇ ۋە پاك خانىملار قاتارىغا قوشىدۇ.

ئەر جىنسى ئالاقە قىلغىنىنىڭ بەدىلىگە تويلۇق، ئۆي ۋە نەپەقە بېرىدۇ. بۇ مەسئۇلىيەتنى ئاخىرغىچە ئۈستىگە ئالىدۇ. ئۇنىڭ ئۈستىگە بۇ قانۇنلۇق جىنسى ئالاقىدىن بولغان بالىنى ئېتىراپ قىلىدۇ ۋە ئۇلارنى جەمىيەتكە ئېسىل مۇھەببەتنىڭ نەتىجىسى سۈپىتىدە تەقدىم قىلىدۇ. ئەر ئۇ بالىلىرى بىلەن پەخىرلىنىدۇ، مىللەتمۇ ئۇ بالىلار بىلەن كېلەچەكتە پەخىرلىنىدۇ.

بۇ نىزام ئەخلاقنى ھىمايە قىلىدىغان ئەخلاقى ۋە ئىنسانپەرۋەرلىكنى يۇقىرى كۆتىرىدىغان ئىنسانپەرۋەر نىزامدۇر. بىر قانچە ئايالىق بولۇش مەسىلىسىدە شەخسى مەنپەئەتنى ئۆلچەم قىلماي شەرىئەتنى ئاساس قىلماق لازىم. شەرئەتنىڭ مەقسىتىنى ئالدىنقى ئورۇنغا قويۇش لازىم.

بىر قانچە ئاياللىق بولۇشنى شەرئەت رۇخسەت قىلدى، بىز ئىنسانلار رىئاللىق ۋە شارائىت بىلەن تۇرمۇش كەچۈرىمىز، بۇ ئىشنىڭمۇ ئاللاھ بىلىدىغان ھىكمەتلىرى بار.

ئىسلام دىنى بىر قانچە ئاياللىق بولۇشنى مۇباھ قىلغان بولسىمۇ، بىراق شەرت ۋە قائىدىسىز مۇتلەق يولغا قويغىنى يوق. بەلكى ئۇنىڭغا بىر قانچىلغان شەرتلەرنى قويدى. خۇدادىن قورقىدىغان كىشىنىڭ بۇ شەرتلەرنىڭ ھۆددىسىدىن چىقىشى خېلى تەس گەپ. كۆپ ئاياللىق بولۇش ئەرنىڭ رىغبىتىنى قاندۇرۇش مەسىلىسى ئەمەس، بەلكى ھىكمەت ۋە ئېھتىياج مەسىلىسىدۇر.

ئەسلىدە ئىبادەت ۋە كەسكىن ھۆكۈم بار ئىشلاردا ھىكمىتى ۋە سىرلىرىغا قارىماي ئىجرا قىلىش, ئەمما ئادەتتىكى دۇنيالىق ئىشلاردا ھىكمىتى، سىرى ۋە مەقسىتىگە قاراشتۇر.

شەرئەت مەسىللىرىدە خالىغانچە ھۆكۈم پەيدا قىلىش توغرا ئەمەس، پاكىتلارنى (يەنى قۇرئان كەرىم ئايىتى ۋە سۈننەتنى ـ ھەدىس شەرىپنى) ئوبدان تەتقىق قىلماق لازىم. بۇ مەسىلە توغۇرلۇق چۈشكەن ئايەتنى "ئۇسۇل فىقھى" قائىدىسىگە سېلىپ ئوبدان تەھلىل قىلىپ كۆرۈڭ!.

### غەرب ئەللىرىنىڭ ئەخلاقسىز ۋە ئىنسانپەرۋەرسىزلارچە كۆپ ئاياللىق بولۇشى

غەرب ئەللىرىدىكى كۆپ ئاياللىق بولۇش ئەمەلى بار ئىش. بىراق قانۇننىڭ سىرتىدا بولىدۇ.. بەلكى قانۇننىڭ ھىمايىسى ئاستىدا بولىدۇ.

ئۇلاردىكى بۇ ئىش قانۇنلۇق بىر قانچە ئاياللىق بولۇش نامى بىلەن بولماي، ئاشنا تۇتۇش نامى بىلەن بولىدۇ. غەرب ئەللىرىدە 4 بىلەن چەكلىنىپ قالماي، ساناقسىز يۈز بېرىدۇ. بۇ ئىش ئاشكارا يۈز بەرمەي، ھېچ بىر ئىنسان بىلمىگىدەك دەرىجىدە مەخپى يۈز بېرىدۇ.

غەرب ئەللىرىدىكى كۆپ ئاشنا تۇتۇش، ئەرلەرنى ئالاقە قىلىۋاتقان ئاياللار بىلەن ھېچقانداق ئىقتىسادى مەسئۇلىيەتكە مەجبۇرلىمايدۇ. ئەر كىشى ئايالنىڭ ئابرۇيىنى بۇلغاپ، رەسۋا قىلىپ تاشلاپ قويىدۇ.

بۇلاردىن بولغان باللارنىڭ پېشانىسىغا " قانۇنسىز باللار" تامغىسى بېسىلىپ ، ئۆمۈر بويى مۇشۇ ئاھانەت بىلەن ياشايدۇ. ئاتا بولغۇچى بۇ باللىنى ئېتراپ قىلمايدۇ.

بۇ بىر قانچە ئاياللىق بولۇش دەپ ئاتالمايدىغان، ئەمما قانۇنلۇق كۆپ ئاشنا تۇتۇش بولۇپ، ئەخلاقى ئۆلچەم ياكى ئىنسانى تۇيغۇدىن يىراق بىر ئىشتۇر. بۇ خىل كۆپ ئاشنا تۇتۇش شەخسىيەتچىلىك ۋە شەھۋەت ئۈچۈن بولىدۇ، بارلىق مەسئۇلىيەتتىن قاچىدۇ.

سىزنىڭچە ئىككى نىزام ـ غەرب تۈزۈمى ۋە ئىسلام تۈزۈمى ـ نىڭ قايسى ئادىمى ئەخلاق ئۆلچىمىگە ئۇيغۇن ۋە ئاياللار ئۈچۈن شەرەپلىكتۇر؟.

ھۆرمەتلىك ئوقۇرمەن مەن سىزگە غەربتىكى كۆپ ئاياللىق بولۇشتىن بىر قانچە مىسالنى دىققىتىڭىزگە سۇنماقچىمەن.

ئامرىكىدىكى كېينزى جىنسى تەتقىقات ئىنوستىتى 1993 ـ يىلى ئېلىپ بارغان قىزلاردىن پىكىر ئېلىش نەتىجىسىدە" دوستىڭىز سىزدىن باشقا بىر قىز بىلەن جىنسى ئالاقە قىلغانلىقىنى بىلگەن ۋاقتىڭىزدا قانداق تەسراتتا بولىسىز؟" دېگەن سوئالغا قىزلارنىڭ جاۋابى مۇنداق بولغان:

6% قىزلار، بۇنداق دوستلار بىلەن ئالاقىنى ئۈزىمىز دىيىشكەن، 10% قىزلار ئادەتتىكى ئالاقىنى ساقلاپ قالىمىز، بىراق ئۇلارنى ھەقىقى دوست دەپ قارىمايمىز دىيىشكەن. 4، 33 % قىزلار دوستلۇق ھالىتىمىزنى ساقلاپ قالىمىز، بىراق بۇ مەسىلە بىزنى خېلى ئۇزۇنغىچە رەنجىتىدۇ دىيىشكەن. 51% قىزلار ئىلگىرىكىدەك دوست ھالىتىدە تۇرىۋېرىمىز، بۇ ئىش بىز ئۈچۈن ھېچ نەرسە ئەمەس دىيىشكەن.

دېمەك غەرب ئەللىرىدىكى ئەر ـ ئاياللىق ھاياتى، پاھىشە سەۋىيىسىگە چۈشۈپ قالغان. ئۆيدىكى جىنسى ئالاقە بىلەن سىرتتىكى جىنسى ئالاقىنىڭ ئارىسىدا ھېچقاندا پەرق يوق.

ئامرىكىدىكى بەزى ئىجتىمائى ۋە تەشۋىقات ئورگانلىرى ئېلىپ بارغان تەتقىقات نەتىجىسىدە ، ھەر يىلى مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرىدىن 53% قىزلار باسقۇنچىلىققا ئۇچرايدىكەن.

ئەجەبلىنەرلىكى، غەرب ئەللىرى جىنسى ئالاقىنى قورقۇنۇشلۇق قالايمىقانچىلىق ئۇستىگە قۇردى. قانۇنسىز تۇغۇلىدىغان باللارنىڭ سانى قانۇنلۇق يول بىلەن تۇغۇلىدىغان باللارنىڭ سانى بىلەن تەڭلىشىپ قالغىلى تاس قالدى.

غەرب ئەللىرىدىكى گادايلار ـ پادىشاھلىرى ئەمەس ـ يۈزلىگەن قىزلارنىڭ ئابرويلىرىغا تاجاۋۇز قىلالايدۇ.

ئادەمنى تېخمۇ ھەيرانغا سالىدىغىنى بىر ئادەم ۋىجدان ئازابى ياكى خىجىل بولماستىن بىر توپ ئاشقلار قوشۇنى ئارىسىدا ئەركىن ئايلىنالايدۇ. زۆرۈرىيەت سەۋەبىدىن بىر قانچە ئايال بىلەن توي قىلىپ ئەخلاق قورغىنى ئىچىدە ئايلانغان كىشى پاشۋاز غەرب داھىلىرى تەرىپىدىن تۆھمەتكە ئۇچرايدۇ....

1929 ـ يىلى ۋاپات بولغان فرانسىيەلىك جورج كەلمنسو دېگەن سىياسىيۇن بىر ۋاقىت ئىچىدە 20 ئادەمگە 20خىل تىمىدا سۆزلىيەلەيتى. ھېچ بىر كىشى بۇ ئادەمنىڭ 800 ئاشقى بارلىقىنى تەسەۋۋۇر قىلمايتتى، بۇ 40 قانۇنسىز بالا تاپقان غەرب داھىيلىرىنىڭ بىرسى.

بۇ سىياسىيۇن ئامرىكىلىق ئايالنىڭ خىيانەت قىلغانلىقىنى بىلىپ قالغان چاغدا، كىچىدە ئورنىدىن تۇرۇپ، ئايالنى كوچىغا ئىچ كىيىم بىلەن قوغلاپ چىقارغان.

مۇشۇ ئىنسان بۇگۈنكى مۇشۇ كۈنلەردە غەرب ئەللىرىنىڭ كاتتا رەھبەرلىرى قاتارىدىن سانىلىدۇ. نېمە ئۈچۈن؟ قانۇنلۇق توي قىلماي، پاھىشە قىلغانلىقى ئۈچۈن....

زىنا قىلىش ئاددى بىر ئىش، ئەمما قانۇنلۇق بىر قانچە ئايال ئېلىش ئەڭ چوڭ جىنايەت ھىساپلانماقتا.

## بىر قانچە ئاياللىق بولۇش رۇخستىنى يامان ئىستمال قىلىش

كۆپلىگەن مۇسۇلمانلار ئىسلام دىنىدىكى بىر قانچە ئاياللىق بولۇش رۇخستىنى توغرا ئىستمال قىلماي، يامان غەرەزدە ئىستمال قىلغانلىقىنى ئىنكار قىلمىز. قارىساق بۇ مۇسۇلمانلار بۇ رۇخسەتنى " تالاق قىلىش" رۇخستىنى ناچار ئىستمال قىلغاندەك ئىستمال قىلىشتى.

بۇ يەردە ئېيبپ ئىسلام دىنىنىڭ ھۆكمىدە ئەمەس، بەلكى خاتا چۈشۈنۈش ياكى ئەخلاقى ۋە دىنى تەرەپتە يامان تەتبىقلاشتىن كېلىپ چىققان.

بەزى مۇسۇلمانلار بىر قانچە ئاياللىرى ئارىسدا ئادىل مۇئامىلە قىلالامدۇ يوق، بۇنىڭغا قارىماي كۆپ ئاياللىق بولۇۋالىدۇ. نەپىقە ئىشلىرىغا كەلگەندە ئىككى ئايالنىڭ نەپىقىسىنى ۋە ئىككى ئايالدىن تۇغۇلغان باللارنىڭ مەسئۇلىيتىنى ئۈستىگە ئالالمايدىغان تۇرۇپ كۆپ ئاياللىق بولىۋالىدۇ.

بەزىلەر نەپىقىگە قادىر بولىسمۇ، ئاياللىرىنىڭ جىنسى تەلىپىنى قاندۇرۇپ ئىپپەتلىك قىلىشقا قادىر بولالمايدۇ. بىر قانچە ئاياللىق بولۇش رۇخستىنى توغرا ئىستمال قىلماسلىقتىن ئائىلىدە يامان ئاقىۋەتلەر يۈز بەردى. ئىككىنچى ئايالنى ئەركىلىتىپ بىرىنچى ئايالغا زۇلۇم قىلىدىغان، بىرىنچى ئايالنى ئايالمۇ ئەمەس ياكى ياكى تالاق قىلىنغانمۇ ئەمەس بىر ھاللەتكە چۈشۈرۈپ قويىدىغان ئەھۋاللار مەۋجۇد.

ئۇنىڭدىن سىرىت باللار ئارىسدا ھەسەت قىلىش، بىرىسى يەنە ئايالدىن بولغان قېرىنداشلىرىنى يامان كۆرۈش ئەھۋاللىرى مۇئامىلىنى ئادىل قىلمىغانلىقتىن يۈز بەرمەكتە.

مۇسۇلمانلارنىڭ بۇ رۇخسەتنى توغرا ئىستمال قىلماسلىقى بۇگۈنكى كۈندە ئىسلام دىنىغا يۈكلىنىپ ، زىيالىلارنىڭ ئىسلام دىنىغا تەتۈر قارايدىغان ئەھۋاللار شەكىللەنمەكتە.

كىشلەرنىڭ قىلغان خاتا ئىشلىرى ئىسلام دىنىغا ئارتىلماقتا. رۇخسەت دەرىجىلىك بىر ئىشنىڭ، ئىسلام دىنىنىڭ مەدەنىيەت يارىتىش يولىغا توسالغۇ بولالىشى ئۆيلىنىشقا تېگىشلىك بىر مەسىلە!.

بەزى مۇسۇلمانلار بۇ ساھەدە ھەر قانچە خاتالىشىپ كەتكەن بولسىمۇ، بۇ خاتالىقلار غەرب ئەللىرىنىڭ ئەخلاقسىزلارچە كۆپ ئاشنا تۇتۇش دەرجىسىدەك يامان ھاللەتكە يەتمەيدۇ.

بۈگۈن بەزى مۇسۇلمان رايۇنلىرىدا كۆپ ئاياللىق بولۇش مۇشكىلە ( قىيىنچىلىق) ھىساپلانمايدۇ. چۈنكى بىر ئايال بىلەن كۈپايىلىنىش ئىجتىمائى مۇشكىلە بولماقتا.

دىيارىمىزدا بەزى بىر قىسىم پۇلى بار كىشلەر ئادالەت پىرىنسىپى ۋە باللارنى ياخشى تەربىيلەش پىرىنسىپىنى ئۆلچەم قىلماي پۇلغا تايىنىپ مەخپى بىر قانچە ئايال ئېلىۋالىدىغان ئىشلار مەۋجۇد. بەزى بايلار نەپسىنى دەپ مەسئۇلىيەت بىلەن ھساپلاشمايدۇ. ھەر ئىككىلىسى رۇخسەتنى توغرا ئىستمال قىلمىغانلىق بولىدۇ.

شەرتكە رىئايە قىلالمايدىغانلار چوقۇم قىيامەت كۈنى جاۋابكارلىققا تارتىلىدۇ.

ئۇنىڭ ئۈستىگە ۋىجدانىنى، ئەخلاقىنى يوقاتقان بىر قىسىم شالتاقلار، بىر ئاز پۇلنى دەپ بىر ئوبدان كىتىپ بارغان ئائىلىنى بۇزۇشقا سەۋەبچى بولىدۇ....

## غەربلىشىپ كەتكەنلەرنىڭ بىر قانچە ئاياللىق بولۇشنى چەكلىشى

ئەپسۇسلىنارلىقى تەرىپى، ئىسلام جەمىيەتلىرىدىكى غەربلىشىپ كەتكەن بىر تۈركۈم ئىنسانلار ، بەزى مۇسۇلمانلار تەرىپىدىن يۈز بەرگەن خاتالىقلارنى پۈرسەت ـ غەنىمەت بىلىپ، بىر قانچە ئاياللىق بولۇش دەرۋازىسىنى ئومۇمىيۈزلۈك تاقاش لازىم دەپ چاقىرىق قىلماقتا.

ئەتىگەن، كەچ كۆپ ئاياللىق بولۇشنىڭ يامان تەرەپلىرىنى سۆزلىمەكتە. ۋاھالەنكى دىيارىمىزدا ماڭدامدا ئوچۇق ـ ئاشكارا يۈز بېرىۋاتقان زىنا ـ پاھىشىنىڭ يامان ئاقىۋەتلىرىنى بايان قىلىشقا كەلگەندە گاچىدەك قېتىپ تۇرماقتا.

تەشۋىقات ۋاستىللىرى بۇ ساھەدە جىددى رول ئويناپ، قانۇنلۇق بىر قانچە ئاياللىق بولۇشتىن ھۈركۈتۈپ، پاھىشە يولىنى كەڭ ئېچىۋەتمەكتە.

نەتىجىدە بەزى ئاياللار، يولداشلىرىنىڭ باشقا بىر ئايال بىلەن پاھىشە قىلىشىغا رازى بولىدۇكى، قانۇنلۇق باشقا بىر ئايال ئېلىشىغا رازى بولمايدۇ!!.

## چەكلىگۈچىلەرنىڭ دەلىل ـ پاكىتلىرى

چەكلىگۈچىلەر بەزى ئەرەپ ئەللىرىدە نەتىجە قازاندى، شۇنىڭ ئۈچۈن ئاللاھ ھالال قىلغان بىر قانچە ئاياللىق بولۇشنى ـ زۆرۈرىيەت تۈرسىمۇ ـ ھارام قىلىدىغان قانۇنلار يولغا قويۇلدى.

بۇ تۈردىكى ئىنسانلار بۇ مەسىلىنى شەرىئەت نامى بىلەن ئاقلاشقا ئۇرۇندى. بۇ مەسىلىگە پىقھى دەلىلەرنى پاكىت سۈپىتىدە ئوتتۇرغا قويۇشتى.

بۇلارنىڭ ھۆججىتى:" ھاكىم بىرەر مەنپەئەت ھاسىل قىلىش ياكى زىياننىڭ ئالدىنى ئېلىش ئۈچۈن بەزى مۇباھ ئىشلارنى چەكلىسە بولىدۇ".

بەزىلىرى نۇمۇسسىزلارچە قۇرئاننى دەلىلى سۈپىتىدە ئىسپات قىلىپ مۇنداق دەيدۇ: " قۇرئان كەرىم بىر دىن كۆپ ئاياللىق بولماقچى بولغانلارغا ئىككى ياكى بىر قانچە ئاياللىرى ئارىسدا ئادىل مۇئامىلە قىلىشقا كەسكىن ئىشەنچىنىڭ بولۇشنى شەرت قىلدى. كىم ئادىل قىلالماسلىقتىن قورقسا بىر ئايال بىلەن چەكلىنىش كېرەك دىدى. قۇرئان مۇنداق دەيدۇ: { ئەگەر(ئۇلارنىڭ ئارىسىدا) ئادىل بولالماسلىقتىن قورقساڭلار، بىر خوتۇن بىلەن ياكى قول ئاستىڭلاردىكى چۆرىلەر بىلەن كۇپايىلەنسەڭلار بولىدۇ. بىر خوتۇن بىلەن كۇپايىلىنىش زۇلۇم قىلماسلىققا ئەڭ يېقىندۇر } نىسا سۈرىسى 4 ـ ئايەت. مانا بۇ قۇرئاننىڭ بىر قانچە ئاياللىق بولۇشقا قويغان شەرتى... دېيىشىدۇ. بىراق بۇلارنىڭ دەلىل سۈپىتىدە كەلتۈرگەن ئايىتى ئۆز ئورنىدا بولمىغان.

بىز بۇ مەسىلىنى مۇنداق بايان قىلىمىز:

*** شەرىئەت زىيانلىق تەرىپى كۈچلۈك بولغان نەرسىنى مۇباھ قىلمايدۇ:

1. بىر قانچە ئاياللىق بولۇش نۇرغۇن بۇزۇقچىلىق، ئائىلە ۋە ئىجتىمائى زىيانلارنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ دېگەن گەپ ئوچۇق خاتا گەپتۇر.

بىز بۇ خاتالاشقۇچىلارغا دەيمىزكى، ئىسلام شەرىئىتى كىشلەرگە زىيانلىق نەرسىنى يولغا قويۇشى مۇمكىن ئەمەس. شۇنداقلا مەنپەئەتلىك نەرسىلەرنى ھارام قىلىشىمۇ مۇمكىن ئەمەس. تەكشۈرۈش ۋە مۇلاھىزە قىلىش نەزىرى بىلەن قارايدىغان بولسىڭىز، ئىسلام دىنى پاك مەنپەئەتلىك نەرسىدىن باشقىسىنى ھالال قىلمايدۇ ۋە نىجىس زىيانلىق نەرسىدىن باشقىسىنى ھارام قىلمايدۇ.

قۇرئان كەرىم بۇ نوقتىنى ئىپادىلەپ مۇنداق دەيدۇ: { ئۇ ئۇلارنى ياخشى ئىش قىلىشقا بۇيرۇيدۇ، يامان ئىش قىلىشتىن توسىدۇ، ئۇلارغا پاك نەرسىلەرنى ھالال قىلىدۇ، ناپاك نەرسىلەرنى ھارام قىلىدۇ} ئەئراف سۈرىسى، 157 ـ ئايەت.

ئىسلام شەرىئىتى مۇباھ دەپ ھۆكۈم قىلغان نەرسە ساپ مەنپەئەت ياكى كۈچلۈك مەنپەئەت بولۇشى لازىم. ئىسلام شەرىئىتى ھارام قىلغان نەرسە ساپ زىيان ياكى كۈچلۈك زىيان بولۇشى كېرەك. ھاراق ۋە قىمار مەسىلىسىگە نەزەر تاشلىسىڭىز، بۇ مەسىلە ناھايىتى روشەن . ھاراق ۋە قىمار توغرىسىدا ئاللاھ قۇرئاندا مۇنداق دەيدۇ: { (ئى مۇھەممەد!)سەندىن ھاراق ۋە قىمار توغرىسىدا سورىشىدۇ، سەن ئۇلارغا:« بۇنىڭ ھەر ئىككىسىدە چوڭ گۇناھ ۋە كىشىلەرگە(ئازغىنا ماددى)پايدىمۇ بار، لېكىن ئۇلاردىكى گۇناھ پايدىغا قارىغانداتېخىمۇ چوڭ» دېگىن } بەقەرە سۈرىسى، 219 ـ ئايەت.

ئىسلام دىنى بىر قانچە ئايالliق بولۇش مەسىلىسىدىمۇ مۇشۇ نۇقتىغا رىئايە قىلدى. مەنپەئەت ۋە زىيان ئارىسىنى سېلىشتۇرۇپ كۆردى. ئاندىن كېيىن بىر قانچە ئاياللىق بولۇشنى مۇھتاج بولغان ۋە ئادىل قىلالايمەن دەپ ئۆزىگە ئىشەنچىسى بولۇش شەرتى بىلەن ـ قادىر بولالايدىغان كىشىگە رۇخسەت قىلدى.

ئاللاھ :{ ئەگەر(ئۇلارنىڭ ئارىسىدا)ئادىل بولالماسلىقتىن قورقساڭلار،بىر خوتۇن } دەيدۇ.

بىرىنچى ئايالنىڭ مەنپەئەتى ئەر ـ ئاياللىق ئەرشىدە يالغۇز ئولتۇرۇش، باشقا بىر ئايالنىڭ بۇ ئەرشكە قول ئۇزارتماسلىقى بولسا؛ ئەرنىڭ مەنپەئەتى ھارامدىن ساقلىنىش ئۈچۈن ياكى كۆڭۈل خۇرسەنلىكى بولغان پەرزەنت كۆرۈش ئۈچۈن يەنە بىر ئايال بىلەن توي قىلىشتۇر. ئىككىنچى ئايالنىڭ مەنپەئەتى بولسا بويتاق ياكى تۇل ياكى تالاق قىلىنىشقا ئۇچراپ يالغۇز ياشىغاندىن كۆرە يېرىم ئەر بولسىمۇ، شۇنىڭ سايىسى ۋە ھىمايىسىدە ياشاشتۇر.

جەمئىيەتنىڭ مەنپەئەتى بولسا ھالال نىكاھ ئارقىلىق ئەرلىرىنى قوغداش، قىزلىرىنىڭ ئەخلاقىنى ھىمايە قىلىشتۇر.

غەرب ئەللىرىگە قارىسىڭىز، قانۇنلۇق بىر قانچە ئاياللىق بولۇشنى چەكلىگىنى بىلەن ئاشنىلارنىڭ بىر قانچە بولۇشنى رۇخسەت قىلدى. غەرب ئەللىرىدىكى كۆپ ئاشنا تۇتۇش ئەخلاق نۇقتىسىغىمۇ ئۇيغۇن ئەمەس ياكى ئىنسانپەرۋەرلىك ئۆلچىمىگىمۇ ئۇيغۇن ئەمەس.

چۈنكى ئەر ۋە ئايال جىنسى ھوزۇرلىنىشنى مەقسەت قىلىدۇ، مەسئۇلىيەتنى ئۈستىگە ئالمايدۇ. بۇ كۆرۈنۈش جەمئىيەتتە قانۇنسىز باللارنىڭ كۆپىيىپ، بۇزۇقچىلىقنىڭ يولىنى ئېچىپ بېرىدۇ.

سىزنىڭچە قايسى يول بەك زىيانلىقتۇر؟؟.

ئىسلام شەرىئىتى نەپىقە، تۇرالغۇ ـ جاي، كېيىم ـ كېچەك، يېتىپ قوپۇشتا بىرىنچى ئايالنىڭ ھوقۇقنى ئىككىنچى ئايالنىڭ ھوقۇقى بىلەن باراۋەر قىلدى. باراۋەرلىك بىر قانچە ئاياللىق بولۇشنىڭ شەرتىدۇر.

توغرا، بەزى ئەرلەر ئاللاھ پەرز قىلغان بۇ ئادالەت شەرتىگە رىئايە قىلمايدۇ.بۇ ئۇلارنىڭ شەخسى جىنايىتى ھېساپلىنىدۇ. ئىسلام شەرىئىتىنى توغرا تەتبىقلىماسلىق پىرىنسىپىنى ئەسلىدىن يوققا چىقىرۋەتمەيدۇ. ئۇنداق بولمايدىغان بولسا شەرىئەتنىڭ ھەممىسى ئەمەلدىن قالغان بولىدۇ.

### 2. ھاكىمنىڭ مۇباھ نەرسىلەرنى چەكلەش ھوقۇقى:

غەرب مەدەنىيىتىنىڭ قۇيرۇقچىلىرى: "ھاكىمنىڭ مۇباھ نەرسىلەرنى چەكلەش ھوقۇقى بولىدۇ" دېگەن مەسىلىگە مۇنداق دەيمىز:

شەرىئەتنىڭ ھاكىمغا بەرگەن ھوقۇقى: ھاكىمنىڭ كۈچلۈك مەنپەئەت ئۈچۈن بەزى ۋاقىتلاردا ياكى بەزى ئەھۋاللاردا ياكى بەزى كىشىلەرگە بەزى مۇباھ ئىشلارنى قىلىشقا چەكلىمە توختۇتۇش ھەققى بولىدۇ. بىراق مۇتلەق چەكلەش

ھوقۇقى بولمايدۇ. چۈنكى مەڭگۈ چەكلەش ھارام قىلغانغا ئوخشاشلا بىر ئىش، ھارام قىلىش ئاللاھنىڭ يالغۇز ھەققىدۇر.

مۇباھ نەرسىلەرگە چەكلىمە توختىتىش ھايۋانلارنىڭ تۆرىنى ساقلاپ قېلىش ئۈچۈن بەزى كۈنلەردە ھايۋانلارنى بوغۇزلاشتىن چەكلىگەنگە ئوخشاش ئىش.

ھەزرىتى ئۆمەرنىڭ دەۋرىدە مىسىردا كىۋەزنى مەلۇم مىقداردىن كۆپ تېرىشنى چەكلىگىنىگە ئوخشاش . ھەزرىتى ئۆمەرنىڭ ئۇنداق قىلىشىدىكى سەۋەب ئاساسلىق يېمەكلىك بولغان بۇغداينىڭ ئازىيىپ كەتمەسلىكى ئۈچۈن ئىدى.

دۆلەتنىڭ سىرلىرى، ئاياللار ئارقىلىق دۈشمەن تەرەپكە تاراپ كەتمەسلىگى ئۈچۈن، ئوفىتسىرلارنى ياكى دىپلوماتىيە خادىملارنى يات ئاياللار بىلەن توي قىلىشتىن چەكلىسە بولىدۇ.

ئاز سانلىق مۇسۇلمانلار ئولتۇراقلاشقان جەمىيەتلەردە، مۇسۇلمان قىزلىرىنىڭ زۇلۇمغا ئۇچرىماسلىقى ئۈچۈن ئەھلى كىتاپ( خىرىستىئان ۋە يەھۇدىلار ـ ئەسلىدە ئەھلى كىتاپ قىزلار بىلەن توي قىلىش ھالال) بىلەن توي قىلىشنى چەكلىسە بولىدۇ.

ئاللاھ تائالا ھالال قىلغان تالاق ياكى بىر قانچە ئاياللىق بولۇشقا ئوخشاش رۇخسەت ئىشلارنى مۇتلەق چەكلەش قوبۇل قىلىنمايدۇ.

*** : { قانچە تىرىشساڭلارمۇ ئاياللىرىڭلارغا (مۇھەببەتتە ۋە دىلنىڭ مايىللىغىدا) باراۋەر مۇئامىلىدە بولۇشقا ھەرگىز قادىر بولالمايسىلەر، شۇنىڭ ئۈچۈن بىرسىگە پۈتۈنلەي مايىل بولۇپ، ئىككىنچىسىنى(ئېرى باردەكمۇ ئەمەس يوقتەكمۇ ئەمەس)ئېسىپ قويۇلغان ئايالدەك تاشلاپ قويماڭلار } نىسا سۈرىسى، **129** ـ ئايەت .

بىر قانچە ئاياللىق بولۇشنى چەكلىگۈچىلەر يۇقىرقى ئايەتنى دەلىل قىلىدۇ. ئۇلارنىڭ دەلىل كەلتۈرۈشى رەت قىلىنىدۇ. چۈنكى مۇنداق دەلىل كەلتۈرۈش ئايەتنى ئۆز ئورنىدا ئىشلەتمىگەنلىك بولىدۇ.

ئۇنىڭ ئۈستىگە بۇلارنىڭ دەۋاتقان پاكىتى، رەسۇلۇللاھ ۋە ساھابىلەر بۇ ئايەتنى چۈشىنەلمەي قالغان ياكى چۈشەنسىمۇ قەستەن خىلاپلىق قىلغان دېگەن بەتنامنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

ئۇلار دەلىل كەلتۈرگەن ئايەتنىڭ ئۆزى دەل ئۇلارغا رەددىيە بولالايدۇ. ئاللاھ تائالا ئادىل قىلىشقا ئىشەنچىسى بولۇش شەرتى بىلەن بىر قانچە ئاياللىق بولۇشنى رۇخسەت قىلدى. ئاندىن تەلەپ قىلىنىۋاتقان ئادالەتنى بايان قىلىپ مۇنداق دىدى: { قانچە تىرىشساڭلارمۇ ئاياللىرىڭلارغا (مۇھەببەتتە ۋە دىلنىڭ مايىللىغىدا) باراۋەر مۇئامىلىدە بولۇشقا ھەرگىز قادىر بولالمايسىلەر، شۇنىڭ ئۈچۈن بىرسىگە پۈتۈنلەي مايىل بولۇپ، ئىككىنچىسىنى(ئېرى باردەكمۇ ئەمەس يوقتەكمۇ ئەمەس) ئېسىپ قويۇلغان ئايالدەك تاشلاپ قويماڭلار } نىسا سۈرىسى، **129** ـ ئايەت .

ئاياللار ئارىسدا مۇتلەق باراۋەرلىكنى ھاسىل قىلىش ئىنسانىيەت تەبىئىتىنىڭ تەقەززاسى بىلەن مۇمكىن بولمايدۇ. چۈنكى تولۇق ئادىل قىلىش قەلب مايىلچانلىقى ۋە جىنس تەلەپنى قاندۇرۇشتىمۇ ئوخشاش باراۋەر قىلىشنى تەلەپ قىلىدۇ. بۇ ئىش ئىنساننىڭ قولىدىن كەلمەيدۇ. چۈنكى ئىنسان بىر ئايالنى يەنە بىرسىدىن بەكرەك ياخشى كۆرىشى مۇمكىن، قەلب ئاللاھنىڭ قولىدا.

شۇنىڭ ئۈچۈن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئاياللىرى ئارىسدا نەپىقە، كىيىم ـ كېچەك ۋە يېتىپ قوپۇشتەك ئاشكارا ئىشلارنى تەقسىم قىلىپ بولغاندىن كېيىن مۇنداق دەيتتى: " ئى ئاللاھ! بۇ مېنىڭ تەقسىماتىم، كۈچۈمنىڭ يېتىشىچە ئادىل قىلىشقا تىرىشتىم، سەن ئىگە بولۇپ ( قەلب مايىلچانلىقى) مەن ئىگە بولالمايدىغان تەرىپى بولسا كەچۈرگىن".

قەلبىنىڭ مۇھەببىتىدە ئوخشاش باراۋەر قىلىش تەس. بۇ تەرەپتە بىر ئاز ئادىل بولماي قالسا ئاللاھ ئەپۇ قىلىدۇ. چۈنكى ئاللاھ ئىنساننى تاقىتى يەتمەيدىغان ئىشلاردا جازالىمايدۇ.

شۇنىڭ ئۈچۈن ئايەت مۇنداق دەيدۇ: { شۇنىڭ ئۈچۈن بىرسىگە پۈتۈنلەي مايىل بولۇپ، ئىككىنچىسىنى (ئېرى باردەكمۇ ئەمەس يوقتەكمۇ ئەمەس) ئېسىپ قويۇلغان ئايالدەك تاشلاپ قويماڭلار } نىسا سۈرىسى، **129** ـ ئايەت .

ئايەتنىڭ چۈشەنچىسى بىر ئاز مايىلچانلىق ئەپۇقىلىنىدۇ دېمەكچى. بۇ يەردىكى مايىلچانلىقتىن مەقسەت كۆڭۈل مايىلچانلىقى كۆزدە تۇتۇلىدۇ.

شەيخ ئابدۇلھەلىم مەھمۇد بىر قىسسە سۆزلەپ مۇنداق دەيدۇ: " بىر ئەرەپ شەھەرلىرىنىڭ بىرسىدە مۇسۇلمان كىشى قانۇنلۇق ئىككىنچى ئايال ئېلىشتىن چەكلىنىدۇ. بىر كىشى ئىككىنچى مەخپى نىكاھ قىلىپ، جاڭزا ئېلىشتىن باشقا پۈتۈن شەرتلىرىنى تولۇقلايدۇ. جاڭزا ئالاي دېسە، شۇ شەھەرنىڭ قانۇنى بىر قانچە ئاياللىق بولۇشنى ئېغىر جىنايەت سانايدۇ.

ئۇ كىشى ئۇ ئايالىنىڭ قېشىغا پات ـ پات بېرىپ كېلىپ تۇرىدۇ. ساقچىلار ئۇ ئادەمنى كۆزتىپ، ئىككىنچى ئايال ئالغانلىقىنى تەكشۈرۈپ، قانۇنغا خىلاپلىق قىلدى دېگەن تۆھمەت بىلەن قولغا ئالماقچى بولۇپ، ئەر ـ ئايال ئىككەيلەننى نەخ مەيدان ئۈستىدە قولغا ئېلىپ سوراق قىلىشقا باشلايدۇ.

ئۇ كىشى ناھايىتى ھۇشيار بىر ئىنسان ئىكەن، ساقچىلارغا: كىم سىلەرگە ئۇ ئايالنى مېنىڭ ئايالىم دەيدۇ؟ ئۇ ئايال مېنىڭ ئايالىم ئەمەس. پەقەتلا ئاشىقىم بولىدۇ، شۇڭا پات ـ پات ئۇچرىشىپ تۇرىمەن دەپ جاۋاب بېرىدۇ.

ساقچىلار ئۇ ئادەمدىن ھەيران بولۇشۇپ، ئۇ ئادەمگە كەمتەرلىك بىلەن: خاپا بولمىسىلا، ئۇقۇشماسلىق بولۇپ قاپتۇ. ئۇئايالنى سىلىنىڭ ئىككىنچى ئايالىرى دەپ ئويلاپ قاپتۇق. ئاشىقلىرى ئىكەنلىكىنى بىلمەيدىكەنمىز! دەپ ئۆزرە ئېيتىشىپتۇ. نەتىجىدە ئۇ ئادەمنى قويۇپ بېرىدۇ.

دېمەك ئاشنا تۇتۇپ زىنا قىلىش جىنايەت ھېساپلانماي، مەلۇم سەۋەب ئۈچۈن ئىككىنچى ئاياللىق بولۇش جىنايەت ھىسابلىناتتى.

خۇلاسە كالام

بىر قانچە ئاياللىق بولۇشنىڭ ھۆكمى مۇباھتۇر، بۇ ئىسلام دىنى تەشەببۇس قىلىدىغان ئىشلار قاتارىغا كىرمەيدۇ. قىلىسمۇ بولىدىغان، قىلمىسىمۇ بولىدىغان بىر ئىش.

بەزى كىشلەرنىڭ شارائىتى ياكى مەلۇم جەمئىيەتنىڭ شارائىتى بىر قانچە ئاياللىق بولۇش دەرۋازىسىنى ئۆزى ئېچىپ بېرىدۇ.

سىز رىئال تۇرمۇشتا ياشاۋاتقان بىر ئىنسان، جەمئيەتكە قاراپ بۇ ئىشنىڭ بەزىلەر خاتا تەشۋىق قىلغاندەك ياكى بەزىلەر خاتا تەتبىقلىغاندەك ئاياللارنىڭ ھوقۇقىنى كەمسىتىدىغان مەسىلە ئەمەس!.

ئاخىردا شۇنى تەكىتلەپ ئۆتىمەن، بىر ئاياللىق بولۇش ئەسلى قائىدە، كۆپ ئاياللىق بولۇش زۆرۈرىيەت تۈپەيلىدىن بولىدىغان ئايرىم ئەھۋال. ئۇ ئىجتىمائى ئېھتىياج، ئىككى تەرەپنىڭ پۈتىششى ۋە تولۇق رازىلىقى ئاستىدا بىر تەرەپ بولىدۇ.

مەن بۇ كۆز قارىشىم ئارقىلىق بىر قانچە ئاياللىق بولۇشنى چەكلىمەكچى ياكى بىر قانچە ئاياللىق بولۇشقا تەشەببۇس قىلماقچىمۇ ئەمەس، ئىشنى شەرىئەت كۆرسىتىپ بەرگەن ئۆز ئورنىدا قويايلى دېمەكچى.

# ئاياللارنىڭ ئىسلامدىكى ئورنى

" ئاياللارغا ياخشىلىق قىلىڭلار" بۇخارى ۋە مۇسلىم رىۋايىتى.
" ئاياللار ئەرلەرنىڭ يېرىمى" ئەبۇ داۋاد ۋە تىرمىزى رىۋايىتى.
" سىلەرنىڭ ياخشىڭلار، ئائىلىسگە( ئاياللغا) ياخشىلىق قىلدىغىنىدۇر". تىرمىزى رىۋايىتى.
" ئىنسان قىيامەت كۈنى : ئۆمرىنى قانداق ئۆتكۈزدى؟ بىلمىنى نىمگە ئىشلەتتى؟ ، مال ـ دۇنيانى قايسى يول بىلەن تاپتى؟ قايسى يوللارغا سەرىپ قىلدى؟ ۋە جىسمىنى نىمە ئىشلار بىلەن چىرتىۋەتتى؟ دېگەن بەش سوئالدىن سوراقتا تارتىلىدۇ" تىرمىزى رىۋايەت قىلغان.
" بىلىم ئىگلەش ئەر ۋە ئايال مۇسۇلمانلارغا پەرز" ئىبنى ماجە رىۋايىتى.

كىرىش سۆز

ھۆرمەتلىك ئوقۇرمەن بۈگۈنكى دەۋردە ئىسلام دۈشمەنلىرى ئىسلام دىنىغا شىددەت بىلەن ھۇجۇم قىلماقتا. دۈشمەنلەر بىزنىڭ ئاجىزلىق نۇقتىمىزدىن پايدىلىنىپ ئاپىلىرىمىز، ئاچىللىرىمىز ۋە سىڭىللىرىمىزنى، يىلتىزى يوق پارقىراق شوئارلار بىلەن ئىسلامغا قارشى خىزمەتكە سالماقتا.

ئۇنىڭ ئۈستىگە بىزنىڭ نادانلىقىمىزدىن ئاياللارنىڭ ئاڭ ـ سەۋىيسىنى يۇقىرى كۆتۈرەلمىگەنلىكىمىز، ئۇيغۇر ئاياللىرىنىڭ مەدەنىيەت ساپاسىنىڭ تۆۋەن بولۇشىغا ئېلىپ باردى. ئىسلام دىنىمىزنى ياخشى تولۇق چۈشەنمىگەنلىكىمىز ئۈچۈن، ئاپىلىرىمىز، ئاياللىرىمىز ۋە ئاچا ـ سىڭىللىرىمىزغا ئىسلام دىنىنىڭ نۇرلۇق ۋە شانلىق ماھىيىتىنى ئىزاھلاپ بېرەلمىدۇق. بىلىپ ـ بىلمەي ئىسلام نامى بىلەن ئاياللارغا ئاز ـ تولا زۇلۇم قىلىدىغان ئىشلارمۇ يۈز بەردى. ئۆزىمىزنى ئىسلاھ قىلالمىغانلىقىمىز ئۈچۈن ئاياللارنىڭ ئىسلامدىكى ئوبرازىنى ياخشى چۈشەندۈرەلمەي قالدۇق. ئاياللارنىڭ :" ئەرلەرنىڭ يېرىمى" ئىكەنلىكىنى ئۇنۇتتۇق.

مۇشۇ سەۋەبلەردىن ئاياللار غەرب ئەللىرىنىڭ پارقىراق شوئارلىرىغا ئالدىنىپ، مەسلىنىڭ ھەقىقىتىگە يېتەلمەي ئۆزلىرىنى ۋە مەدەنىيىتىنى يوقۇتۇپ قويماقتا.

ئەسلى قەلبى ئەڭ پاك، مېھرىبان، سۆيۈمچان ئاياللار يولدىن ئېزىپ تارىختىكى رولىنى ئۇنۇتماقتا. نەتىجىدە يارامسىز ئەۋلاد تەربىيلەشتىن ئاجىز كەلمەكتە ۋە جەمىيەتكە پىتنە پاسات تېرىماقتا.

ئاخىرى بېرىپ ئۆزى ئۇچرىغان بەزى زۇلۇملارنى ئىسلام دىنىدىن كۆرمەكتە. ئىسلام دىنى سايىسى ئاستىدا بەختلىك تۇرمۇش كەچۈردىغانلىقىنى ئۇنۇتماقتا. نادانلارنىڭ، چالا ـ مولللارنىڭ قىلىقلىرى ئىسلام يۈزىگە داغ بولۇپ، ئاياللارنىڭ ئىسلامدىكى ئورنىنى خۇنۇكلەشتۈرمەكتە.

شۇ سەۋەستىن ئاز ـ تولا سەۋىيەگە ئىگە بولغان ياكى ئىلىم ـ پەن يولىدا ئىلگىرلەۋاتقان ئاچا ـ سىڭىللىرىمىز ئىسلامنىڭ كۆرسەتمىسى بويىچە ماڭىسىڭىز ئىككىلى دۇنيادا بەختلىك بولسىز دېگەن ھەقىقەت سۆزگە ـ گەرچە يېقىنقى بىر قانچە ئەسىردىن بۇيان مەلۇم سەۋەپلەر تۈپەيلى تولۇق ئەمەللەشمىگەن بولسىمۇ ـ يالتىيىش نەزىرى بىلەن قاراپ، ئىسلام دىنىغا تولۇق باغلىنىپ قالسام ئەركىنلىكىم بوغۇلىدۇ، ئىرادەم سۇنىدۇ دەپ ئويلاشماقتا.

مەن مۇشۇ ۋەجىدىن مەدەنىيەتلىك ئۇيغۇر قىزلىرى ئالدىنىپ كەتكەن غەرب ئەللىرىدىكى ئاياللار بىلەن ئىسلام ئاياللىرىنى سېلىشتۇرۇپ :" ئاياللارنىڭ ئىسلامدىكى ئورنى" ناملىق بۇ ماقالىنى يېزىپ چىقتىم.

گەرچە ماقالە مەقسەتنى تولۇق ۋە قانائەتلىنەرلىك ھەل قىلالمىسىمۇ، بىر ئاز بولسىمۇ غەرب ئەللىرى تاراتقان

يالغان ياۋداق تۆھمەتلەرگە رەددىيە بېرىپ، ئاياللارنىڭ ئوبرازىنى ھەقىقى يوسۇندا ئېچىشقا يول ئېچىپ، مەسىلىگە كىرىش ئېغىزى بولغۇسى.

ئوتتۇرغا قويغان ھەر بىر نۇقتا سۆزۈمنى قۇرئان كەرىم، ھەدىس شەرىپ ۋە مۇتەپەككۇر ئالىملارنىڭ سۆزلىرى بىلەن كۈچلاندۇردۇم.

ھەقىقەتنى كۆرمەي يىراقتا تۇرۇپ، شۇئارغا ئالدىنىپ كەتكەن ئاچا ـ سىڭىللىرىمنىڭ بۇ ماقالىنى ئوقۇغاندىن كېيىن، ئىسلام دىنىغا ئەقىل دەرۋازىسىنى ئېچىپ، تەھلىل يۈرگۈزۈشنى ئۈمىد قىلىمەن.

ھەمدە ئۆزىنىڭ تارىختىكى ۋە ئىسلامدىكى مەجبۇرىيتىنى تونۇپ، تارىختا ئۆتكەن مەھمۇد قەشقىرى ، يۈسۈپ خاس ھاجىب، ناۋايى، فارابى، ئامانىسساخان، ئابدۇقادىر داموللام، نۇزۇگۇم ۋە ئابدۇخالىق ئۇيغۇر... غا ئوخشاش ۋەتەن سۆيەر ئۇلۇغ ئىنسانلارنى تەربىيلەپ يېتىشتۈرەلەيدىغان ئۇ دېگەن ئۈمىدتە، ئاياللارنىڭ ئىسلامدىكى ئورنىنى قىسقىچە بايان قىلدىم.

بەزىلەر تەسەۋۋۇر قىلغاندەك ئاياللار ئۆيدە ئولتۇرۇش ئۈچۈن يارىتىلغان ئەمەس، ئۇلار ئەرلەرنىڭ يېرىمىدۇر. ھەدىس شەرىپتا: " ئاياللار ئەرلەرنىڭ يېرىمى" دېيىلگەن.

ئەرنى ئەر قىلىدىغانمۇ ئايال، جەمىيەتنى تۈزىدىغان ۋە بۇزىدىغانمۇ ئايال. ئەلۋەتتە ئۇيغۇر ئاياللىرىنىڭ تۈزىدىغان، ئىسلاھ قىلىدىغان ۋە يارامىلىق قەيسەر ئەۋلاد تەربىيلەشتە ئالدىنقى سەپتىن ئورۇن ئالىدىغان، مەدەنىيەت يارىتىشتا يېڭىلىق يارىتالايدىغان بولۇشىنى ئۈمىد قىلىمىز!.

يۇقىرقى ئارزۇ ـ ئارمانلىرىمىزنى روياپقا چىقىرىش ئۈچۈن ، مۇسۇلمان خانىملارنىڭ چۈشەنچىسىنى ئىسلاھ قىلىشقا توغرا كېلىدۇ. ئاياللارنىڭ ئەدەپ ـ ئەخلاق ئىچىدە ئىجاتكار بولۇشى ئۈچۈن ئەرلەر ھاكىم مۇتلەقلىقتىن بىر ئاز چۈشۈپ، ئاياللارغا ـ شەرئەت ئاتا قىلغان دائىرە ئىچىدە ـ ھۆر جەمىيەت يارىتىش ئۈچۈن ئەركىنلىكىنى قويۇپ بەرمەك لازىم. ھۆر جەمىيەتنى ھۆر كىشىلەردىن باشقىسى تىكلىيەلمەيدۇ.

بۈگۈن بىز، ئۇلۇغ مۇتەپەككۇر ئالىملارنى تۇغۇپ يېتىشتۈرگەن ئاپىلارغا قاتتىق مۇھتاج، ھەزرىتى ئائىشىگە ئوخشاش ئالىم، فەقىھ ۋە سىياسىيۇن ئاپىلارغا تېخىمۇ مۇھتاج.

ھۆرمەتلىك ئوقۇرمەن، مەن بۇ ماقالەمدە، بىرىنچى تارماقتا: " ئىسلام دىنى ۋە غەرب نىزامى ئارىسىدىكى ئاياللار" دېگەن تېمىدا بىر ئاز توختالدىم. ئىككىنچى تېمىدا: "ئاياللارنىڭ ئىسلامدىكى ئورنى " تېمىسىدا توختالدىم.

بۇ تېما: ئاياللار ۋە ياشاش ھوقۇقى، ئاياللارنىڭ ئەركىنلىگى، ئاياللارنىڭ ئىجتىمائى ھوقۇقى، ئىقتىسادى ھوقۇقى ۋە سىياسى ھوقۇقى دېگەن تارماق تېمىلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

## 1 ـ ئىسلام دىنى ۋە غەرب نىزامى ئارىسىدىكى ئاياللار

ئاياللارنىڭ ئىسلام شەرىئىتىدىكى ھوقۇقى ۋە مەجبۇرىيەتلىرى:

ئىسلام شەرئىتى ئاياللارغا چېتىپ قويغان مەجبۇرىيەتلەر مەنبەسى، ئۇ بولسىمۇ ئاللاھ تائالاغا قۇلچىلىق قىلىشتۇر.

ئىنساننىڭ ئاللاھغا قۇلچىلىق قىلىشى، ئىسلام دىنىنىڭ بىرىنچى دەرجىلىك ھەقىقەتلىرىنىڭ بىرىسى، بەلكى ئۇ ئاللاھغا ئىمان كەلتۈرۈشنىڭ ئاساسىدۇر.

ئاللاھغا ئىبادەت قىلىش ۋە قۇلچىلىق قىلىشتا ئەر بىلەن ئايال ئارىسىدا ھېچقانداق پەرق يوق. دېمەك ئەرلەرگە يۈكلەنگەن مەجبۇرىيەتلەرنىڭ ئۆزى ئاياللارغا يۈكلەنگەن.

بۇ يەردىكى مەجبۇرىيەت دېگىنىمىزدىن مەقسەت ئاللاھنىڭ ھەققى ـ ھوقۇقىدۇر. ھەدىس شەرىپتە مۇنداق كەلگەن: " ئاللاھنىڭ بەندىلەر ئۈستىدىكى ھەققى، ئاللاھقا ھېچ نەرسىنى شېرىك كەلتۈرمەي ئىبادەت قىلىشتۇر. بەندىلەرنىڭ ئاللاھنىڭ ئۈستىدىكى ھەققى، شېرىك كەلتۈرمەي ئىبادەت قىلسا، ئاللاھنىڭ ئۇلارنى ئازاپلىماسلىقىدۇر"

ھەدىس شەرىپتە مەجبۇرىيەتلەر بىلەن ھەققى ـ ھوقۇق تەڭ بايان قىلىنغان، ئەر ـ ئاياللار بۇ مەسىلىدە باراۋەر. بۇ مەسىلىدە ئادالەتسىزلىك كۆرۈلمەيدۇ.

ئىسلام دىنى ئەرلەرگە ئۇلارنىڭ تەبىئىتىگە ماس كېلىدىغان مەجبۇرىيەتلەرنى، ئاياللارغا، ئۇلارنىڭ تەبىئىتىگە مۇناسىپ كېلىدىغان مەجبۇرىيەتلەرنى بەلگىلىدى.

بەزى بىر ئەرلەر تەكلىپ قىلىنغان ئىشلارغا ئاياللارنىڭ، ئاياللار تەكلىپ قىلىنغان ئىشلارغا ئەرلەرنىڭ تەكلىپ قىلىنماسلىقى ئەر ۋە ئاياللىق پەرقىدىن پەيدا بولغان ئەمەس. بەزى مەجبۇرىيەتلەرنىڭ ئوخشاشماسلىقى ھېكمەت ياكى مەنپەئەتكە ئالاقىدار سىرتقى ئامىللاردىن پەيدا بولغان.

ئەر ۋە ئاياللار ئارىسىدىكى مەجبۇرىيەتلەرنىڭ ئوخشاشماسلىقىدا ئەرلىك ۋە ئاياللىق سۈپىتىنىڭ ھېچقانداق ئالاقىسى يوق. بولۇپ قالسا سىرتقى ئامىللاردۇر.

بۇ ئايەتنى مۇلاھىزە قىلىپ كۆرسىڭىز ئەر ۋە ئاياللارنىڭ مەجبۇرىيەتتە ئوخشاش ئىكەنلىكىنى بايقايسىز : {مۇسۇلمان ئەرلەر ۋە مۇسۇلمان ئاياللارغا ،مۆمىن ئەرلەر ۋە مۆمىن ئاياللارغا، تائەت ـ ئىبادەت قىلغۇچى ئەرلەر ۋە تائەت ـ ئىبادەت قىلغۇچى ئاياللارغا، راستچىل ئەرلەر ۋە راستچىل ئاياللارغا، سەۋر قىلغۇچى ئەرلەر ۋە سەۋر قىلغۇچى ئاياللارغا، خۇدادىن قورققۇچى ئەرلەر ۋە خۇدادىن قورققۇچى ئاياللارغا، سەدىقە بەرگۈچى ئەرلەر ۋە سەدىقە بەرگۈچى ئاياللارغا، روزا تۇتقۇچى ئەرلەر ۋە روزا تۇتقۇچى ئاياللارغا، نەپسلىرىنى ھارامدىن ساقلىغۇچى ئەرلەر ۋە نەپسلىرىنى ھارامدىن ساقلىغۇچى ئاياللارغا، الله نى كۆپ زىكرى قىلغۇچى ئەرلەر ۋە الله نى كۆپ زىكرى قىلغۇچى ئاياللارغا الله مەغپىرەت ۋە كاتتا ساۋاب تەييارلىدى } سۈرە ئەھزاب **33** ـ ئايەت.

ئاياللارنىڭ مەجبۇرىيىتى ئاللاھقا قۇلچىلىق قىلغانلىقتۇر، ھەققى ـ ھوقۇقى بولسا ئىنسانلىقىدۇر.

## ئاياللارنىڭ غەرب جەمىيىتىدىكى مەجبۇرىيەتلىرى ۋە ھوقۇقلىرى:

يىراقتىن قارىماققا غەرب جەمىيىتىدىكى ئاياللارنى ھۆرمەت ۋە شەرەپ ئەرشىدىن ئورۇن ئېلىپ، ئەركىنلىك دېڭىزىدا ئۈزۈپ، ھوقۇقىدىن تولۇق پايدىلىنىۋاتىدۇ دەپ ئويلاپ قالىمىز!

غەرب جەمىيىتىگە ئىنچكە نەزەر تاشلىساق، غەرب ئاياللىرىنىڭ غەرب نىزامىدىكى شۇئارلارغا قۇربان بولۇپ كەتكەنلىكىنى ھېس قىلىمىز.

غەربتىكى مەجبۇرىيەتلەرنىڭ مەنبىيى ماددى مەنپەئەت ھۆكۈمرانلىقىدۇر. قىستۇرۇپ قويۇشقا تېگىشلىك بىر نۇقتا، غەرب ئاياللىرى قىلىۋاتقان ۋەزىپىلەرنىڭ كۆپىنچىسى ئىنسانىيەت ئۆلچىمى ۋە ئىسلام قىممەتلىرىگە ئۇيغۇن كېلىدۇ.

لېكىن غەرب ئەللىرى جەمىيەت تىكلەش ۋە خەۋەر ئېلىشتا، ماددى ئامىلدىن باشقا نەرسىگە ئۆلچەم تۇرغۇزمايدۇ. ئىسلام پرىنسىپلىرى ۋە دىنى قىممەتلەر ماددى ئامىلنى كۆپ ئامىللارنىڭ بىرسى دەپ قارايدۇ.

غەربتىكى ئاياللار بىر ئىش قىلىشقا قادىر بولالىسىلا ـ كىم بولۇشىدىن قەتئىي نەزەر ـ ماددى تۇرۇتكە سەۋەبىدىن ئۆزىدىن ئۆزى خەۋەر ئېلىشقا مەجبۇر بولىدۇ. ماددا غەرب جەمىيىتىنىڭ ئاساسى ۋە مەجبۇرىيەتلەرنىڭ مەنبىيىدۇر.

غەرب ئەللىرى ماددى پەلسەپىسى ئارقىلىق ئائىلىنى ۋەيران قىلىۋەتتى. ئەر ـ ئاياللىق مەجبۇرىيەتلەرگە خاتىمە بەردى. ئاتا ـ بالىلىق ئالاقىسى ئاجىزلاشتۇردى.

غەرب ئاياللىرى ئىختىيارلىقى بىلەن ئەمەس مەجبۇرى خىزمەت قىلىشقا ئۆچىردى. تۇرمۇش تەبىئىتى مۇناسىپ كەلمەيدىغان ئىشلارنى قىلىشقا قىستىدى.

بەزى كىشلەر غەرب ئاياللىرى بەخت ـ سائادەت ئىچىدە ياشىماقتا دەپ گۇمان قىلىشىدۇ، مەسلىنىڭ ئىچكى قاتلىمىغا چۆكسىڭىز بۇ نەزىرىيەنىڭ تامامەن خاتالىقى ئاشكارا بولىدۇ، چۈنكى ئەرلەر قىلىشقا تېگىشلىك ناھايىتى ئېغىر ئەمگەكلەرنىمۇ ئاياللارنىڭ قىلىۋاتقانلىقىنى كۆرسىز!.

ئاياللارنىڭ تەبىئىتىگە مۇناسىپ كەلمەيدىغان خىزمەتلەر ئاياللارنىڭ ئاياللىق تۇيغۇسىنى ئېرىتىپ تاشلىدى.

غەرب ئاياللارنى جەمىيەتكە يارامىلىق ئەۋلاد يېتىشتۈرۈش خىزمىتىدىن مەھرۇم قويىدى، چۈنكى جاپالىق خىزمەتتىن چارچاپ، ھېرىپ كەلگەن ئايال قانداقمۇ بالىلىرىنى يارامىلىق قىلىپ تەربىيلەپ چىقالىسۇن!.

ئاپىلىق دېگەن ئايالغا نىسبەتەن مۇقەددەس ۋەزىپە، پەرزەنتلەرنىڭ جىسمانى، مەنىۋى، ئەخلاقى تەرەپتىن ياخشى يېتىلىشى ئانىلارنىڭ رولىغا مۇناسىۋەتلىك. ئاتا ـ ئانا پەرزەنت تەربىيلەش ۋەزىپىسىدىن قېچىپ كېتىشى مۇمكىن ئەمەس.

پەرزەنت كۆرۈش مۇقەددەس قىممەت بولۇپ، ئۇ ئەرلەردىن كۆپرەك ئاياللارنىڭ بەخت سائادىتىدۇر. قۇرئان كەرىم پەرزەنت كۆرۈشنى خۇش ـ بىشارەت دەپ ئاتىغانلىقىغا قاراڭ!: { بىز ئىبراھىمغا ناھايىتى مۇلايىم بىر ئوغۇل بىلەن خۇش خەۋەر بەردۇق} سۈرە سافات **101** ـ ئايەت.

ئاپىلىق مۇتلەق ئىنسانى ۋە تەربىيە ۋەزىپىلىرى ئىچىدىكى ئەڭ بۈيۈك ۋەزىپىدۇر. قۇرئان كەرىم ئاياللارنىڭ قورساق كۆتۈرۈش ۋە پەرزەنت كۆرۈشتىكى جاپا ۋە كۈرشىنى تەكىتلەپ مۇنداق دەيدۇ: { ئىنسانىنى ئاتا ـ ئانىسىغا ياخشىلىق قىلىشقا بۇيرۇدۇق. ئانىسى ئۇنى (قورسىقىدا) ئۈستى ـ ئۈستىگە ئاجىزلىق بىلەن كۆتۈردى. ئىككى يىلدا ئۇنى ئەمچەكتىن ئايرىدى. (ئى ئىنسان!) ماڭا ۋە ئاتا ـ ئاناڭغا شۈكۈر قىلغىن، ئاخىر قايتىدىغان جاي مېنىڭ دەرگاھىمدۇر} سۈرە لوقمان **14** ـ ئايەت.

غەرب ئەللىرى توختىماي ھەر خىل مۇناسىۋەتلەر ۋە ھەر خىل ئۇسۇللار ئارقىلىق ئاياللارنىڭ ئىجتىمائى، ئىقتىسادى ۋە سىياسى ھوقۇقىغا ئېرىشىشى، ۋە ھەممە ئىشلاردا، ھەر قانداق شارائىتتا ئەرلەر بىلەن باراۋەر بولىشى لازىم دەپ جار سالىدۇ. لېكىن غەرب جەمىيىتىدە بولۇۋاتقان ئىشلار شۇئارلارنىڭ ئەكسىچە. غەربنىڭ تەشۋىق قىلىۋاتقان ئەركىنلىكى جىنسى ئەركىنلىكتىن ئىبارەت. چۈنكى ئايال ياش ۋاقتىدا بىر مەزگىل ياپرىۋالغان بىلەن ياشىنىپ قالغاندا، ھۆرمىتىنى ساقلايدىغان ماكان تاپالماي قالىدۇ.

ئائىلە ئالاقىسى بولمىغانلىقى ئۈچۈن ئاياللارغا خاس پاناھگاھلار غەرب ئەللىرىدە كۆ ص ئۆچراپ تۇرىدۇ. بۇ ماكانغا كىرىپ قالغان ئاياللار تاماق ۋە شارابتىن باشقا ھەممە نەرسىدىن ئايرىلىدۇ.

يەنى ياش ۋاقتىدا بىر خىل ھايات كەچۈرسە، ياشانغاندا جەمىيەت تەرەپتىن تامامەن سەل قارىلىدىغان بىر خىل ھالەتكە دۇچار بولىدۇ. باللىرىمۇ تونىماس بولۇپ بەلكى قېچىپ تۇرۇپ تۇرمۇش كەچۈرىدۇ.

ئەمما ئىسلام جەمىيىتىدە بولسا، ئاياللار ياشانغانچە قەدىر قىممىتى كۈندىن ـ كۈنگە كۆتۈرلۈپ، ئەرلەرنىڭ قەلبى ۋە كۆزىدىكى ئورنى ئېشىپ بارىدۇ. ياشانغان ئاياللار ھۆرمەت بىلەن مۇئامىلە قىلىنىدۇ. چۈنكى ئانىنىڭ مۇقەددەسلىكى ياشانغانچە روشەنلىششكە باشلايدۇ، نەتىجىدە ئائىلە ئەزالىرىنىڭ ھۆرمىتىگە ئېرىشىدۇ.

## 2. ئاياللارنىڭ ئىسلامدىكى ئورنى

ئىسلام دىنى ئاياللارغا بىكىتكەن ھۆرمەت ۋە شان ـ شەرەپ، بارلىق ئىنسانلارغا قارار قىلغان ھۆرمەتنىڭ پارچىلانماس بىر قىسمى. ئۆز ۋاقتىدا ئاللاھ مۇنداق دېگەن :{ شەك ـ شۈبھىسىزكى، بىز ئادەم باللىرىنى ھۆرمەتلىك قىلدۇق، ئۇلارنى قۇرۇقلۇقتا (ئۇلاغلارغا) مىندۇردۇق، دېڭىزدا (كېمىلەرگە) چىقاردۇق، ئۇلارنى شېرىن يېمەكلىكلەر بىلەن رىزىقلاندۇردۇق، ئۇلارنى مەخلۇقاتلىرىمىزنىڭ نۇرغۇنىدىن ئۈستۈن قىلدۇق} ئىسرا سۈرىسى 70 ـ ئايەت.

ئىسلام دىنى بۇ ھۆرمەتنى ئەر ـ ئايالغا ئوخشاش باراۋەرلىك ئاساسىدا تەكىتلىدى. بىر ـ بىرىدىن ئارتۇق شەرەپكە ئىگە بولۇشنى تەقۋالىق ۋە ياخشى ئەمەل مىزانى بىلەن باغلىدى.

## ** ئاياللار ۋە ياشاش ھوقۇقى:

ياشاش ھوقۇقى ئاللاھ ئىنسانغا ئاتا قىلغان ھوقۇقلارنىڭ مۇقەددەسرەكى ھېساپلىنىدۇ، چۈنكى ئۇ باشقا ھوقۇقلارنىڭ ئاساسى، بۇلىقى ۋە ۋۇجۇدىيەتكە كىلىشنىڭ سىرىدۇر.

ياشاش ھوقۇقىنىڭ مۇقەددەسلىكى بۇ ئايەت كەرىمدە كۆرۈنۈپ تۇرىدۇ:{ كىمكى ناھەق ئادەم ئۆلتۈرمىگەن ياكى يەر يۈزىدە بۇزغۇنچىلىق قىلمىغان بىر ئادەمنى ئۆلتۈرسە، ئۇ پۈتۈن ئىنسانلارنى ئۆلتۈرگەندەك بولىدۇ، كىمكى بىر ئادەمنى تىرىلدۈرسە (يەنى قۇتقۇزسا ياكى ھايات قېلىشىغا سەۋەبچى بولسا)،ئۇ پۈتۈن ئىنسانلارنى تىرىلدۈرگەندەك بولىدۇ} مائىدە سۈرىسى 32 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

قاراڭلار، ئايەتتە ئەر ـ ئايال دەپ پەرقلەندۈرمەي، ئادەم دېگەن سۆزنى ئىستىمال قىلغىننى!.

" ھۇنەين" مەرىكىسىدە رەسۇلۇللاھ بىر مۇشرىك ئايالنىڭ ئۆلۈكىگە كىشلەرنىڭ ئولىشىۋالغانلىقىنى كۆرۈپ: " بۇ ئايال ئۇرۇشقان ئەسكەرلەر قاتارىدا بولمىسا نېمە دەپ ئۆلتۈرۈلدى" دەپ بولۇپ، بىر ئادەمگە: " سەن بېرىپ خالىدغا، رەسۇلۇللاھ : بالا ـ چاقىلارنى ۋە ئاياللارنى ئۆلتۈرمىسۇن" دەيدۇ دېگىن دېگەن.

بۇھەدىسنىڭ روھىغا قارايدىغان بولساق، شىرىك ھالىتى ئۇ ئايالنىڭ ـ ئاياللىقىغا تەسىر يەتكۈزۈشتىن سىرىت ـ ھاياتىنىڭ مۇقەددەسلىكىگە تەسىر يەتكۈزمىگەنلىكىنى كۆرەلەيسىز!

رەسۇلۇللاھ: " مۇسۇلمانلارنىڭ قانلىرى باراۋەر" دېگەن.

ئىسلام دىنى ئەر ـ ئاياللار ئىنسانلىق سۈپىتىدە ئورتاق دېگەن پىرىنسىپنى قارار قىلغان چاغدا، فىرانسىيە مىلادىيە 6 ـ ئەسىردە ئېچىلغان قۇرۇلتىيىدا ئايال كىشىنىڭ ـ ئايال كىشى ئىنسان جىنسىمۇ ياكى باشقا نەرسىمۇ ـ ھەقىقىتىنى بىلىشكە ئۇرۇنۇۋاتقان ئىدى.

قۇرئان كەرىم جاھىلىيەت قەبىللىرى قىزلارنى كۆمۈۋېتىشكە ئوخشاش ناچار ئىشلارنى قىلغانلىقىنى ھارام قىلىپ ئايەت چۈشۈرۈۋاتقان چاغدا، رىم ئىمپىرىيىسى ئوتتۇرا ئەسىرلەردە ئاياللارنى جىنايەتسىز ئۆلگۈچە ئازاپلاش بىلەن ھوزۇرلىنىدىغان ئىدى. ئاياللارنىڭ پۇتلىرىدىن ئاتلارغا سۆرىتىپ پارچە ـ پارچە قىلىۋېتىدىغان، بىر تۈركۈم ئاياللارنى تۈۋرۈككە باغلاپ بىر قانچە كۈن ئاستىدىن ئاستا خاراكتىرلىك ئوت تۇتاشتۇرۇپ گوشلىرىنى چۈشۈرۈۋېتىدىغان ئىدى.

رىم ئىمپىرىيىسى كېڭىيىپ گۈللىنىشكە باشلىغان چاغدا، ئىسراپخورلۇق ۋە ھاۋايى ـ ھەۋەس ئېڭى ئۇلارنى ئىگىلەپ كىتىدۇ. شۇنىڭ بىلەن ئۇلار ئاياللاردىن ھىجابنى ئېلىپ تاشلاشقا باشلايدۇ، بۇئىشتا تەرەققى قىلىپ، ئاياللار ھەممە ئىشلارنى ئىگىلەشكە باشلايدۇ. ئەخلاقسىزلارچە بۇ ئارلىششتا رەزىل ئىشلارنىڭ ھەممىسى يۈز بېرىدۇ. نەتىجىدە ئەرلىرىنىڭ ھىممىتى بوشاپ، ئىرادىسى ئاجىزلىشىپ، ئۆزلىرىنى يوقۇتۇشقا باشلاپ، بۇزغۇنچىلىق ئەۋجىگە چىقىدۇ. شۇئارلىقتا ئاياللارغا قارىتا كۆز قاراش يۆلىنىشى ئۆزگىرىپ، جەمىيەتتە يۈزو

بەرگەن پاساتچىلىقنىڭ ھەممىسى ئاياللارنىڭ سەۋەبىدىن بولغان دەپ قاراپ، ئاياللارغا ئاداۋەت قىلىشقا باشلايدۇ. ئاخىرى ئەھۋال يۇقىردا بايان قىلغىنىمدەك ئاياللارنى ئازاپلاش بىلەن ھوزۇرلىنىدىغان ھادىسىلەر يۈز بېرىدۇ.

بۇگۈنكى غەرب تىيارتىخانىسىمۇ ـ رىم مەدەنىيىتىنىڭ ئۆگەي بالىسى ـ مۇشۇ ھىكايىنىڭ ئۆزىنى تەكرارلايدۇ. بىرىنچى بۆلۈم ئاخىرلىشىپ، تىراگىدىيىلىك ئىككىنچى بۆلۈمنىڭ ئالامەتلىرى كۆزى ئۆتكۈر كىشىلەرگە كۆرۈنمەكتە.

ئاياللارغا پەس نەزەر بىلەن قارايدىغان ئەھۋال رىم ئىمپرىيىسىگە خاس ئەمەس. ھىندىستان، گىرېتسىيە ۋە بابىل مەدەنىيىتى تارىخىغا نەزەر تاشلاڭ!.

بابىل مەدەنىيىتى ئاياللارنى چارپاي ھايۋانلارنىڭ بىر تۈرى دەپ قارايتتى، ئۇلارنىڭ ھېچ قانداق ھوقۇقى يوق ئىدى.

گىرېتسىيەدە بولسا ئاياللار خىلمۇ ـ خىل باسقۇچلارنى بېشىدىن كەچۈرگەن، گىرېتسىيە قانۇنىدا ئاياللارنىڭ ھوقۇقى ھىمايە قىلىنمايدىغان ئىدى. بەزى ئاتىلار 10 قىزى بولسا 7 قىزىنى ئۆلتۈرۈۋەتسە ھېچ بىر سوراققا تارتىلمايدىغان ئىش يوق ئىدى!. . . .

يىغىپ ئېيتقاندا، ئۆتۈپ كەتكەن مەدەنىيەتلەردە ئاياللار، چوڭ مەدەنىيەتلەر ئىسراپخورلۇق ۋە پەسكەشلىك باسقۇچىغا قەدەم قويغاندا بىر ئاز كۆڭۈل بۆلۈشكە ئېرىشەلەيتتى. سەۋەبى ئايالنىڭ ئىنسان تۈرى بولۇپ، ياشاش ھوقۇقىنىڭ بولغانلىقىدىن ئەمەس، بەلكى ئەرلەر ھاياتىدىكى ھوزۇرلىنىش تەلەپلىرى سەۋەبىدىن ئىدى. مەدەنىيەت چۈشكۈنلەنگەندە ئاياللارنى شۇم دەپ قارايتتى، ئۇلارنىڭ ھۆرمىتى بولمايتتى.

مانا بۇئىسلام دىنى بىلەن باشقا مەدەنىيەتلەرنىڭ ئاياللارنىڭ ئورنىغا بولغان كۆز قارىشى.

** ئاياللار ۋە سالاھىيەت ھوقۇقى

سالاھىيەتتىن مەقسەت مەدەنى ھوقۇقلىرى كۆزدە تۇتۇلىدۇ. ئىلگىرىكى مىللەتلەر ئايال كىشىگە نىسبەتەن ھېچقانداق قابىلىيەت ۋە سالاھىيەتنى ئېتىراپ قىلمايدىغان ئىدى. شۇ سەۋەبتىن ئايال كىشى مەدەنى ھوقۇقلىرىدىنى بەھرىمان بولالمايتتى. ئۇ مىللەتلەر، ئەرلەر ئاياللارنىڭ ئىگىسى، خالىغانچە ئىش قىلايدۇ دەپ قارايتتى. نەتىجىدە ئاياللار قۇلنىڭ ئورنىدا كۆرىلەتتى.

ھىندى، چىن، گېرمانلار ئاياللارغا مىراس قالدۇرمايتتى، گىرېتسىيەلىكلەر بولسا، ئوغۇل بولمىسا ئاندىن قىزلارنى مىراسخور قىلاتتى.

ئاياللارغا بۇ خىل نەزەر بىلەن قاراش يېقىنقى زامانغىچە يېڭى مەدەنىيەتلەردە تېپىلاتتى. فىرانسىيەدەك بىر جەمىيەتتە يېقىنقى زامانغا قەدەر ئاياللار شەخسى مال ـ مۈلكى بىلەن مۇئامىلە قىلىشقا ـ يولدىشىنىڭ رۇخستى بولمىسا ـ يول قويۇلمايتتى. يولدىشى يوق بولۇپ قالسا، شەخسى ئىگدارچىلىقىدىكى يەر مۈلۈككە ئوخشاش نەرسىلەرنى ئېلىپ سېتىش ھوقۇقى يوق ئىدى. ئېرىنىڭ رۇخستىسىز ھەدىيەمۇ قوبۇل قىلالمايتتى.

ئىنگىلىس پەيلاسوپى " ھېربېرت سىبىنسىر"، جەمىيەت ئىلمى ناملىق ئەسىرىدە مۇنداق دەيدۇ: " ئەنگىلىيەدە ئاياللار 11 ـ ئەسىرگىچە سېتىلاتتى. 11 ـ ئەسىرىدە چىركاۋ مەھكىمىسى، ئەر بولغۇچى ئايالنى باشقا بىر ئادەمگە مەلۇم مۇددەتكىچە ئارىيەتكە بېرىپ تۇرسا بولىدۇ دەپ قانۇن يولغا قويدى. ئىشنىڭ يامانراق تەرىپى، ئىسلزادە بەگلەر بولسا دېھقاننىڭ ئايالى بىلەن 24 سائەت جىنسى مۇناسىۋەت ئۆتكۈزۈش ھوقۇقىغا ئىگە ئىدى.

1567 ـ يىلى سكوتلاندىيە پارلامېنتى: ئايال كىشىگە ھېچقانداق ھوقۇق بېرىلىشى توغرا ئەمەس دەپ قارار

چىقاردى. 8 ـ پادىشاھ ھىنرىنىڭ دەۋرىدە ئەنگلىيە پارلامېنتى، ئايال كىشىلەرنىڭ مۇقەددەس كىتاپ ئوقۇشى چەكلىنىدۇ دەپ قارا چىقارغان.

ئىسلام دىنى كەلگەندە، ئاياللارنىڭ تۇرلۇك مەدەنى ھوقۇقلاردا ئەرلەردىن مۇستەقىللىقنى تەكىتلىدى، شەخسى ئىگدارچىلىقىدىكى مۈلۈكلىرىنى ـ ئەقىللىق بولسا ـ خالىغانچە بىر تەرەپ قىلىش ھوقۇقىغا ئىگە دەپ جاكارلىدى.

ئالله تائالا ئەر ۋە ئاياللارنىڭ مۇستەقىل ھوقۇقىنى بايان قىلىپ مۇنداق دەيدۇ: { ئى مۆمىنلەر!الله سىلەردىكى بىر ـ بىرىڭلاردىن ئارتۇق قىلغان نەرسىلەرنى(ھەسەت قىلىش يۈزىسىدىن)ئارزۇ قىلماڭلار، ئەرلەر قىلغان ئەمەللىرىدىن ھەسسىدار بولىدۇ، ئاياللارمۇ قىلغان ئەمەللىرىدىن ھەسسىدار بولىدۇ. الله دىن ئۇنىڭ پەزلىنى تىلەڭلار(الله بېرىدۇ). الله ھەقىقەتەن ھەممە نەرسىنى بىلگۈچىدۇر} نىسا سۈرىسى 31 ـ ئايەت.

مەسىلەن، ئالله تويلۇقنى ئاياللارغا خاس مۈلۈك قىلىپ بەلگىلىدى. ئاتا ياكى تاغا ياكى ئاكا ـ ئىنە ياكى باشقىلارنىڭ ئاياللارنىڭ تويلۇقىدىن بىر ئاز بولسىمۇ ئېلىۋېلىشىدىن چەكلەپ مۇنداق بايان ئىلان قىلدى: { ئاياللارغا ئۇلارنىڭ مەھرىلىرىنى خۇشاللىق بىلەن سوغا قىلىپ بېرىڭلار. ئەگەر ئۇلار ئۇنىڭدىن بىر قىسمىنى سىلەرگە ئۆتۈنۈپ بەرسە، ئۇنى مەززىلىك، سىڭىشلىق(يەنى پاك ھالال بىلىپ) يەڭلار} نىسا سۈرىسى 4 ـ ئايەت.

ئاياللار ـ ئەرلەردىن مۇستەقىل ـ بەھرامان بولالايدىغان مەدەنى ھوقۇقلارنىڭ بىرىسى، ئەر تاللاشتىكى شەرىئەت ئاتا قىلغان ھوقۇقىدۇر. ـقىزنىڭ ئىگىلىرى گەرچە يىگىت تاپسىمۇ ـ قىز ـ بالاغەتكە يەتكەن ئەقىللىق بولسا ـ مۇۋاپىق كۆرمىسە قوشۇلماسلىق ھوقۇقى بار.

ئابدۇللاھ ئىبنى ئابباس رىۋايەت قىلغان بىر ھەدىستە:" بىر قىز پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ قېشىغا يىغلاپ كېلىپ، دادىسىنىڭ مەجبۇرى ئۇ قىز ياقتۇرمايدىغان بىرسى بىلەن توي قىلىپ قويغانلىقى توغرىسىدا دەردىنى تۆكتى, پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئىشتىن خەۋەردار بولۇپ، ئۇ قىزغا ئۆي تۇتۇپ قېلىش ياكى ئاجرىشىپ كېتىش توغۇرلۇق ئىختىيارلىق بەردى". ئەبۇداۋاد ۋە ئەھمەد رىۋايىتى.

ھەزرىتى ئائىشە ھەدىس بايان قىلىپ مۇنداق دەيدۇ:" بىر قىز مېنىڭ قىشىمغا كىرىپ: دادام مېنى ئاكىسىنىڭ ئوغلىغا ياتلىق قىلدى، مەن ئۇ بالىنى ياقتۇرمايتتىم، دادامنىڭ مۇنداق قىلىشى مېنى ئۇ بالىغا بېرىپ بىر ئاز يۈز تېپىش ئىدى دىدى. ھەزرىتى ئائىشە: رەسۇلۇللاھ كەلگىچە ئولتۇرۇپ تۇرۇڭ! دىدى. رەسۇلۇللاھ كەلگەندە، ھەزرىتى ئائىشە ئىشنىڭ تەپسىلاتىنى خەۋەر قىلدى. شۇنىڭ بىلەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇ قىزنىڭ دادىسىغا ئادەم ئەۋەتىپ چاقىرتىپ كەلگەندىن كېيىن، قىزغا ئىختىيارلىق بەردى. ئۇ قىز: ئى رەسۇلۇللاھ، دادامنىڭ قىلغان ئىشنى بويتۇ قىلىۋەتتىم، لېكىن مۇنداق قىلىشىمدىكى سەۋەب، ئاتىلارنىڭ بالاغەتكە يەتكەن قىزلىرى توغرىسىدا مەجبۇرى توي قىلىپ قويۇش ھوقۇقىنىڭ يوقلىقىنى ئاياللارغا بىلدۈرۈپ قويماقچى ئىدىم دىدى" نەسەئى رىۋايەت قىلغان.

مۇباھ نەرسىلەرنى قولغا كەلتۈرۈش، ئىقتىسادى مۇئامىلە، مىراس ۋە ھەدىيە ئىقتىسادى مەنبەلەر ئىكەنلىگى تونۇشلۇق مەسىلە. بۇ مەسىلىدە ئەر ـ ئاياللار ئوخشاش ھوقۇققا ئىگە. خىزمەتكە ھەق ئېلىش مەسىلىدىمۇ ئاياللار ئەرلەر بىلەن ئوخشاش، ئەمەلگە قارىتا ھەق ئالىدۇ.

ئامانلىق بېرىش ياكى كېپىل بولۇشتەك ئىشلاردىمۇ ئاياللار ئەرلەر بىلەن ئوخشاش. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بۇ توغرىدا: " ئالله ھنىڭ ئامانلىقى بىردۇر. ئۇ ئامانلىقنى تۆۋەن تەبىقىدىكى كىشىلەرمۇ بېرەلەيدۇ. مۆمىنلەر

بىر ـ بىرىگە ئىگە" دېگەن. ئىمام ئەھمەد رىۋايەت قىلغان.

قۇرئاننىڭ بۇ ئايىتىگە نەزەر تاشلاڭ: { مۆمىن ئەرلەر،مۆمىن ئاياللار بىر ـ بىرى بىلەن دوستتۇر، ئۇلار (كىشىلەرنى) ياخشى ئىشلارنى قىلىشقا بۇيرۇيدۇ، يامان ئىشلاردىن توسىدۇ، نامازنى(تولۇق)ئادا قىلىدۇ، زاكات بېرىدۇ، الله غا ۋە الله نىڭ پەيغەمبىرىگە ئىتائەت قىلىدۇ، ئەنە شۇلارغا الله رەھىم قىلىدۇ، الله ھەقىقەتەن غالىبتۇر، ھېكمەت بىلەن ئىش قىلغۇچىدۇر } تەۋبە سۈرىسى 71 ـ ئايەت.

مانا بۇئىسلام دىنىنىڭ ئاياللارنىڭ قابىلىتى ۋە سالاھىيىتى دائىرىسىدە بىكىتكەن ئىشلارنىڭ بىرسىدۇر. غەرب ئەللىرى مۇشۇ ھوقۇقلارنى ھەقىقى تەتبىقلاش ساھەسىدە ـ يالغانچىلىق قىلماي ـ ئىتراپ قىلامدۇ؟

فرانسىيىلىك يازغۇچى " فرانسىس كىيرى" خانىم مۇنداق دەيدۇ: " غەرب ئاياللىرى خىزمەت باراۋەرلىك ھەققى ـ ھوقۇقى ۋە ئاياللىق ھۆرمىتى ھوقۇقىغا ئېرىشەلمەيۋاتىدۇ" سۆزىنى داۋاملاشتۇرۇپ: " ئەر ـ ئاياللارنىڭ كۆپىنچىسى مەغلۇب بولغان چاغدا، ئۆز ـ ئارا تىزلام بىر ـ بىرىنى ياخشى كۆرۈشتىن توختىشىدۇ. چۈنكى ئۇلارنىڭ ئالاقىسى كونترول قىلغۇچى بىلەن كونترول ئارىسىدىكى ئالاقە. ئەر بۇيرۇيدۇ، ئايال ئىتائەت قىلىدۇ. . . بىز ئايالنىڭ ھوقۇقىنى كۆپرەك ھىمايە قىلىدىغان باشقىچرەك مەدەنىيەت ئېڭىغا مۇھتاج".

غەرب ئاياللىرى نېمىلا بولمىسۇن، بۈگۈنكى كۈندە ياۋروپانىڭ ھەر تەرەپلىرىگە تاراپ كەتكەن قۇلچىلىق قاپقانلىرىنىڭ بىرسىگە چۈشىدۇ. چۈنكى قىز ياكى ئايال يۇقىرى مائاش بەدىلىگە تۈرلۈك ئىشلارنى قىلىشقا توختام قىلىپ ئالدىنىدۇ. ئۇلار مائاشنىڭ ھەجمىنى ئاڭلاپ، كارخانىچىلارغا مۇتلەق ئىشىنىپ تەسلىم بولىشىدۇ. ئۇلار شەخسىيتىنى ئىسپاتلايدىغان ( پاسپورت، سالاھىيەت گۇۋاھنامىسى) نەرسىللىرىدىن ئايرىلىپ قالغاندا، قۇل بازىرىدا پاھىشىغا سېتىلىدۇ. تەھدىت ۋە بېسىم ئاستىدا پاھىشە قىلىشقا مەجبۇرلىنىپ ئائىلىسى بىلەن ئالاقىسى ئۈزۈلىدۇ.

1991 ـ يىلى ئېچىلغان خەلقئارالىق ئاياللار بىرلەشمىسىنىڭ يىغىنىدىكى دوكلاتىدا، 3 مىليونغا يېقىن ئاياللار سېتىۋېتىلىپ، دۇنيانىڭ ھەر قايسى جايلىرىدا پاھىشە قىلىشقا مەجبۇرلانغان. بۇ خىل تىجارەتنى قىلىدىغان شىركەتلەرنىڭ مەركىزى ياۋروپانىڭ ھەر قايسى جايلىرىدا تېپىلىدۇ. خام ماددىلارنىڭ ئاساسى شەرقى ياۋروپا، لاتىن ئامىرىكىسى ۋە جەنۇبى شەرقى ئاسىيادۇر.

بۇ نۇقتىنىڭ ئاخىردا شۇنى قىستۇرۇپ ئۆتۈش لازىمكى، ئەنگىلىيە قانۇنى پەقەت100 يىل ئىلگىرى، ئەر كىشى ئايالدىن شۇملىنىپ قالسا، ئايالنى سېتىۋەستە بولىدۇ دەپ ھۆكۈم قىلاتتى. لوندۇن شەھىرىنىڭ مەشھۇر بىر مەركىزىدە بويىنىغا تاقاقلار سېلىنىپ، كۆرگەزمىگە سېلىنغان ئاياللارنىڭ سۈرەتلىرى ۋە ھەيكەللىرى ھازىرمۇ كۆرۈنۈپ تۇرۇپتۇ.

**** ئاياللار ۋە ئەركىنلىك:**

ئەركىنلىكتىن مەقسەت، سىرىتقى ئەركىنلىك كۆزدە تۇتۇلىدۇ. ئىنسان مۇشۇ ئەركىنلىك بىلەن ئازىنى قورشاپ تۇرغان ئالەم بىلەن ئالاقە قىلالايدۇ.

ئىنسان ئاللاھنىڭ قۇلى بولۇپ، ئاللاھ ئۇنىڭغا بۇ دۇنيادا يولنى كەڭرى ئېچىپ بەرگەن بىر مەخلۇق. ئىنسان ئەركىنلىك دائىرىسى ئىچىدە خالىغاننى قىلىش ئەركىنلىكىگە ئىگە.

ئاللاھ بۇئەركىنلىكنى ئىپادىلەپ مۇنداق دەيدۇ: { كاپىرلار (قىيامەتنىڭ دەھشىتىنى كۆرگەندە، دۇنيادىكى چېغىمىزدا) مۇسۇلمان بولغان بولساقچۇ، دەپ ئارمان قىلىدۇ. (ئى مۇھەممەد!) ئۇلارنى (يەنى كۇففارلارنى مەيلىگە) قويۇۋەت، يەپ ـ ئىچىپ، ئويناپ ـ كۈلۈپ يۈرسۇن، ئۇلار بىھۇدە ئارزۇلار بىلەن بولىۋەرسۇن، ئۇلار

ئۇزاققا قالماي (ئۆز قىلمىشلىرىنىڭ يامانلىقىنى) بىلىدۇ} ھىجر سۈرىسى 2 ـ 3 ـ ئايەتلەر.

مۇتلەق ئەركىنلىك بار دەپ ئېتىقاد قىلىش خىيالدىن ئىبارەت. چۈنكى ئىنساننىڭ ئەركىنلىكىنى، ئىنساننىڭ ئەقلى، دىنلار، قانۇنلار، جەمئىيەت ۋە باشقىلارنىڭ ھوقۇقى مۇتلەق بولمىغان دائىرىگە كىرگۈزۈپ قويىدۇ. ئىنسان ئورمانلىقتا ياشىغان تەقدىردىمۇ مۇتلەق ئەركىنلىكتە ياشىيالمايدۇ، چۈنكى ئۇ يەردىمۇ تەبىئەتنىڭ كۆرۈنۈشلىرى، ۋەھشى ھايۋانلار ئىنساننىڭ ئەركىنلىكىگە چەك ـ چېگرا توختىتىپ قويىدۇ.

ئىسلام دىنىدىكى ئەركىنلىكنىڭ دائىرىسى ناھايىتى كەڭرى. باشقىلارنىڭ ھوقۇقى ياكى رەزىل قىلمىش بولمىسا ئۇ ئەركىنلىكنى ھېچ نەرسە چەكلىيەلمەيدۇ. شۇ ۋاقىتتا ( باشقىلارنىڭ ھوقۇقىغا تەسىر يەتكۈزۈش ياكى رەزىل قىلمىش يۈز بەرگەندە) ئەركىنلىك مەجبۇرىيەت ۋە مەسئۇلىيەتنىڭ باشلىنىشى ئۈچۈن توختىتىلىدۇ.

ئىسلام دىنىدىكى ئەركىنلىكنىڭ يۇقىرىسى ئىمان ئېيتىش ياكى ئىمان ئېيتماسلىق ئەركىنلىكىدۇر.: { (ئى مۇھەممەد!) «(بۇ) ھەق (قۇرئان) پەرۋەردىگارىڭلار تەرىپىدىن نازىل بولدى، خالىغان ئادەم ئىمان ئېيتسۇن، خالىغان ئادەم كاپىر بولسۇن» دېگىن، بىز ھەقىقەتەن كاپىرلار ئۈچۈن تۇتۇن پەردىلىرى ئۇلارنى ئورىۋالىدىغان ئوتنى تەييارلىدۇق، ئۇلار (تەشنالىقتىن) سۇ تەلەپ قىلسا، ئۇلارغا مەدەن ئېرىتمىسىگە ئوخشاش، يۈزلەرنى كۆيدۈرۈۋېتىدىغان (ناھايىتى قىزىق) سۇ بېرىلىدۇ، بۇ نېمىدېگەن يامان شاراب! جەھەننەم نېمىدېگەن يامان جاي! } كەھف سۈرىسى 29 ـ ئايەت.

يەنە: { دىندا (ئۇنىڭغا كىرىشكە)زورلاش يوقتۇر، ھىدايەت گۇمراھلىقتىن ئېنىق ئايرىلدى، كىمكى تاغۇت(يەنى الله دىن باشقا بارچە مەبۇد)نى ئىنكار قىلىپ، الله غا ئىمان ئېيتىدىكەن، ئۇ سۇنماس،مەھكەم تۇتقىنى تۇتقان بولىدۇ ، الله (بەندىلىرىنىڭ سۆزلىرىنى)ئاڭلاپ تۇرغۇچىدۇر،(ئىشلىرىنى)بىلىپ تۇرغۇچىدۇر } بەقەرە سۈرىسى 256 ـ ئايەت.

ئىسلام دىنى كۆپىرلىق ئەركىنلىكىنى قارار قىلىپ، باشقا دىنىدىكىلەرگە دىنى ئەركىنلىك بىرىپ، بەلكى ئۇلار بىلەن بولىدىغان مۇئامىلىدە باراۋەرلىك پىرىنسىپىنى توختاتقان تۇرسا، يەنە نېمە تەلەپ قىلىنىدۇ؟.

ئىسلام دىنى ئاياللارغا يېتەرلىك ئەركىنلىك بەردى... ئاياللارنى ھەقسىز ھاكىم بولىۋالىدىغان ھەر قانداق ھوكۆمرانلاردىن ئازات قىلدى. ئاياللارغا ئىمان، دىن ۋە ئەقىدە ئەركىنلىكىنى بەردى.

ئايال كىشى ئىرىغا تەۋە بولۇپ دىنىنى ئۆزگەرتمەيدۇ. مەسىلەن، بىر مۇسۇلمان ئەر مۇسۇلمان بولمىغان بىر ئايال بىلەن توي قىلغان بولسا، ئۇ ئايالنى دىنغا كىرىشكە مەجبۇرلارش ياكى ئېتىقادى سەۋەبلىك خورلاشنى ئىسلام دىنى چەكلەيدۇ.

خۇلاسىلاپ ئېيتقاندا ئىسلام دىنى ئەرلەرگە بەرگەن ھوقۇقلارنىڭ ـ باشقىلارنىڭ ۋە جەمئىيەتنىڭ مەنپەئەتىگە تاقىشىدىغان بىر قانچە ئىشنى ھىساپقا ئالمىغاندا ـ ھەممىسنى ئاياللارغىمۇ بەردى.

ئىنساننىڭ جىسمى شەخسى مۈلۈكى قاتارىغاكىرمەيدۇ، چۈنكى جىسىم ئاللاھ تەرىپىدىن ئىنسانغا قويۇلغان ئامانەت. بەدەندىكى ھەر بىر ئەزانىڭ ھوقۇقى ۋە مەجبۇرىيىتى بولىدۇ. مەسىلەن: كۆزۈم مېنىڭ ، مەن پايدىلىنىش ھوقۇقىغا ئىگە، لېكىن مەن كۆزۈمنى قويۇۋېتىشكە ھەققىم يوق. چۈنكى بۇ هارام، زىيانلىق ۋە ئەقىلسىزلارچە ئىشتۇر. شۇنداقلا باشقىلارنىڭ خاس ئەزالارغا قاراشقىمۇ مېنىڭ ھەققىم يوق.

ئۇنداق بولغاندا ئايال كىشى بەدىنى توغرىسىدا خالىغاننى قىلىشقا ھوقۇقلۇق ئەمەس، بەدىنىنى خالىغان بىرسىگە بېرىشكە تېخىمۇ ھوقۇقى يوق.

ئاياللار باشقىلارغا زىيان يەتكۈزمىگەن ۋە جەمئىيەتتە بۇزۇقچىلىق پەيدا قىلمىغان شەرت ئاستىدا خالىغان

نەرسلەرنى ئىستىمال قىلىشا ۋە زىنىنەتلەنىسە بولىدۇ.

ئاياللارنىڭ تار ۋە نىپىز كىيىملەر بىلەن ئەزالىرىنى يالىڭاچلاپ جىنسى ھوزۇرلۇنۇش ئويۇنچىقىغا ئايلىنىپ قېلىشى ئاياللار ئۈچۈن ھاقارەتلىك بىر ئىش.

شۇنى ئالاھىدە ئەسكەرتىش لازىمكى، ئىسلام دىنىدا پاھىشە ۋە يولسىز پاسكىنا قىلىقلارنى قىلىش ئەركىنلىكى يوق.

ئايال كىشىلەرنىڭ ئەۋرەت جايلىرىنى ئېچىپ ، ھايا ـ نومۇستىن چەتنەپ كوچىلاردا مېڭىشى جەمىيەتكە ۋە ئاياللارنىڭ ئۆزىگە يامان ئاقىۋەت كەلتۈرىدۇ. ئاياللارنىڭ بۇ خىل كۆرنىشى ئەرلەرنى ئەخلاقسىز قىلىقلارغا ئىتتىرىشكە سەۋەب بولىدۇ. چۈنكى ئەرلەر ھاۋايى ـ ھەۋسىنى كونترول قىلىشتا ئاياللاردىن ئاجىز كېلىدۇ. ئەرلەر ـ ئاياللارنىڭ ئەكسىچە ـ ئاياللارنىڭ گۈزەللىكى ۋە يېرىم يالىڭاچ ئەزالىرىغا بىر قاراش بىلەن ھېس تۇيغۇللىرى قوزغىلىدۇ. ئاياللارنىڭ جىنسى پسىخولوگىيە ھالىتى ئەرلەرگە بىر قاراش بىلەن قوزغالمايدۇ.

ئاياللارنىڭ ھايا ۋە ئەدەپ ـ ئەخلاق كىيىملىرىگە دىققەت قىلماسلىقى جەمىيەتتە پاھىشە، بۇزۇقچىلىق ۋە ئائىلىنىڭ پارچىلىنىشىغا سەۋەب بولىدۇ. مۇنداقچە قىلىپ ئېيتقاندا نۇرغۇن ئائىلىنىڭ بىر ئوبدان تۇرمۇشىنىڭ بۇزۇلىشىغا ئەخلاقىغا رىئايە قىلمايدىغان ۋە ئەخلاقسىزلىق ئىشلارنىڭ يۈز بېرىشىگە سەۋەبچى بولىدىغان قەلبى ناپاك ئاياللار مەسئۇلدۇر.

شۇڭا بەزى نۇقتىلاردا ئەركىنلىكنى مەلۇم تۈرلەردە چەكلىگەنلىك، (يەنى دائىرىگە كىرگۈزگەنلىك) ئەركىنلىكنى بوغقانلىق بولمايدۇ، بەلكى كىشىلەر ئارىسىدا ئادالەتنى تارقىتىش، مەنپەئەتلىك، ھەمكارلىق جەمىيتنى تۇرغۇزۇش ئۈچۈن ئىجتىمائى ۋە مەدەنى ھوقۇقىقا رىئايە قىلغانلىق بولىدۇ.

ئىسلام دىنى جىنسى ئالاقىنىڭ ھەممىسنى چەكلەيدۇ دەپ ئويلاپ قالماڭ!... ئىسلام دىنى جىنسى مۇئامىلىنى ئىنساننىڭ ۋۇجۇدىدىكى جانلىق ئېنىرگىيە دەپ قارايدۇ، ئاللاھ بۇئېنىرگىيەنى ياراتتى، ئۇنىڭغا قارىتا كۆڭۈلدە بەدەننىڭ تاقىتىگە مۇناسىپ ھېس ـ تۇيغۇلارنى ئاتا قىلدى.

جىنسى رىغبەتنى قاندۇرۇش ئۈچۈن پاك ۋەزىيەتنى رىئاللىققا ئايلاندۇرۇپ بېرىدىغان ئۆي ھازىرلاپ بەردى. ئىسلام دىنى ئىنساندىكى جىنسى رىغبەتنى پەقەتلا ھالال ئىش دەپ قاراپ قالماستىن ، بەلكى ئۇ ئىشنى ساۋاب ۋە كاتتا ئەجىرنىڭ يولى دەپ جاكارلىدى.

بۇ ھەقتە رەسۇلۇللاھ : " سىلەرنىڭ ھالال جىنسى تۇرمۇشۇڭلاردىمۇ سەدىقە بار" دېگەندە، ساھابىلەر: ئى! رەسۇلۇللاھ، بىز ئەر خەقلەر ئاياللىرىمىزدىن جىنسى تەلپىمىزنى قاندۇرساق مۇشۇ ئىشتىمۇ ساۋاب بولامدۇ؟ دەپ ئەجەبلىنىپ سوراشتى.: رەسۇلۇللاھ : " شۇنداق ساۋاب بولىدۇ، مەن سىلەردىن سوراپ باقاي!، ئەگەر بىر ئادەم جىنسى تەلپىنى ھارام يولدىن قاندۇرسا گۇناھ بولامدۇ ياكى بولمامدۇ؟" دېگەندە، ئۇلار : شۇنداق گۇناھ بولىدۇ دېيىشتى، رەسۇلۇللاھ : ئۇنداقتا جىنسى تەلپىنى ھالال يولدىن قاندۇرسا، ساۋاب بولىدۇ" دېگەن.( مۇسلىم رىۋايىتى).

ئىنسانلاردىكى جىنسى رىغبەت دۇنيا ۋە ئاخىرەت ھالاۋەتلىرىنىڭ قاتارىدىن، بۇ ئىش ھالال بولۇپ، ئىنسان بۇ ئىشدا شەرىئەت كۆرسىتىپ بەرگەن قانۇنلۇق يول بىلەن ئېلىپ بارسا ساۋابقا ئېرىشىدۇ.

قۇرئان مۇنداق دەيدۇ: { ئاياللار بىلەن ئۇنىسى ـ ئۈلپەت ئېلىشىڭلار ئۈچۈن)الله نىڭ) ئۇلارنى سىلەرنىڭ ئۆز تىپىڭلاردىن ياراتقانلىقى، ئاراڭلاردا)يەنى ئەر ـ خوتۇن ئارىسىدا)مېھىر ـ مۇھەببەت ئورناتقانلىقى الله نىڭ)كامالى قۇدرىتىنى كۆرسىتىدىغان) ئالامەتلىرىدىندۇر، پىكىر يۈرگۈزىدىغان قەۋم ئۈچۈن، شەك ـ

شۈبھىسىزكى، بۇنىڭدا نۇرغۇن ئىبرەتلەر بار} رۇم سۈرىسى **21** ـ ئايەت.

پسىخولوگىيە ۋە جىنسىي خاتىرجەملىك ئەر ـ ئاياللىق ھاياتىدىكى بىرىنچى ئاساس. ئۇ ئىشتىياق، لەززەت ۋە مۇھەببەت تۇيغۇللىرىنىڭ ئىپادىسىدۇر. جىنسىي مۇناسىۋەت ئارقىلىق قەلب ۋە ئەقىلدىكى تەبئىي داۋالغۇش يوقۇلىدۇ. كۆڭۈل جىنسىي تۇرمۇشسىز خاتىرجەم بولالمايدۇ. ( يەنى قانۇنلۇق جىنسىي ئالاقە ئىككىنىلىش ۋە داۋالغۇشنىڭ داۋالىرىنىڭ بىرسىدۇر).

ئىسلام دىنى ئىنسان تەبئىتىنىڭ ئىتتىرگۈچى كۈچلىرىگە قارشى ئۇرۇش ئوتى ئاچمايدۇ ياكى قەبىھ سانىمايدۇ، بەلكى ئۇ ئىشلارنى رەتكە سالىدۇ، ھەمدە ھايۋانى دەرجىدىن ، ئىنسانى دەرجىسىگە كۆتۈرىدۇ.

دىمەك ئاياللارنىڭ ئىجتىمائى ئالاقىسىدىكى ئەركىنلىكىنى ـ باشقىلارنىڭ ئەركىنلىكى ھىمايە قىلىش ۋە قانۇنلۇق مەنپەئەتلىرىگە رىئايە قىلىشنى تەقەززا قىلىپ قالمىسا ـ باشقا نەرسە چەكلىيەلمەيدۇ.

غەرب ئەللىرى داۋراڭ سېلىۋاتقان ۋە تارقىتىشقا ئۇرۇنىۋاتقان ئاياللار ئەركىنلىكى ئاساسەن قالايمىقان جىنسىي ئەركىنلىك بولۇپ تار دائىرىدە چەكلىنىپ تۇرۇپ قالماقتا.

**2003** ـ يىلى **11** ـ ئاي ئىچىدە ئاياللار ئەركىنلىكىنى دەۋا قىلىدىغان ۋە ئەركىنلىكنىڭ مەيدانى دەپ تونۇلغان فرانسىيە ھۆكۈمىتى ياغلىق سالغان مۇسۇلمان قىزلارنى مەكتەپتىن چىكىندۈرگەن، گېرمانىيەنىڭ بافارىيا ۋىلايىتى بولسا ھىجاب ئاتقان خانىملارنى دەرس ئۆتۈشتىن چەكلىگەن. لېكىن گېرمانىيە ئالىي سوت مەھكىمىسى : خالىغان ئاياللار ھىجاب سېلىش ھوقۇقىغا ئىگە دەپ ھۆكۈم چىقارغان. فرانسىيە زۇڭلىسى :" ھىجاب( ياغلىق) سالغان قىزلارغا فرانسىيە مەكتەپلىرىدە ئورۇن يوق" دەپ باياناات ئىلان قىلدى. فرانسىيە زۇڭتۇڭى جاك شىراك: " ھىجاب فرانسىيە جەمىيىتىگە تەھدىت سېلىۋاتقان مەدەنىيەت رىقابىتى، بۇنى كەسكىنلىك بىلەن بىر تەرەپ قىلماق لازىم دەپ تەكىتلىگەن". ئاياللار ئەركىنلىك مەشئىلىنى كۆتۈرۈۋالغان ئامېرىكىمۇ بىر قانچە قىزلارنى ياغلىق سەۋەبىدىن مەكتەپتىن ئاجرىتىۋەتكەن، ياغلىق سالغانلىق سەۋەبىدىن مۇسۇلمان ئاياللار ھازىرغىچە ئاھانەتكە ئۇچرىماقتا.

ئاياللار چېچىنى ئوچۇق قويۇش بىلەن ھىجاب سېلىش ئارلىقىدا نېمە توسالغۇ بار؟ ئاياللار چېچىنى ئوچۇق قويۇپ يۈرسە كاللىسى بەك ئىشلەيدىغان بولۇپ كېتەرمۇ؟

ئەركىنلىك ئاياللارنىڭ ھوقۇقى ئەمەسمۇ؟ ئاياللارنىڭ خالىغان ئېتىقادنى قوبۇل قىلىشى، خالىغان ئىشلارنى قىلىش ئەركىنلىكىنىڭ قاتارىغا كىرمەمدۇ؟

ئاياللارنى ئازات قىلىش لازىم دەپ چاقىرىدىغانلار، سىلەر ئاياللارنى نېمىدىن ۋە قانداق ئازات قىلماقچى؟

نېمە ئۈچۈن ئەركىنلىك پېشۋالىرى بولغان غەرب ئەللىرى ئاياللارنىڭ يالىڭاچ يۈرىشى ۋە قالايمىقان قىلىقلارنى قىلىشىغا رۇخسەت قىلىدۇيۇ، نېمىشقا بېشىغا رومال سېلىپ ھىجاب ئارتىشىغا رۇخسەت قىلمايدۇ؟ رومال ئارقىدا قېلىشنىڭ سىمۋۇلىمۇ ـ يا؟ ئاياللارنى ياغلىق سېلىشتىن چەكلەش ئاياللارنىڭ ئەركىنلىكىنى بوغقانلىق ۋە ئىرادىسىنى سۇندۇرغانلىق ئەمەسمۇ؟

دىمەك غەرب ئەللىرىدىكى ئاياللار ئەركىنلىكى يالىڭاچلىق ۋە كۆپ ئاشنا تۇتۇش ئەركىنلىكىدىن ئىبارەت. بولمىسا غەرب ئەللىرىدە ياشايدىغان مۇسۇلمان خانىملارنى ياغلىق سېلىشتىن چەكلىمىگەن بولاتتى.

خىرىستىئان ئاياللىرى ۋە يەھۇدى ئاياللىرى دىنىنىڭ بەلگىلىمىسى بويىچە دىنى كىيىملىرىنى كەيسە، بۇئارقىدا قالغانلىق ھىساپلانماي ، ئېپپەت ـ ھاياسىنى ساقلاش، جەمەتىنىڭ پاك مەنىۋىيىتىنى ھىمايە قىلىش ۋە دىنىنىڭ كۆرسەتمىسىگە بويسۇنۇش ئۈچۈن بېشىغا ياغلىق سالسا، ئارقىدا قالغانلىق ۋە زۇلۇمغا ئۇچرىغانلىق

ھساپلىنىدىغان ئىككى يۈزلىمە ئۆلچەم نەدە بار؟

غەرب ئەللىرى ئاياللارنىڭ ئىرادىسىنى بوغۇپ، ئۇلارنى قۇل ئورنىغا چۈشۈرۈپ ھەر خىل تەشۋىقات ۋاستىللىرى بىلەن تىنىنى سېتىشقا مەجبۇرلايدىغان ئەھۋال زىكىر قىلىشتىن بىھاجەت.

توغرا بىز مۇسۇلمانلار – خۇسۇسەن ئۇيغۇرلار – ئاياللارنى ئازات قىلىشقا مۇھتاج، قانداق ئازات قىلىمىز؟ نېمىدىن ئازات قىلىمىز؟

ئۇيغۇر ئاياللىرى تارىختىن بۇيان غەرب ئاياللىرىغا ئوخشاش چاكىنىلىشىپ كەتكەن ۋە قۇل ھالىتكە چۈشۈپ قالغان ئەھۋال مەۋجۇت ئەمەس.

بىز ئاياللارنىڭ جىسمى ۋە ئەزالىرىنى ئېچىش ئارقىلىق ئازات قىلىشقا مۇھتاج ئەمەس. ئۇيغۇر ئاياللىرىدىكى ھايا ۋە ئىپپەت نومۇسىنى قوغدىغانلىق، ئىلگىرى ياكى يېقىنقى زاماندا بولسۇن جەمىيەتكە يارامىلىق ئوغۇللارنى تەربىيلەپ يېتىشتۈرگەن. ئەگەر ئۇيغۇر ئاياللىرىمۇ چاكىنىلىشىپ كەتسە، تارىختا يەنە بىر قېتىم مەھمۇد قەشقىرى ۋە يۈسۈپ خاس ھاجىپلار مەيدانغا قەتئى كەلمەيدۇ.

ئۇيغۇر ئاياللىرى ئەزالىرىنى ئېچىشقا ئەمەس، بەلكى ئەقلى ، ئوي – تەپەككۇرى، ئىدىيىسى، ھايات كۆز قارىشىنى ئېچىپ، مەدەنىيەت سەۋىيىسىنى يۇقىرى كۆتۈرۈشكە مۇھتاج.

ئاياللارنى نادانلىق، بىلىمسىزلىك، جاھىللىق، – دىنىنىڭ كۆرسەتمىسى بولمىغان – خۇراپات ۋە ئەپسانىلەردىن، جاپاكەشلىكتىن ۋە جاھالەت كۆز قاراشلىرىدىن ئازات قىلايلى. ئاياللارنىڭ جىسمى ئازات قىلىشقا مۇھتاج ئەمەس.

ئەخلاقى چاكىنا ئۇيغۇر قىزلىرىنى بولسا ناپاك قىلمىشلاردىن، ئەخلاقسىزلىقلاردىن ئازات قىلىپ، مەدەنىيەتلىك ۋە غورۇرلۇق ئائىلىگە ئىگە قىلىش ئارقىلىق ئازات قىلايلى.

ناپاك قەلب ۋە قالاق ئىدىيەنى ئازات قىلماي تۇرۇپ مەۋجۇدلىقنى ساقلاش مۇمكىن ئەمەس. بۇ ناھايىتى روشەن مەسىلە.

ئىسلام دىنى ئاياللارنى 14 ئەسىر بۇرۇن مىسلى كۆرۈلمىگەن دەرىجىدە، ئاپىلىق، ئاياللىق، ئاچىلىق ۋە سىڭىللىق كارامىتى ۋە ھۆرمىتى بىلەن ئازات قىلىپ بولغان.

خۇلاسە شۇكى، ئاياللار چېچىنى ۋە ئەۋرەت ئەزالىرىنى ئېچىشقا ئەمەس، بەلكى ئەقلى ۋە ئىنسانپەرەرلىكىنى ئېچىشقا مۇھتاجدۇر.

شۇنىڭ ئۈچۈن زىيالىرىمىز ئېڭىدا شۈبھى بولۇۋاتقان بىر قانچە نۇقتىلار ئۈستىدە قىسقىچە توختۇلۇپ ئۆتىمەن:

### 1. خىزمەت ئەركىنلىكى:

ئىسلام دىنى ئەرلەرگە مۇباھ قىلغان قانۇنلۇق ئىشلارنىڭ ئۆزىنى ئاياللارغىمۇ مۇباھ قىلدى. ئەرلەرگە ھارام قىلغان ھەبىر ئىشلارنىڭ ئۆزىنى ئاياللارغىمۇ ھارام قىلدى.

ئاللاھ تائالا ئەر ۋە ئاياللارنىڭ خىزمەتلىرىنى ئورۇنلىشى ئۈچۈن ئىستىلى ۋە ئىجتىمائى ئەدەب – ئەخلاقلارنى بەلگىلىدى.

مەسىلەن، ئاللاھ تائالا ئاياللارنىڭ ئىپپەتلىك كۆرنىشكە رىئايە قىلىشىنى پەرز قىلدى ۋە يات ئەرلەر بىلەن خالى تۇرۇپ قېلىشىنى ھارام قىلدى. شۇنىڭ ئۈچۈن ئاياللارنىڭ ئىپپىتىگە تەسىر يەتكۈزىدىغان ئىش ھەرىكەت ياكى خىزمەتلەرنى قىلىشى توغرا بولمايدۇ. شۇنداقلا ئەرلەرنىڭمۇ ئىپپەتلىك يۈرمەيدىغان ئاياللار بىلەن بىر

ئورۇندا خىزمەت قىلىشى دۇرۇس بولمايدۇ.

ئەر ۋە ئاياللارغا ئوخشاش قارىتىلغان بۇ چەكلىمە يوقالسا، ئاياللار - سانائەت، يېزائىگىلىك، تىجارەت..... كە ئوخشاش - قانۇنلۇق خىزمەتلەرنى قىلسا بولىدۇ. بىراق خىزمەتلەر ئائىلە ۋە جەمىيەتنىڭ تەلىپىنىڭ تەقەززاسى بىلەن ئۇسسۇشۇپ قالغاندا، قايسى مۇھىم ئورۇندا تۇرسا شۇنى قىلىشتىن ئىبارەت قائىدىگە رىئايە قىلماق لازىم.

بىر قانچە پەرزەنت كۆرگەن ئايال، جەمىيەتنىڭ تۈرلۈك خىزمەتلىرىگە دۇچ كېلىدۇ، بىر ۋاقىتتا ھەممىسىنى كۆتۈرۈپ كېتىشكە قادىر بولالمايدۇ. مەسىلەن: يولدىشىنىڭ ھالىدىن خەۋەر ئېلىش، بەخت - سائادەتنىڭ دەرۋازىسىنى ئېچىش تەرەپتىن تەلەپ قىلىنسا، يەنە بىر تەرەپتىن پەرزەنتلىرىنى ياخشى تەربىيلەشتىن تەلەپ قىلىنىدۇ، شۇنداقلا سەۋىيىلىك بولۇش ھۆكمى بىلەن ئۆزىگە مۇناسىپ خىزمەت تاللاپ جەمىيەتكە ھەسسە قوشۇش تەرەپتىن تەلەپ قىلىنىدۇ.

ۋاقىت بۇ خىزمەتلەرنىڭ ھەممىسىنى بىر ۋاقىتتا ئورۇنداشقا ماس كەلمەسلىكى مۇمكىن!.

شۇنىڭ ئۈچۈن مۇھىمنى بىر تەرەپ قىلىش قائىدىسىگە رىئايە قىلمىقى لازىم بولىدۇ. ئاياللارنىڭ پەرزەنتلىرىنى يارامىلىق قىلىپ تەربىيلەپ چىقىشقا ھەرىكەت قىلىشى، جەمىيەتنى گۈللەندۈرۈشكە ئالاھىدە ھەسسە قوشقانلىق بولىدۇ. چۈنكى ئائىلىنىڭ ياخشى بولۇشى جەمىيەتنىڭ ياخشى بولۇشىغا ئالاقىدار، ئائىلە بۇزۇلسا، قالايمىقانچىلىق بورانلىرى جەمىيەتنى ۋەيران قىلىۋېتىدۇ.

ئەملىيەت نۇقتىسىدىن ئېلىپ ئېيتقاندا، ئاپا بولغۇچى ئائىلە خىزمىتى بىلەن مەدەنىيەت ۋە ئىجتىمائى خىزمەتلەرنى بىرلەشتۈرۈپ ئېلىپ مېڭىشتىن ئاجىز كەلسە، مۇھىم ئىشلارنى بىرتەرەپ قىلىش قائىدىسىگە ھېرىس بولۇپ ئائىلىگە كۆڭۈل بۆلىشى زۆرۈر.

ئايال ھەر قانداق ئەھۋالدا ئائىلىگە كۆڭۈل بۆلۈش ۋە بۇزۇلۇش ئامىللىرىدىن ئائىلىنى قوغداشتىن مەسئۇل بولىدۇ. گەرچە بۇ ئىش ئورتاق مەسئۇلىيەت بولسىمۇ، ئاپىلاردىن باشقىلار ئورۇندىيالمايدىغان نازۇك ۋە سەزگۈر ۋەزىپىلەر مەۋجۇت.

تۇرمۇش ئۈچۈن جاپا چېكىش، ئاپىلارنىڭ بۇ مەسئۇلىيەتنى ئۆتەشتىن توسۇپ قويىدىغان چوڭ توسالغۇلاردىن بىرسى بولغانلىقى ئۈچۈن، شەرىئەت بۇ توسالغۇنى ئاياللارنىڭ يولىدىن يىراقلاشتۇرۇپ، ئۇنى ئەرلەرگە يۈكلىدى. ئەرلەرنىڭ ئائىلىنىڭ بەختى ئۈچۈن ۋە مۇناسىپ تۇرمۇش سەۋىيىگە يېتىشى ئۈچۈن جان چېكىپ خىزمەت قىلىش ۋاجىبتۇر.

بۈگۈنكى غەرب جەمىيىتىگە نەزەر تاشلاپ باقساق، قارىسىغىز غەرب جەمىيىتىنىڭ، ئائىلىنىڭ ۋەيران بولغانلىقى تۈپەيلى قانچىلىك بەختسىز ياشاۋاتقانلىقىنى كۆرىسىز!. ئائىلە ئەزالىرى ئارىسىدىكى ئالاقىنىڭ مۇستەقىل بولغانلىقى، ئالاقىنىڭ ئۈزۈلىشىگە سەۋەب بولدى. چۈنكى ئائىلە ئەزالىرىنىڭ ھەممىسى ئۆزىدىن ئۆزى مەسئۇل بولىدۇ. ھەر بىرسى ئۆزى ئۈمىد قىلغان تۇرمۇشنى ئىزدەيدۇ. ھەر بىر ئەزالارنىڭ باشقىلاردىن ئايرىم ھالدا شەخسى تۇرمۇشى يولىدا يۈگۈرىشى ئائىلە تۇققانچىلىق رىشتىسىنى ئۈزۈپ تاشلىدى.

بۈگۈن غەرب ئەللىرى، بىرسىمى ئاستىدا ئېڭىراۋاتقان تىراگېدىيەنىڭ سۈرىتى ۋە مەزمۇنى بار. لېكىن ئىككىسىنىڭ ئارىسىدا زىددىيەت بار.

ئەمما شەكلى، غەرب ئاياللىرى بەھرىمەن بولۇۋاتقان ئىقتىسادى مۇستەقىللىقتۇر... بۇ شۇئار بىلەن بۈگۈنكى ئۈچىنچى دۇنيا ئەللىرى ئالدانماقتا.

ئەمما مەزمۇنى، ئەر ئايال كىشىنى ـ ئۆزىنىڭ ئېھتىياجىنى قاندۇرۇش ئۈچۈن ـ ئۆيىنىڭ سىرتىدا خىزمەت قىلىشىغا ـ گەرچە بۇ ئىش جاپالىق ئىشلارنىڭ قاينىمىدا ئاياللىقنى يوقىتىشقا ئېلىپ بارسىمۇ ـ مەجبۇرلاپ بوزەك قىلىشتۇر. ئەر ئايالنى خىزمەت قىلىشقا قىستاپ ئاپلىق ۋەزىپىسىدىن چىكىنىشكە ۋە ئائىلىسىغا كۆڭۈل بۆلۈشتىن يېنىشقا مەجبۇرلايدۇ. ئەگەر ئايال كىشى خىزمەت سەۋەبىدىن ئىچى سىقىلىپ، بۇ زۇلۇمغا ئىتىراز ئىلان قىلغان ۋاقتىدا، ئايال كىشى تالاق قىلىنغان ئاياللار قاتارىدىن ئورۇن ئالىدۇ. غەرب ئەللىرىدە مۇنداق ئىشلار ناھايىتى كۆپ.

ئەمما ئىسلام دىنى ئاياللارنى ئاياللىق مەملىتكىتىدە قوغدىدى، ئاياللارغا بەختلىك ئائىلىدە ياخشى بىر ئەزا بولۇشى ئۈچۈن ئەۋزەل يوللارنى ئاسانلاشتۇرۇپ بەردى. شۇ ۋاقتىنىڭ ئۆزىدە ئاياللىق تەبىئىتىگە مۇناسىپ ئىجتىمائى خىزمەتلەر ۋە پايدىلىق ئىشلارغا قاتنىشىقا يول ئېچىپ بەردى.

گىرمانىيەلىك مەشھۇر يازغۇچى " ئىستىرفىلار" خانىمنىڭ دېگەن سۆزىنى ئاڭلاپ بېقىڭ، ئۇ مۇنداق دەيدۇ:

" ئايال كىشىنىڭ ئەرلەرگە ئوخشاش خىزمەتكە چىقىشى، ئايال كىشىنىڭ مۇكەممەل بىر ئائىلىنى يالغۇز كۆمۈۋەتكىنىگە ئوخشايدۇ. گەرچە ئاياللارغا ھەر قايسى ساھەلەردە خىزمەت قىلىش يېرىم ئەسىردىن بۇيان ئوچۇق بولسىمۇ، ھازىرغىچە ، بىر ئايالنىڭ ئۆمۈر بويى ـ ئائىلىسىنى تەمىنلەش يۈزىسىدىن ـ ئۆزلىگىدىن ئىختىيار قىلىپ خىزمەت قىلغىنىنى ئاڭلاپ باقمىدۇق".

دېمەك، ئاياللار تەبىئىتىگە مۇناسىپ خىزمەت قىلىپ، جەمىيەتنىڭ گۈللىنىشى ئۈچۈن ھەسسە قوشۇشى ۋاجىب. ئەمما خىزمەت قىلىش سەۋەبىدىن ئېتىقادىغا ۋە ئەخلاقىغا تەسىر يەتكۈزىدىغان ئىشلاردىن يىراق بولۇشى لازىم.

## 2 . سىياسى ھوقۇقى:

باشتا، ئىنسان سىرىتتقى ئەركىنلىككە ئىگە دېگەن سۆزىمىز، ئاياللارنىڭ خىزمەت قىلىش ئەركىنلىكىگە مۇناسىپ كەلگىنىدەك، ئاياللارنىڭمۇ سىياسى پائالىيەتلەرگە قاتنىششىغا مۇناسىپ كېلىدۇ.

"خەلىفىلىك" تىن ئىبارەت دۆلەت رەئىسلىكىنى ھىساپقا ئالمىغاندا، ئىسلام شەرئىتىدە باشقا سىياسى خىزمەتلەرنىڭ ھەممىسى ئەر ۋە ئايالغا ئوچۇق ۋە دائىرىسى كەڭرى.

( نېمە ئۈچۈن ئاياللارمۇ خەلىفە بولۇپ دۆلەتنىڭ رەئىسى بولۇشتىن مەھرۇم قالغان دېگەن مەسىلىنى ئايرىم تەپسىلى توختۇلۇپ ئۆتىمەن).

دۆلەتنىڭ رەئىسلىكىدىن ئىبارەت بۇ مەسىلىدىن ئۆتۈپ كەتكەن ۋاقتىمىزدا، باشقا سىياسى ۋەزىپىلەردە ئەرلىك ياكى ئاياللىققا كىرىش ئېغىزى يوق.

مەسىلەن؛ دۆلەتنىڭ رەئىسى، پارلامېنت ئەزالىرى، كېڭەش پالاتىسىغا ئوخشاش ئورگانلارغا سايلىنىدىغانلار ـ مۇستەبىدلارنى ھىسابقا ئالمىغاندا ـ پۇخرالارنىڭ ئاۋاز بېرىشىگە ۋە قوللىشىغا مۇھتاج. ئىسلام دىنىدا قوللاش مەسىلىسى " بەيئەت" دەپ ئېپادىلەنگەن.

بەيئەت قىلىش سىياسى خىزمەت قاتارىغا كىرىدۇ، ئۇ دىنى مەجبۇرىيەت ئەمەس. بىراق بۇ " بەيئەت" قىلىشتىن ئىبارەت سىياسى خىزمەتنى دىن بۇيرۇيدۇ. بۇ خىزمەتنى ئورۇنلاشتا ئەر ۋە ئاياللار ئورتاق ئورۇن ئالىدۇ.ئىلگىرى پارلامېنت ئەزالىرى سايلانماي، دۆلەت رەئىسى تەرەپتىن تاللىناتتى. لېكىن دۆلەت خەلققە تاللاش ھوقۇقىنى بەرسە ـ بۇ شەرئى تەرەپتىن تەشەببۇس قىلىنىدۇ ـ تاللاش خىزمىتىدە ئەر ۋە ئاياللار ئوخشاش بولىدۇ.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام باشقا سۈپەتلىرى بىلەن بىرلىكتە ـ دۆلەتنىڭ رەئىسى ئىدى، بۇ رەئىسقا

ئاياللارنىڭ بەيئەت بەرگەنلىكى ناھايىتى مەشھۇر، ئۇنداقتا ئاياللارنىڭ پارلامېنت ئەزالىرىنى تاللاشقا قاتنىشىش ھوقۇقى بار.

ئاياللارنىڭ ـ قانداق شەكىلدە بولسۇن ـ كېڭەش مەجلىسىگە قاتنىشىشى مەسىلىسىگە كەلسەك، دۆلەت ـ شەرىئەتتە ھۆكۈم كەلمىگەن ـ ئىجتىھادى ھۆكۈم ۋە قارارلىرىنىڭ ھەممىسىدە كېڭەش قىلىشقا تايىنىش پرىنسىپى شەرئى ۋاجىب ئىش بولۇپ، دىنىنىڭ مۇستەھكەم ئاساسىدىن ئورۇن ئالىدۇ.

خەلق ئاممىسى ئەر ۋە ئاياللاردىن تەركىب تاپىدۇ، كېڭەش ھەققى بولسا ئاللاھنىڭ ھۆكمى بىلەن مۇقىم مەسىلە.

"ھۇدەيبىيە" سۈلھىسىدە رەسۇلۇللاھ ساھابىلارنى قۇربانلىق قىلىپ، بېشىلارنى چۈشۈرۈپ ئىھرامدىن چىقىپ كېتىشلار دېگەندە ، ئۇلار سۈلھىگە كۆڭلى رازى بولمىغانلىقتىن جىم تۇرۇۋالىدۇ. ئۇممە سەلىمە خانىم پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ قېشىغا كىرىپ، يول كۆرسىتىدۇ، رەسۇلۇللاھ ئۇ خانىمنىڭ مەسلىھەتى بويىچە ئۆزى ئاۋۋال قۇربانلىق قىلىپ، ئىھرامدىن چىقىپ كېتىدۇ.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام سۆز ۋە ئىش ھەرىكەتلىرىدە تەجرىبىلىك ۋە ھېكمەتلىك تۇرۇپ بىرئايالنىڭ مەسلىھەتىنى قوبۇل قىلىپ، مەسىلىنى ھەل قىلىدۇ.

ھەزرىتى ئۆمەر قېيىن مەسىلىلەرگە دۇچ كەلگەندە ياش يىگىتلەرنى چاقىرىپ، ئۇلارنىڭ ئۆتكۈر ئەقلىدىن پايدىلىناتتى ۋە ئاياللاردىن مەسلىھەت سورايدىغان ئىدى. ئۇ كۆپىنچە ھەزرىتى ئائىشەدىن مەسلىھەت تەلەپ قىلاتتى.

ھەزرىتى ئۆمەر، ئۇرۇشقا چىقىپ كەتكەن بىر ئەر ئايالىغا يېقىنلاشماي قانچىلىك چىدىيالايدىغىنىنى قىزى ھەزرىتى ھەفسەدىن سوراپ، شۇ بويىچە بۇيرۇق چىقارغان ئىدى. كاتتا ساھابىلار ئاياللاردىن كېڭەش تەلەپ قىلىشاتتى. ئىسلام دىنىدا ئاياللار كېڭەش ئىشلىرىدىن يىراق تۇرسۇن دەپ، ئاياللارنى بۇ سىياسى ھوقۇقىدىن مەھرۇم قىلىدىغان پەرمان يوق.

ئەمما " ئاياللاردىن مەسلىھەت سوراپ، ئەكسىنى قىلىڭلار" دېگەن ھەدىس ئويدۇرما گەپ بولۇپ، شەرىئەتتە ئاساسى يوق قۇرۇق گەپ.

جۇمھۇر ئالىملار ، كېڭەش پەتىۋا بىلەن بىر ۋاقىتتا ئۇچرىشىدۇ دەپ قارايدۇ. يەنى كىمنىڭ شەرتلىرى تېپىلىپ پەتىۋا بىرەلىسە، مەسلىھەت كۆرسەتسە بولىدۇ. پەتىۋا بېرىش ئىشى ئەرلەرگە خاس ئىش ئەمەس.

( ماۋەردىنىڭ : قازىنىڭ ئەدەپ ـ ئەخلاقى ناملىق كىتاۋىغا قاراڭ).

كېڭەش قانداق شەكىلدە بولسۇن، پارلامېنتنىڭ ئاپپاراتلىرى تەرەققى قىلىپ كەتسۇن، ئۇ ھەقىقەتكە يېتىشتىكى ھەمكارلىق كۆرىنىشلىرىنىڭ ئاساسلىق كۆرىنىشىدۇر.

ئەر ـ ئايال مۇسۇلمانلار سىرىتقى كۆرىنىشى سىياسى، مەزمۇنى تەرەپتىن كۆپىنچە دىنى، ئىجتىمائى ۋە ئىقتىسادى بولغان بۇ مەسئۇلىيەتنى ئۆز ئۈستىگە ئېلىشتا شېرىك.

ئىسلام دىنى ئاياللارنىڭ سايلامچىلارنى سايلىشىنى چەكلىمىگەن يەردە، ئاياللارنىڭ سايلامغا ئۆزىنى نامزات كۆرسىتىشىنى چەكلەمدۇ؟ خەلقئە ۋەكىل بولۇش ئاساسەن ئىككى نۇقتىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ:

<u>بىرىنچى:</u> قانۇن ۋە تۈزۈملەرنى يولغا قويۇش،

<u>ئىككىنچى:</u> كۆزىتىش: يەنى ئىجرائىيە ھەيئىتىنىڭ پائالىيەتلىرىنى كۆزىتىش.

قانۇن چىقىرىش مەسىلىسىدە ، ئايال كىشى قانۇن چىقىرىش كومىتېتىدا خىزمەت قىلىشىنى چەكلەيدىغان

پەرمان يوق. چۈنكى قانۇن چىقىرىش جەمىيەتنىڭ ئېھتىياجىنى بىلىشكە مۇھتاج بولىدۇ. جەمىيەتنىڭ نېمىگە مۇھتاجلىقىنى بىلىشتە ئەر ۋە ئايال ئورتاق.ئەمما ئىجرائىيە ھەيئىتىنى كۆزىتىش مەسىلىسىگە كەلسەك، بۇ ئىش ياخشى ئىشلارغا بۇيرۇپ، يامان ئىشلاردىن توسۇش قاتارىغا كىرىدۇ. بۇ ئىشتا ئەر ـ ئايال يەنە ئورتاق. ئۇنداق بولغاندا ئايال كىشى پارلامېنتقا سايلامچى ياكى نامزات بولۇپ كىرسە توغرا بولىدۇ.

*****

مىنىستىرلىككە ئوخشاش سىياسى ۋەزىپىگە قارىتا، پىرىنسىپ ۋە ئىختىساس تەرەپتىن لاياقەتلىك بولۇپ، ئىستىلى جەھەتتە شەرئى ئۆلچەمگە رىئايە قىلالايدىغان  ئايال كىشى بۇ ۋەزىپىنى ئۆتىسە شەرئى تەرەپتىن چەكلەيدىغان نەرسە يوق.

ئەمما :" ئۆزىنىڭ ئىشلىرىغا ئايال كىشىنى مەسئۇل قىلغان كىشى نەتىجە قازىنالمايدۇ" دېگەن ھەدىستىكى چەكلىمە، دۆلەتنىڭ رەئىسلىكىگە خاس مەسىلە. ئۇندىن باشقا سىياسى ۋەزىپىلەر توغرىسىدا چەكلەيدىغان ھۆكۈم كەلگەن ئەمەس. باشقا ۋەزىپىلەر  لاياقەتلىك  بولۇش شەرتى بىلەن مۇباھ قاتارىغا كىرىدۇ.

خۇلاسە: بۇ ۋەزىپىلەرگە سايلامغا چۈشىدىغان ئايال كىشى، تاپشۇرۇلغان ۋەزىپىلەرنى ئادا قىلالىغىدەك لاياقەتلىك بولۇشى لازىم.

شۇنداقلا، ئەخلاقى ۋە ئىستىلىغا تەسىرى كۆرسىتىدىغان مەسئۇلىيەتلەرنى ئۆز ئۈستىگە ئالماسلىق كېرەك.

بىزنىڭ بۇ دېگىنىمىز ئىسلام مۇھىتىدىكى ئايالالارنىڭ ھوقۇقى ئىكەنلىگىنى ئۇنتۇپ قالماڭ!.

## ئايالالارنىڭ ئىجتىمائى ھوقۇقى:

ئىجتىمائى ھوقۇقتىن مەقسەت، دىنى ياكى دۇنيالىق تەرەپتە جەمىيەتكە مەنپەئەت يەتكۈزىدىغان خىلمۇ ـ خىل پائالىيەتلەر كۆزدە تۇتۇلىدۇ.

ئايالالار شەرىئەت بۇيرۇغان ئەدەب ـ ئەخلاقلارغا رىئايە قىلسا، ئىجتىمائى پائالىيەتلەردە ئەر ۋە ئايال ئارىسىدا پەرق تېپىلمايدۇ.

## رەسۇلۇللاھ دەۋرىگە نەزەر تاشلاپ باقايلى:

1. جەمىيەتكە دىنى ۋە دۇنيالىق تەرەپتە پايدا يەتكۈزىدىغان ئىجتىمائى ياخشىلىقلارنىڭ ئوبرازلىقراقى ئايالالارنىڭ ئەرلەر بىلەن بىرلىكتە مەسجىدتە ناماز ئوقۇشقا قاتنىشىدۇر.

رەسۇلۇللاھ دەۋرىدە مەسجىد ئەرلەرگە خاس قىلىنغان ئەمەس، بەلكى ئايالالارمۇ ئورتاق بولۇپ، مەسجىد ئەر ۋە ئايالالار بىلەن توشۇپ تۇراتتى.

مۇسۇلمانلارنىڭ مەسجىدتە جامائەت نامىزى ئوقۇپ ئۆز ـ ئارا ئۇچرىشىشى خىلمۇ ـ خىل پائالىيەتلەرگە قەدەم بېسىشىنىڭ مۇقەددىمىسىدۇر.

2. رەسۇلۇللاھ دەۋرىدە دىنىنىڭ ھۆكۈملىرى ۋە پىرىنسىپلىرىنى ئۆگىنىش ئۈچۈن تەييارلانغان ئىلىم سورۇنلىرى ۋە مەرىپەت ھالقىللىرى ئەرلەرگە خاس ئەمەس ئىدى. ئايالالار كۆپ ساندا قاتنىشاتتى.

بىلىم ئاشۇرۇش ساھەسىدە ئايالالارنىڭ ئەرلەر بىلەن بەسلەشكەنلىگى، ئايالالارنىڭ تەلىم ـ تەربىيە ۋە دەرىس ئۆگىتىش سورۇنلىرىدا ئولتۇرغانلىقى كۆرۈلدى.

بىر خانىم رەسۇلۇللاھنىڭ قېشىغا كېلىپ:" ئى ئاللاھنىڭ پەيغەمبىرى ، ئەرلەر تەلىم ـ تەربىيە ساھەسىدە ئىلگىرىلەپ كەتتى، بىزگىمۇ ئايرىم بىر كۈن بەلگىلەپ بەرگەن بولساڭ ، سەندىن بىلىم ئىگىلىسەك دېدى، رەسۇلۇللاھ :" پالانى كۈنى پالانى ۋاقىتتا يىغىلىڭلار دەپ، ئۇلارغا دىنىنىڭ ھۆكۈملىرىنى ئۆگىتىپ قويغان".

بۇخارى رىۋايەت قىلغان.

ھەدىسشۇناس زەھەبى: " ھەدىس رىۋايەت قىلغان ئاياللارنىڭ بىرەرسىنىڭمۇ يالغان سۆزلىگەنلىكى توغرىسىدا مەلۇمات يوق" دېگەن.

ئىمام شەۋكانى ئېيتقان:" ئالىملار ئاياللار رىۋايەت قىلغان بىرەر ھەدىسنى ئايال رىۋايەت قىلغانلىقى ئۈچۈن قايتۇرۋەتكەن ئىش مەۋجۇت ئەمەس".

ئىمام زەھەبى " ئۇلۇغۇلارنىڭ تەرجىمھالى" ناملىق كىتاۋىدا: " كىشلەرنىڭ ئىلمىنىڭ ھەممىسى بىلەن ھەزرىتى ئائىشىنىڭ ئىلمىنى سېلىشتۇرغاندا، ھەزرىتى ئائىشىنىڭ ئىلمى كەڭرەك" دېگەن.

يېقىنقى بىر قانچە ئەسىردىن بۇيان ئاياللارنىڭ بىلىم ـ ئىگىلەش ئەھۋالى ناچار بولغان. بەزىلەر، ئايال كىشى بىلىم ئاشۇرۇش سورۇنلىرىغا قاتناشسا بولمايدۇ، ئاياللارنىڭ بىلىم ئاشۇرۇش مەسلىسىنى داداىسى ۋە يولدىشى ھەل قىلىدۇ دەپ گۇمان قىلىشىدۇ. قىزنىڭ دادىسى ياكى يولدىشى ساۋاتسىز ياكى نادان بولۇپ قالسا، قىزلار بىلىم نۇرىدىن ۋە ھايات چۈشەنچىسىدىن مەھرۇم قالىدۇ.

3. ھەر خىل مۇناسىۋەتتىكى يىغلىشلىرى، توي سورۇنلىرى.... غا قاتنىنىشىش:

ئاياللار يات ئەرلەردىن نېرى تۇرۇشى كېرەك، ھىجاب پەرز دەپ ئاڭلىغان كىشلەر ، مۇسۇلمان خانىملارنى رەسۇلۇللاھ دەۋرىدە ئۆيلىرىگە سولۇنۇپ ئولتۇراتتى، ھەر خىل سورۇنلار ئەرلەرگە خاس ئىدى دەپ خىيال قىلىپ قالىدۇ.

رەسۇلۇللاھ دەۋرىدە ئاياللار ئەدەپ ـ ئەخلاق ئىچىدە جەمىيەت ۋە ھەر خىل يىغلىشلاردا كۆرۈنەتتى، ئادا قىلالايدىغان ئىشلارنى ـ پايدىلىق ئىشلار بولسىلا ـ بىجىرىدىغان ئىدى. خانىملار ئەرلەر بىلەن بىرلىكتە ئۇرۇشلارغا قاتنىشىپ، سىستىرالىق خىزمەتلىرىنى ئۆتەيتتى، ۋاقتى كېلىپ قالسا قولىغا قورال ئېلىپ جەڭ قىلاتتى.

4. ئاياللارنىڭ ھۈنەر ـ كەسىپ، سانائەت ۋە ھەر تۈرلۈك ماھارەتلەرگە قاتنىشى:

ھۈنەر ـ كەسىپ، سانائەت ئىشلەپچىقىرىش ۋە تۈرلۈك ماھارەتلەر ئىسلامنىڭ گۈللەنگەن قايسى دەۋرىدە بولسۇن ئەرلەرگە خاس قىلىنىپ، ئاياللار مەھرۇم قالغان ئىش يوق. ئىسلام گۈللەنگەن دەۋردە مۇسۇلمان خانىملارنىڭ رولى ناھايىتى چوڭ ئىدى.

خانىملار ئېلىم ـ سېتىم ئىشلىرى بىلەن شۇغۇللىناتتى، ئۆزى خالىغان ماھارەتلەر بىلەن شۇغۇللىناتتى، قولايلىق بولغان قول ـ ھۈنەرۋەنچىلىك كەسپلىرىگە قاتنىشاتتى.

ئابدۇللاھ ئىبنى مەسئۇدنىڭ ئايالى ھۈنەرۋەن ئايال ئىدى، ئۇ رەسۇلۇللاھنىڭ قېشىغا كېلىپ: يولدىشىمنىڭ تۈزۈك مال ـ مۈلكى يوق، مەن ئۇنىڭغا نەپىقە بەرسەم ( يەنى ئۇنىڭ چىقىمىنى كۆتۈرۈپ ھالىدىن خەۋەر ئالسام) قانداق بولىدۇ؟ دەپ سورىسام، رەسۇلۇللاھ : " سەن بۇ ئىشىڭ بىلەن ساۋابقا ئېرىشىسەن " دېگەن. ئىبنى ماجە رىۋايىتى.

تونۇشلۇق ساھابە " ئۇممۇ شەرىك" خانىم ئۆيىنى مېھمانخانا قىلغان ئىدى، مۇھاجىرلار ۋە باشقىلار بۇ ئۆيگە مۇساپىر بولۇپ قونىشاتتى.

سۆزلەپ كەلسەك مىساللار ناھايىتى كۆپ. ئۇنداقتا ئىسلام دىنى ئىجتىمائى خىزمەت دەرۋازىسىنى بىردەك ئەر ۋە ئاياللارغا ئوخشاش ئېچىۋەتكەن، ئەرلەرنى كەڭرى قويۇپ بېرىپ، ئاياللارنى سىققان ئىش مەۋجۇت ئەمەس.

ئىسلام تۈزۈمى ئاياللارنىڭ ئېھتىياجىغا كېيىل بولىدى. ئۇنىڭدىن سىرىت ئىجتىمائى خىزمەتلەر ۋە

پائالىيەتلەرنى ئاسانلاشتۇرۇپ بەردى. ئاياللارنىڭ خىزمەت قىلىش ياكى قىلماسلىق ئىختىيارى، يولدىشىنىڭ خىزمەت قىلىشقا زورلاش ھەققى بولمايدۇ. خىزمەت قىلىپ قالسا ئۆزىگە مۇناسىپ خىزمەت تاللاش ھوقۇقىغا ئىگە.

*****

ھۆرمەتلىك ئوقۇرمەن ماقالىنىڭ ئۇزۇراپ كېتىپ يېزىنى زىرىكتۇرۇپ قويماسلىق ئۈچۈن مۇشۇ يەردە ئاخىرلاشتۇرىمەن.

ئۇ مەسىلىلەر:

1. ئەرلەر ئاياللارنى باشقۇرىدۇ دېگەننىڭ ھەقىقى ئۇقۇمى نېمىدىن ئىبارەت؟

2. مىراس مەسىلىسى،

3. بىر ئەرنىڭ بىر قانچە ئايالىق بولۇش مەسىلىسى،

4. ئاياللارنىڭ گۇۋاھلىق بېرىش مەسىلىسى،

5. ھىجاب( ياغلىق) سېلىش مەسىلىسى،

6. ئاياللارنىڭ ئەقلى ئەرلەرنىڭكىدىن كەم بولامدۇ؟

دېگەنگە ئوخشاش بىر قانچە مەسىلىلەر جىددى جاۋاب بىرشىمنى كۈتۈپ تۇرماقتا. شۇنىڭ ئۈچۈن مەن بۇ مەسىلىلەرنى بىر- بىرلەپ، ئىسلام دىنى تارمىقى ئاستىدىكى :" شۇبھىلار" دېگەن ماۋزۇ ئاستىدا ئىلان قىلىمەن.

# ھىجابقا ئالاقىدار بىر قانچە ئايەت ۋە ھەدىسلەر ھەققىدە مۇلاھىزە

ھىجاب ئىسلام دىنىدىكى پەرزلەرنىڭ بىرىسىدۇر، مۇسۇلمانلار ھىجابنىڭ پەرزلىكىدە ئىتتىپاق. لېكىن يۈز ئەۋرەتمۇ ياكى ئەۋرەت ئەمەسمۇ، ئايەتتىكى " ھىجاب" سۆزى يۈزنى ئوچۇق قويۇپ، كۆكرەك، بويۇن ۋە چاچنى يۆگەش بىلەن ھاسىل بولامدۇ؟، ياكى يۈزنى يېپىشنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالامدۇ؟ دېگەن نۇقتىدا ئىككى خىل كۆز قاراشتا بولۇپ كەلدى.

بۇ ئىككى خىل كۆز قاراش ساھابىلەر دەۋرىدىن تارتىپ ھازىرغىچە داۋاملىشىپ كەلدى، بىر قىسىم ئاياللار يۈزنى يېپىپ يۈرگەن بولسا، يەنە بىر قىسىم ئاياللار يۈزنى ئوچۇق قويۇپ يۈردى.

بۇ مەسىلە رەسۇلۇللاھ دەۋرىدىن تارتىپ شۇنداق بولۇپ كەلدى.

*****

ئەمدى بۈگۈنكى ئۇيغۇر جەمئىيىتىگە قارايدىغان بولساق، ئىسلام ئاياللىرىنىڭ بىر قىسمى يۈزنى روپاش بىلەن يېپىپ - مۇستەھەب ساۋابىغا ئېرىشىپ - كەلدى، يەنە بىرقىسمى بولسا يۈزنى ئوچۇق قويۇپ، پەرزنى ئادا قىلىشتى.

يەنە بىر قىسىم ئىسلام ئاياللىرى بۇ ئىككى خىل ھىجاب شەكلىدىن ھالقىپ ئۆتۈپ، نامەھرەم چاچلىرىنى، بويۇنلىرىنى ۋە كۆكرەكلىرىنى ئوچۇق قويىدىغان ئەھۋال شەكىللەندى، بۇ ئاياللار بەزىدە بەزى ئىبادەتلەرنى قىلىسىمۇ تۈرلۈك سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن چاچلىرىنى يۆگىمىدى. چاچنى ياپماي ئېچىش گۈزەللىكنىڭ بىر خىل سىمۋولىغا ئايلىنىپ، مەھەللە ۋە شەخسلەردىن ھالقىپ ھەر قايسى ئورۇننى قاپلاپ ئومۇملىشىپ كەتتى.

دىيانەتسىزلىك، جەمئىيەتتىكى پىتنە - پاساتلار ۋە ئىسلامغا قارشى كىچە - كۈندۈز ئېلىپ بېرىلىۋاتقان شىددەتلىك تەشۋىقات ھۇجۇملىرى سەۋەبىدىن، ئىسلامنىڭ ھەققى ماھىيىتىنى تونۇشتىن مەھرۇم قالغان ئاچا - سىڭىللىرىمىزنى ئاتالمىش چاچنى ئېچىۋېتىش گۈزەللىك مودىسى تارتىپ كەتتى.

بۇ قىزلارنىڭ مۇنداق تېز ئۆزگىرىپ، دىنى پەرز قىلغان ھىجابنى تاشلىشىغا بىر قانچە تۈرلۈك ئامىللار سەۋەبچى بولدى، تۈرلۈك سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن ئىسلامغا قارىتا توغرا كۆز قاراشنىڭ بولماسلىقى مۇھىم ئامىل بولغان بولسا، يەنە بىر تەرەپتىن روپاش ئارتقان ئاياللارنىڭ ياخشى ئۈلگە يارىتالماسلىقىمۇ ئالاھىدە سەۋەب بولۇپ كەلدى. چۈنكى روپاش ئارتقان ئاياللار نورماللىق ھالىتىدە تۇرماي، بەك ئاشۇرۋېتىپ، جەمئىيەتتىن بىخەۋەر، نادان، ساۋاتسىز ۋە مەدەنىيەت ساھەسىدە رولىنىڭ بولماسلىقى خېلى زور دەرىجىدە ھىجاب ئارتمايدىغانلارغا سەلبى تەسىر كۆرسەتتى.

مۇنداقچە قىلىپ ئېيتقاندا، ھىجاب ئارتقان ئاياللار بىلمىسىز كېلىدىغان، ھىجابنى تاشلىۋەتكەنلەر بىلمىلىك زىيالى قاتارىدىن ئورۇن ئالىدىغان ئاڭ شەكىللەندى.

يەنە بىر تەرەپتىن بەزى ئالىملىرىمىزنىڭ دوگما كۆز قارىشى، پەتىۋانى شارائىت، ئورۇن، ۋاقىت ۋە شەخسكە قاراپ بەرمىگەنلىكى سەۋەبىدىن ياشلارنى بولۇپمۇ زىيالى سېپىدىكىلەرنى قاچۇرۇپ قويىدى. "قەلبىڭنى ھەق بىلەن مەشغۇل قىلمىساڭ باتىل تارتىپ كېتىدۇ" دېگەندەك، ياشلارنى خەلقىمىزنىڭ ئېتىقادى، ئەخلاقى ۋە ئۆرپ - ئادىتىگە يات مەدەنىيەتلەر تارتىپ كەتتى.

مەسلىنى ئەتراپلىق تەھلىل قىلمىغانلىقىمىز ئۈچۈن، زىيالى باشلارنى زىيان تارتتۇق، ئىسلام رۇخسەت قىلغان ھۆكۈمنى بېرىپ، ئىسلام ئەخلاقى سىيپدە ساقلاپ قېلىشنىڭ ئورنىغا ئازغۇنلۇق سىيپىغا ئىتتىرىپ بەردۇق.

*****

بۈگۈنكى كۈندە جەمئىيىتىمىزنىڭ كۆپ سانىنى ياشلار - زىيالىلار - ئىگەللەيدۇ، بۇ قېرىنداشلىرىمىزنىڭ ئەھۋالى بىزگە بەش قولدەك ئايان، 20 ياشلار چامىسىغا كىرىپمۇ ئاللاھغا بىر سەجدە قىلىپ باقمىغان خېلى كۆپ ساندىكى ئۇيغۇر قىزلىرىنى ئۇچراتقىلى بولىدۇ. بۇلار دىنى بىلىم ئېلىشتىن مەھرۇم قالغان بولسا، يەنە بىر تەرەپتىن جەمىيەتنىڭ ماددىزىم بېسىمى ئاستىدا بەرداشلىق بېرەلمەي مودىرنىزىمچىلار سىيپىگە قوشۇلغان، يەنە بىر تەرەپتىن بەزى ئالىملىرىمىزنىڭ قوللانغان دەۋەت ئۇسۇلىنىڭ توغرا بولماسلىقى، شارائىتنى ئېتىراپ قىلماي پەتىۋا بېرىش نەتىجىسىدە، موللا دىسە زىيالىلارنىڭ بېشى ئاغرىيدىغان ۋە ئىككىلەنمەستىن خۇراپىيلار دەپ ھۆكۈم چىقىرىدىغان ئەھۋالنى كۆرىۋاتىمىز.

<u>ئەھۋال شۇنداق تۇرسىمۇ، جەمئىيىتىمىزنىڭ ئېتىقادى ۋە ئەخلاقى شارائىتىغا قىلچە رىئايە قىلماستىن ھۆكۈمنىڭ ئەڭ ئېغىرىنى چىقىرىپ، دەۋەت يولىغا توسقۇنلۇق قىلىۋاتىمىز. ئىسلام دىنىنىڭ كۆڭلى كۆكسى كەڭرى بولغان مەسىلىلەرگە بىزنىڭ كۆڭلى كۆكسىمىز تارلىق قىلىۋاتىدۇ.</u>

ئىسلام دىنى مۇستەھەب دېگەن مەسىلىنى ۋاجىبقا، مۇباھ دېگەن نەرسىنى مەكرۇھ ياكى ھارامغا كۆتۈرۈۋېلىپ، دەۋەتنى توغرا يوسۇندا ئېلىپ بارمايۋاتىمىز.

نەتىجىدە يا ئەسەبىلەشتۇق ياكى سۇسلۇق قىلدۇق، بۇ ئىككىلى خىل يول توغرا يول ئەمەس، نورماللىق ئىسلام دىنىنىڭ ئالاھىدە خۇسۇسىيەتلىرىنىڭ بىرسىدۇر.

يېرىم يالىڭاچ يۈرۈپ ھارام ئىش قىلىۋاتقانلارنى دەۋەت قىلىشنىڭ ئورنىغا، ئۆلچەملىك ھىجاب ئارتقانلارنى خاتالاشتىڭ دەيدىغان، نىقاب سېلىشتەك مۇستەھەب مەسىلىدە توختىماي مۇنازىرە قىلىپ، بىۋاستە ھارام ياكى ھالالغا ياتىدىغان مەسىلىلەرنى تاشلاپ قويدۇق. ئۇنىڭ ئۈستىگە دەلىل - پاكىتنى ھۆرمەتلىمەيدىغان ئەھۋاللار دەۋەت يولىدىكى بىر توساق بولماقتا.

شۇنىڭ ئۈچۈن مەن قۇرئان كەرىمدە ئىككى ئورۇندا كەلگەن " ھىجاب" سۆزىدىن مەقسەت نېمە؟ ھەدىس شەرىف بۇ ئايەتنى قانداق ئىزاھلىغان؟ ئالىملار قانداق قارايدۇ؟ دېگەن مەسىلىدە ئىزدىنىش ئېلىپ باردىم.

مەن مەسىلىنى بىر قانچە ئايەت، ھەدىس ۋە تېما ئۈستىدە ئىزدەندىم، تېخىمۇ تەپسىلى ئىزدەنگۈچىلەر مەنبەلەرگە مۇراجەت قىلسا بولىدۇ.

مېنىڭ نىقاب سېلىشقا ئوخشاش مۇستەھەب مەسىلىنى مۇنداق ئۇزۇن ئىزدىنىش قىلىشىمدىكى سەۋەب، يالغۇز نىقاب مەسىلىسىلا ئەمەس، شۇنىڭغا ئوخشاش مۇستەھەب ئىشلارنى دەپ، پەرز بىلەن كارى بولمايدىغان ياكى پەرزگە ۋاقىت يېتىشتۈرۈپ بولالمايدىغان قېرىنداشلىرىمىغا نەسىھەت بولۇشى ئۈچۈندۇر.

*****

## <u>يات ئەرلەر كۆرسە بولىدىغان ئايەتتىكى مۇستەسنا قانچىلىك ۋە نېمىلەردىن ئىبارەت</u>

**بىرىنچى: ئاللاھنىڭ سۆزى: {تاشقى زىننەتلىرىدىن باشقا زىننەتلىرىنى ئاشكارىلىمىسۇن} نۇر سۈرىسى، 31 - ئايەت**

ئىمام تەبەرى مۇنداق تەپسىر قىلىدۇ: ئالىملار زىننەتنى بەلگىلەشتە تۆرلۈك كۆز قاراشتا بولۇشتى. ئىبنى ئاببباس: سۈرمە، ئۈزۈك ۋە يۈز دېگەن. سەئىد ئىبنى جۇبەير، ئاتا، قەتادە، مۇجاھىد، ئامىر، ئەۋزائى، زەھھاك

ۋە ئۆندىن باشقىلار : يۈز ۋە قول دېگەن.
ئىبنى ئاببباس، ئىبنى ئۆمەر، مۇجاھىد، ئەنەس: يۈز، ئالقان، سۈرمە ۋە ئۈزۈك دېگەن.
جەسساس تەپسىرىدە: تاشقى زىننەت ھەنەفى مەزھىبىمىزدە، يۈز ۋە قول دەپ قارىلىدۇ، دېگەن.
ۋاھىدى تەپسىرىدە، ئايەتتىكى مۇستەسنادىن مەقسەت: كىيىم، سۈرمە، ئۈزۈك، خىنە، بىلەيزۈك دېگەن.
زەمەخشەرى تەپسىرىدە، مۇستەسنادىن مەقسەت: ئۈزۈك، سۈرمە، خىنە دەپ تەپسىر قىلغان.
قۇرتىبى تەپسىرىدە، مۇستەسنادىن مەقسەت: يۈز ۋە قول دەپ تەپسىر قىلغان.
ئەبۇھەييان: سۈرمە، ئۈزۈك ۋە خىنە دەپ تەپسىر قىلغان.
ئىبنى كەسىر: ئالىملارنىڭ سۆزلىرىنى نەقلى قىلىپ بولۇپ، مۇنداق خۇلاسىلايدۇ، ئىبنى ئاببباس ۋە ئۇنىڭغا قوشۇلغان ئالىملارنىڭ يۈز ۋە قول دەپ تەپسىر قىلغان سۆزلىرى توغرىلىقتا ئەڭ يېقىن بولۇشى مۇمكىن، بۇ كۆز قاراش جۇمھۇر ئالىملارنىڭ نەزرىدە مەشھۇر دېگەن.
ئەبۇسەئۇد تەپسىرىدە: يۈز ۋە ئالقان دەپ تەپسىر قىلغان.
تەبەرى ، جەسساس، ۋاھىدى، بەغەۋى، زەمەخشەرى، ئىبنى ئەرەبى، فەخرۇر رازى، قۇرتىبى، خازىن، نيسابورى، ئەبۇھەييان، ئەبۇسەئۇد ۋە ئىبنى بادىس ئاشكارا زىننەت: يۈز ۋە قول دەپ تەپسىر قىلغان.
ئاشكارا زىننەت كىيىم ـ كېچەك دەپ تەپسىر قىلغانلار: ئىبنى جەۋزى، بەيزاۋى ۋە ئىبنى كەسىر.
شەۋكانى ئاشكارا زىننەت، يۈز ۋە قول دەپ قارايدۇ، ئىبنى كەسىر سۆزىنىڭ ئاخىرىدا ئاشكارا زىننەت دېگەن يۈز ۋە قول دېگەن قاراش جۇمھۇر ئالىملارنىڭ نەزرىدە مەشھۇر دەپ بايان قىلىدۇ.

**ئاللاھ ئاياللارنىڭ بويىنى ۋە كۆكرىكىنى يېپىشنى بۇيرۇيدۇ:**

ئىككىنچى: ئاللاھ قۇرئاندا: { ليچەكلىرى بىلەن كۆكرەكلىرىنى ياپسۇن} دەيدۇ، نۇر سۈرىسى، 31 ـ ئايەت.
جاھىلىيەتتە ئاياللار ياغلىنى ئارقىدىن چىگىۋېلىپ، ئالدى تەرىپىنى ئوچۇق قوياتتى، شۇنىڭ ئۈچۈن كۆكرەكلىرىنى يېپىشقا بۇيرۇلغان.( بۇخارى تەپسىر كىتاۋى).
جەسساس مۇنداق دەيدۇ: ئاياللارنىڭ كۆينىكىنىڭ ئالدى تەرىپى ئوچۇق بولۇپ، كۆكرەكلىرىنى تولۇق ياپمايتتى، ئۇلار شۇ ئوچۇق قالغان ئورۇنلارنى يېپىشقا بۇيرۇلغان.
يۈز ئەۋرەت بولىدىغان بولسا ياكى نىقاب سېلىش ۋاجىب بولىدىغان ئايەت، يۈزنى يېپىشنى بۇيرۇغان بولاتتى.

**رەسۇلۇللاھ دەۋرىدە ئاياللارنىڭ يۈزىنىڭ ئوچۇقلىقى كۆپ سانىنى ئىگەللەيتتى**

ئۈچىنچى: ئاللاھ مۇنداق دەيدۇ: { مۇمىن ئەرلەرگە ئېيتقىنكى، (نا مەھرەملەرگە)تىكىلىپ قارىمىسۇن، ئەۋرەتلىرىنى (زىنادىن)ساقلىسۇن، مۇنداق قىلىش ئۇلار ئۈچۈن ئەڭ ياخشىدۇر، اللە ھەقىقەتەن ئۇلارنىڭ قىلمىشلىرىدىن تولۇق خەۋەردار. مۇمىنلەر ئاياللارغا ئېيتقىنكى، نا مەھرەملەرگە تىكىلىپ قارىمىسۇن، ئەۋرەتلىرىنى ياپسۇن } نۇر سۈرىسى، 30 ـ 31 ـ ئايەت.
ئايەت تىكىلىپ قارىماسلىقنى تەشەببۇس قىلىۋاتىدۇ، نورمال قاراشتىن توسمىدى.
قاراشتىن كېلىپ چىقىدىغان پىتنە ئەر ۋە ئايالدا ئوخشاشلا تېپىلىدۇ، شۇنىڭ ئۈچۈن ھەر تەرەپ كۆزنى ھارام ئىشلاردىن ساقلىشى لازىم.
ئىبنى ئەرەبى ئايەتتىكى " من" دېگەن ھەرپ بەزىنى ئىپادىلەيدۇ، ئۇنداقتا قايتا قايتا قارىمىسۇن دېگەن بولىدۇ، دەيدۇ.

ئەگەر شەرئەت ئايالالارنىڭ يۈزنى يېپىشنى بۇيرۇغـان بولـسا، ئەرلەرنـىڭ تىكىلـىپ قاراشـتىن چەكلەشـنىڭ ھاجىتى بولمايدۇ، ئايالار يۈزنى ياپسا، ئەرلەرنىڭ قارايدىغان ئـىشمۇ تـۈگىگەن بـولاتتى، لـېكىن شـەرئەت ئايالالارنىڭ يۈزنى يېپىشنى ـ ۋاجىب قىلىپ ـ بۇيرۇمىدى.

تۈتىنچى: ئاللاھنىڭ سۆزى:{ (ئى پەيغەمبەر! ئىلكىڭدىكى ئايالىرىڭدىن باشـقا)يەنە خوتـۇن ئالـساڭ، سـاڭا ھالال بولمايدۇ، باشقا ئايالالارنىڭ جامالى سېنى ئەجەبلەنـدۈرگەن تەقـدىردىمۇ، ئـۇلارنى يەڭگۈشـلەش (سـاڭا ھالال بولمايدۇ) }ئەھزاب سۈرىسى، 52 ـ ئايەت.

ئايەت رەسۇلۇللاھ ئايالىرىنىڭ ئۈستىگە ـ گەرچە ھۆسـنى جامـالى ھەيـران قالـدۇرغان تەقـدىردىمۇ ـ ئايـال ئېلىشنىڭ ھالال ئەمەسـلىكىنى بايـان قىلىۋاتـىدۇ, ئۇلارنـىڭ يـۈزنى كـۆرمەي تـۇرۇپ، گـۈزەل يـاكى گـۈزەل ئەمەسلىكىنى قانداق بىلگىلى بولسۇن؟!.

* بىر ئادەم رەسۇلۇللاھنىڭ قېشىغا كىلىپ، ئەنسارى بىر ئايـال بـىلەن تـوي قىلىغـانلىقىنى بايـان قىلغانـدا، رەسۇلۇللاھ: " توي قىلىشتىن ئىلگىرى، ياخشى قاراپ ئالدىڭمۇ؟ دىگەندە، ئۇ ئادەم ياق، دەپ جاۋاب بەردى، رەسۇلۇللاھ: ئۇبدان قارىغىن، ئەنسارىلارنىڭ كۆزىدە بىر نەرسە بار " دىگەن. مۇسلىم رىۋايىتى.

* ھەزرىتى ئائىشە ھەدىس رىۋايەت قىلىپ مۇنداق دەيدۇ: " مۆمىن ئايالار رەسۇلۇللاھ بىلەن بىرگە بامدات نامازغا رومالىرىنى ئارتىشىپ قاتنىشاتتى، ئاندىن ئۆيلىرىگە قايتىشىپ كېتەتتى، گوگۇن سـەۋەبىدىن ھـېچ بىـر كىشى ئۇلارنى تونىيالمايتتى" بۇخارى ۋە مۇسلىم رىۋايىتى.

ئايالالارنـىڭ تونۇلماسـلىقى يـۈزلىرىنى يۆگىۋالغـانلىق سـەۋەبىدىن ئەمەس، گوگـۇن سـەۋەبىدىن ئـىدى. بـۇ كۆپلىگەن ئايالالارنىڭ يۈزلىرى ئوچۇق ئىدى دىگەنلىك بولىدۇ.

* ھەزرىتى ئائىـشىدىن ھەدىـس رىـۋايەت قىلىنـىدۇ:" ئەسـما رەسـۇلۇللاھنىڭ قېـشىغا نىپىـز كىـيىم كىيىـپ كىرگەندە، رەسۇلۇللاھ باشقا تەرەپكە قارىۋالدۇ ۋە مۇنداق دەيدۇ:" ئەسما، ئايال كىشى بـالاغەتكە يەتكەنـدە يۈزى ۋە قولىدىن باشقا ئەزالىرىنىڭ كۆرۈنۈشى توغرا بولمايدۇ" ئەبۇداۋۇد رىۋايىتى.

*****

بەشىنچى:

{ ئۆيۈڭلاردا ئولتۇرۇڭلار} دىگەن ئايەت:

1. بۇ ئايەت پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئايالىرىغا قارىتىلغان، ئىبنى ھەجەر مۇنداق دەيـدۇ: بـۇ ئـايەت ھەققى بۇيرۇق بولۇپ، رەسۇلۇللاھنىڭ ئايالىرىغا قارىتىلغان، شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇمموئۇلمۇئمىنلەر:" ئۆلـۈپ كەتكەنـگە قەدەر بىرەر تۆگىنىڭ مىنى ئېلىپ مىڭىشنى خالىمايمەن" دەيتتى، فەتھۇل بارى، 8 توم، 108 بەت.

2. ئۆيدە ئولتۇرۇڭلار دىگەن بۇيرۇق رەسۇلۇللاھنىڭ ئايالىرىغا خاس ئىكەنلىكىنى تەكىتلەيدىغان بىر مەسىلە، ئۆمەر ئىبنى خەتتاب ئۇلارنىڭ ھەج قىلىشقا رۇخسەت قىلماي، ئۆزى قىلغان ئاخىرقى ھەجىدە رۇخسەت قىلغان.

ئىبنى ھەجەر مۇنداق دەيدۇ: ھەزرىتى ئائىشە ۋە باشقىلار ھەج قىلىشقا رىغبەتلەندۈرۈلگەن " سـىلەرگە ئەڭ ياخشى جىھاد ھەج قىلىش" دىگەن ھەدىس شەرىفتىن ھەجنى تەكرار قىلىشنىڭ مۇباھلىقى ۋە بـۇ ھەدىـسنىڭ ئاللاھنىڭ يۇقۇرىقى سۆزنى خاس قىلغانلىقىنى چۈشـەنگەن. ئـۆمەر ئىبنـى خەتتـاب دەسـلەپتە ئۇلارنـىڭ ھەج قىلىشىغا قوشۇلمىغان بولسىمۇ، ھەزرىتى ئائىشىنىڭ دەلىلىنىڭ كۈچلۈكلـىدىن خەلىپىلـىك دەۋرىنـىڭ ئـاخىرىدا قوشۇلغان. فەتھۇل بارى، 4 ـ توم، 446 ـ بەت.

3.ماقۇل، ئايەت بـارلىق مۇسـۇلمان ئايالارغـا ئوخـشاش ئومـۇمى دەپ پەرەز قىلـساق، سـۈننەت قۇرئـاننى

ئىزاھلاپ بەرگۈچى ئەمەسمۇ؟ ئاياللارنىڭ ئەرلەر بىلەن جەمئىيەتتە ئارىلىشىپ ئۆتكەنلىكى توغرىسىدا كەلگەن ھەدىس شەرىفلەر، رەسۇلۇللاھنىڭ ئاياللىرىنىڭ ئۆيدە ئولتۇرۇش قارارىنى قانداق تەتبىقلىغانلىقىنى، ئۇلارنىڭ ئىجتىمائى ھاياتقا قاتنىشتىن چەكلىنىپ قالمىغانلىقىنى روشەنلەشتۈرۈپ بېرىدۇ.

رەسۇلۇللانىڭ سۆزى، ئىش ھەرىكەتلىرى ۋە تەقرىرى جەمىيەت پائالىيىتىگە قاتنىششىنى يولغا قويغان، ئۇنداقتا رەسۇلۇللاھنىڭ سۆزى، ئىش ھەرىكەتلىرى ۋە تەقرىرى قۇرئاننىڭ بايانى بولۇپ ئورۇن ئالغان.

ئالتىنچى:

ئاللاھنىڭ سۆزى :{ سىلەر پەيغەمبەرنىڭ ئاياللىرىدىن بىر نەرسە سوراپ (ئالماقچى) بولساڭلار، پەردە ئارقىسىدىن سوراپ ئېلىڭلار، مۇنداق قىلىش سىلەرنىڭ دىللىرىڭلارنىمۇ، ئۇلارنىڭ دىللىرىنىمۇ ئەڭ پاك تۇتىدۇ } ئەھزاب سۈرىسى، 53 ـ ئايەت.

1. بۇ ئايەتتىكى ھىجاب سۆزى، پەردە مەنىسىدە كەلگەن، يەنى يات ئەرلەر رەسۇلۇللاھنىڭ ئاياللىرى بىلەن سۆزلەشكەندە پەردىنىڭ ئارقىسىدا بولۇشى لازىم. بۇ ھۆكۈم رەسۇلۇللاھنىڭ ئاياللىرىغا خاس ھۆكۈمدۇر.

2. ئايەتنىڭ خىتابىنى رەسۇلۇللاھنىڭ ئاياللىرىغا يۈزلەندۈرگەنلىكى ناھايىتى روشەن، ئايەتنىڭ ئاخىرىدا ئاللاھنىڭ بۇ سۆزى كەلگەن:{ سىلەرنىڭ رەسۇلۇللاھنى رەنجىتىپ قويۇشۇڭلار دۇرۇس ئەمەس، رەسۇلۇللاھدىن كېيىن ئۇنىڭ ئاياللىرىنى ئېلىشىڭلارمۇ مەڭگۈ دۇرۇس ئەمەس، بۇنداق قىلىش (يەنى رەسۇلۇللا نى رەنجىتىش ۋە ئۇنىڭ ئاياللىرىنى ئېلىش) ھەقىقەتەن الله نىڭ دەرگاھىدا چوڭ گۇناھتۇر }ئەھزاب سۈرىسى، 53 ـ ئايەت.

بۇ يەردىكى پەردىلىنىشتىن مەقسەت، داۋاملىق يىراق بولمايدىغان كىشىلەردىن پەردىلىنىش مەقسەت قىلىنىدۇ. ئەمما ئومۇمى مۆمىن ئاياللارنىڭ بەزىدە پەردىلىنىپ، يەنە بەزىدە ئەرلەر بىلەن ئۆز يولىدا ئۇچرىشىشى قانۇنلۇق ئىشتۇر.

3. رەسۇلۇللاھنىڭ دەۋرىدە جەمىيەتنىڭ تۈرلۈك ساھەلىرىدە ئاياللارنىڭ ـ ئەرلەر بىلەن ئاياللارنى ئايرىپ تۇرىدىغان ـ پەردىسىز قانداق ئۇچراشقانلىقى توغرىسىدا بىر قانچىلىغان ھەدىسلەر بار.

ئەگەر ئاياللار ئەرلەر بىلەن ئۇچراشقاندا پەردىلىنىپ ئۇچرىشىش ئومۇمىيۈزلۈك سۈننەت بولىدىغان بولسا، ياكى رەسۇلۇللاھنىڭ ئاياللىرىغا مۇشۇ مەسىلىدە ئەگىشىش سۈننەت بولىدىغان بولسا، ساھابە ئاياللار شۇنداق قىلغان بولاتتى ۋە بەكرەك ھەقلىق ئىدى.

4. ئاياللار ئەرلەر بىلەن مۇئامىلە قىلغاندا پەردىلىنىپ تۇرۇپ مۇئامىلە قىلىش سۈننەت ياكى ئومۇمى نىزام بولىدىغان بولسا، قىيىنچىلىق پەيدا بولىدۇ، ئاللاھ بەندىلىرىگە قىيىنچىلىقنى خالىمايدۇ.

ئەگەر پەردىلىنىپ مۇئامىلە قىلىش سۈننەت بولىدىغان بولسا، باشقا پەزىلەتلەرگىمۇ كۆزىمىزنى ئاچايلى، ھەر بىر شارائىتتا قايسى ئىش ھەممىدىن ئەۋزەل شۇنى تەكشۈرۈپ كۆرەيلى، بۇ يالغۇز بىر سۈننەتكىلا ئېسىلىۋالماي قالغان سۈننەت ۋە پەزىلەتلەرنىمۇ قىلايلى، مەسىلەن، ئىلىم ئېلىش، ياخشىلىققا دەۋەت قىلىش، يامان ئىشلاردىن توسۇشقا ئوخشاش.

بەزىدە مۇستەھەب ئىشلار ۋاجىب ئىشلارنى قىلىشتىن چەكلەپ قويىدۇ، مەسىلەن دەۋەت قىلىش، بىلىم ئېلىش، ياخشى ئىشلارغا بۇيرۇش، يامان ئىشلاردىن توسۇشقا ئوخشاش ئىشلاردا، ئاياللارمۇ ئەرلەر بىلەن شېرىك ئەمەسمۇ؟.

يەتتىنچى:

ئۇمۇمۇسەلىمنىڭ ھەدىسى :"رەسۇلۇللاھ ئۇممۇ سەلىمە ۋە مەيمۇنىگە ئىبنى ئۇممۇ مەكتۇمدىن

پەردىلىنىشلار"، دېدى، بىز ئى ئاللاھنىڭ رەسۇلى، ئۇ قارىغۇ، بىزنى كۆرمەيدۇ ۋە تونۇمايدۇ؟ دېگىنىمىزدە، رەسۇلۇللاھ: " سىلەرمۇ قارىغۇمۇ؟، سىلەر كۆرمەمسىلەر؟!" دېگەن. ئەبۇ داۋۇدۇ رىۋايەت قىلغان.

1. بۇ ھەدىستىكى ئىككى ئايال رەسۇلۇللاھنىڭ ئايالى، ئايەت كەرىمە:{ سىلەر پەيغەمبەرنىڭ ئاياللىرىدىن بىر نەرسە سوراپ (ئالماقچى) بولساڭلار، پەردە ئارقىسىدىن سوراپ ئېلىڭلار، مۇنداق قىلىش سىلەرنىڭ دىللىرىڭلارنىمۇ، ئۇلارنىڭ دىللىرىنىمۇ ئەڭ پاك تۇتىدۇ } ( ئەھزاب سۈرىسى، 53 ـ ئايەت). يەنى ياخشىسى ئەرلەر رەسۇلۇللاھنىڭ ئاياللىرىنى كۆرمەسلىكى ۋە رەسۇلۇللاھنىڭ ئاياللىرىنىڭمۇ يۈزى ئوچۇق ھالەتتە ئەرلەرنى كۆرمەسلىكى ھەر ئىككى تەرەپ ئۈچۈن ياخشىدۇر.

ھەدىس شەرىفتىكى بۇيرۇق سۆزى رەسۇلۇللاھنىڭ ئاياللىرىغا خاسلىقىغا قايتىدۇ.

2. رەسۇلۇللاھ بەزى ئاياللىرىنى ئىبنى ئۇممۇمەكتۇمغا قاراشتىن توسقان بولسا، رەسۇلۇللاھ پاتىمە بىنت قەيسكە: " تاغاڭنىڭ بالىسى ئىبنى ئۇمۇ مەكتۇمنىڭ قېشىدا ئىددەت تۇتقىن، ئۇنىڭ كۆزى ئاجىز" دېگەن، مۇسلىم رىۋايەت قىلغان.

يەنى بۇ دېگەنلىك پاتىمە بىنت قەيىس ئۇنىڭ ئۆيىدە تولۇق ئىددەت توشقىچە سىقىلماستىن تۇرىدۇ، دېگەن بولىدۇ. بۇ ھەدىس يۇقۇرقى چەكلەشنىڭ رەسۇلۇللاھنىڭ ئاياللىرىغا خاسلىقىنى كۆرسىتىدۇ. چۈنكى بۇ ئىش پەردىلىنىش پەرز بولغاندىن كېيىن بولغان مەسىلە.

3. " سىلەرمۇ قارىغۇمۇ" دېگەن ھەدىسنىڭ رەسۇلۇللاھنىڭ ئاياللىرىغا خاس ئىكەنلىگىنى تەكىتلەيدىغان نەرسە ئىمام ئەھمەدنىڭ تەقرىرىدۇر، (مۇغنى ناملىق كىتابقا قاراڭ) ھەدىسنى رىۋايەت قىلغان ئەبۇداۋۇد ھەدىسنىڭ ئاخىرىدا، بۇ ھەدىس رەسۇلۇللاھنىڭ ئاياللىرىغا خاس دەپ ئىزاھلىغان.

سەككىزىنچى:

" ئايال ئەۋرەت ، سىرتقا چىقسا شەيتان بويىنىنى سوزىدۇ" دېگەن ھەدىس، تىرمىزى رىۋايەت قىلغان.

1. بەزىلەر مۇشۇ ھەدىسنى دەلىل قىلىپ، ئاياللارنىڭ سىرتقا چىقىشىنى ھارام ياكى مەكرۇھ دەپ قارىسا، بىز دەيمىزكى رەسۇلۇللاھ ئاياللارنىڭ مەسجىدكە بېرىشنى توسقان ئەرلەرنى توسقان تۇرسا، : قانداقمۇ ھارام بولسۇن؟.

رەسۇلۇللاھ ئۇممۇ ھارامنىڭ دېڭىز ئۇرۇشىغا قاتنىشىغا دۇئا قىلغان ( بۇخارى، جىھاد بابىغا قاراڭ) ئۇ ئايالنىڭ جىھادقا چىققانلىقى زۆرۈرىيەت قاتارىدىن ئەمەس، ئاللاھقا تېخىمۇ يېقىنلىشىش قاتارىدىن ئىدى!.

2. ئاياللارنىڭ ئۆيىدىن سىرتقا زۆرۈرىيەت ياكى ئېھتىياج ياكى مەنپەت سەۋەبىدىن چىقىشى ھارام ياكى مەكرۇھ بولمىسا، ئۇنداقتا ھەدىسنىڭ ئۇقۇمى نېمە؟ ھەدىس ئايالنىڭ ئەۋرەت بولۇشى بىلەن شەيتاننىڭ باش چىقىرىشىنى باغلاۋاتىدۇ.

ھەدىستىكى مەقسەت، ئاياللارنىڭ ـ شەرئەت ھالال قىلغان زىننەتتىن باشقىسىنى ئاچماسلىقى، مېڭىشلىرىدا باشقىلارنى قارىتىپ ماڭماسلىقى ۋە گەپ ـ سۆزلىرىدە يات ئەرلەرگە ئەكلەشنىڭ بولماسلىقىدىن سىرىت ـ ئەۋرەت جايلىرىنى يېپىشتا كەمچىللىك قىلىپ سېلىشىدىن ئاگاھلاندۇرۇشتۇر، شۇنداقلا ئەرلەرنىڭ ئۇچۇرۇشۇش ئەدەپ ـ ئەخلاقلىرىغا سەل قارىشىدىن ئاگاھلاندۇرۇشتۇر.

3. بۇ ھەدىس مال دۇنيا ۋە بالىلارنىڭ پىتنىسىدىن ئاگاھلاندۇرغاندەك ئاياللارنىڭ پىتنىسىگە كىرىپ قېلىشتىن ئاگاھلاندۇرىدۇ، پىتنە يالغۇز ئايال كىشىدىلا بولمايدۇ، ئەرلەردىمۇ بولىدۇ، شۇنىڭ ئۈچۈن مۆمىن ئەر ۋە ئايال ھاياتتا جىددى تەڭ قەدەم بېسىشى كېرەك.

*****************************

## باشقىلار بىلەن پەردە ئارقىسىدا گەپ ـ سۆز ياكى مۇئامىلە قىلىشنىڭ رەسۇلۇللاھنىڭ ئاياللىرىغا خاسلىقى

ئاللاھنىڭ سۆزى:{ سىلەر پەيغەمبەرنىڭ ئاياللىرىدىن بىر نەرسە سوراپ (ئالماقچى) بولساڭلار، پەردە ئارقىسىدىن سوراپ ئېلىڭلار، مۇنداق قىلىش سىلەرنىڭ دىللىرىڭلارنىمۇ، ئۇلارنىڭ دىللىرىنىمۇ ئەڭ پاك تۇتىدۇ }( ئەھزاب سۈرىسى، 53 ـ ئايەت)

ئايەتتىكى ھىجاب سۆزى پەردە مەنىسىدە كەلگەن، ئايەت رەسۇلۇللاھنىڭ ئاياللىرىنىڭ پەردە بىلەن پەردىلىنىشى لازىم دەيدۇ، لېكىن كىيىم بىلەن پەردىلەنسۇن دېمىدى.

ئايەتنىڭ مەنىسى يات ئەرلەرنىڭ رەسۇلۇللاھنىڭ ئاياللىرىغا قىلىدىغان سۆزلىرى ـ ئۇلارنىڭ شەخسىيتىنى كۆرمەي ـ پەردە ئارقىسىدىن بولسۇن، دېمەكچى، ئايەتتىكى بۇيرۇق سۆزى رەسۇلۇللاھنىڭ ئاياللىرىنىڭ يات ئەرلەر بىلەن پەردىسىز ئۇچرىشىنى چەكلەشنى كۆزدە تۇتىدۇ.

**ھەدىسكە نەزەر:

ئەنەس رىۋايەت قىلغان بىر ھەدىستە مۇنداق دەيدۇ:" مەن ھىجاب ئايىتىنىڭ تەپسىلاتىنى باشقىلاردىن بەكرەك ياخشى بىلىمەن، زەينەب بىنت جەھش رەسۇلۇللاھ بىلەن توي قىلغان كۈنى، ھەزرىتى زەينەب رەسۇلۇللاھ بىلەن ئۆيدە بىرگە ئىدى، رەسۇلۇللاھ توي تامىقى قىلىپ باشقىلارنى چاقىرغان، ئۇلار تاماق يەپ بولۇپ تارقاپ كەتمەي، پاراڭ سېلىپ ئولتۇرۇشۇپ قالدى، ھەزرىتى زەينەب بولسا يۈزىنى تام تەرەپكە قىلىپ ئولتۇراتتى، رەسۇلۇللاھ مېھمانلار قايتىپ قالامدىكى دەپ، سىرتقا چىقىپ كىرىپ تۇراتتى، شۇ ۋاقىتتا ئاللاھ ھىجاب( پەردە ) ئايىتىنى چۈشۈردى، پەردە تارتىلدى، كىشىلەر چىقىپ كېتىشتى" بۇخارى ۋە مۇسلىم رىۋايەت قىلغان.

ئەگەر بۇ ئايەتتىكى ھىجاب( پەردە) دىن بەدەننىڭ ھەممە يېرىنى يۆگەش مەقسەت بولىدىغان بولسا، ـ توي قىلغان چوكان ھەزرىتى زەينەبنىڭ يۈزى ئوچۇق بولۇپ، تام تەرەپكە قاراپ ئولتۇرغان ـ رەسۇلۇللاھ ئۇ ئايالنىڭ يۈزىنى يېپىشقا بۇيرۇغان بولاتتى، پەردە تارتىشنىڭ ھاجىتى بولمايتتى، مۇشۇ ئايەت نازىل بولغاندىن كېيىن ئەنەسمۇ كىرىشتىن چەكلەندى.

ھەدىس كىتابلىرىنى بىرـ بىرلەپ تەكشۈرۈپ چىقسىڭىز، بۇنىدىن باشقا يەنە بىر قانچە ھەدىسلەرنى بايقايسىز.

تەپسىر بەھرۇدا مۇنداق كەلگەن: { سىلەر پەيغەمبەرنىڭ ئاياللىرىدىن بىر نەرسە سوراپ (ئالماقچى) بولساڭلار،پەردە ئارقىسىدىن سوراپ ئېلىڭلار} دېگەن ئايەت يەنى پەردە ئارقىسىدىن بولسۇن دېمەكچى، چۈنكى ھىجاب پەرز بولغاندىن كېيىن ھېچ بىر ئىنساننىڭ رەسۇلۇللاننىڭ ئاياللىرىغا ـ نىقابلىق ھالەتتە ياكى نىقابسىز ھالەتتە قارىشى توغرا ئەمەس.

قازى ئىياز مۇنداق دەيدۇ: رەسۇلۇللاھنىڭ ئاياللىرى پەردىلەنگەن بولسىمۇ شەخسىيتىنى ـ زۆرۈيەتسىز ـ ئاشكارىلىشى دۇرۇس بولمايدۇ، ئۇلار كىشىلەرگە ھەدىس سۆزلەپ بەرگىلى ئولتۇرغاندا پەردە ئارقىسىدىن سۆزلەپ بېرەتتى" پەتھۇل بارى 13 ـ توم 260 ـ بەت.

** پەردىلىنىش ھىجاب ئايىتىنىڭ چۈشكەن تارىخى ھىجرىيەنىڭ 5 ـ يىلىغا توغرا كېلىدۇ، تەبقاتۇل كۇبرىدا مۇشۇ تارىخ تەكىتلەنگەن.

بۇ خىلدىكى باشقىلاردىن تامامەن پەردىلىنىش ھىجابى باشقا مۇسۇلمان ئاياللىرىغا پەرز قىلىنمىغان. ساھابە ئاياللىرى ـ ئەگەششىش يۈزىسىدىن بولسىمۇ ـ مۇنداق پەردىلەنمىگەن، چۈنكى ئۇلار بۇ ئايەتنىڭ رەسۇلۇللاھنىڭ ئاياللىرىغا خاس ئىكەنلىكىنى بىلەتتى، رەسۇلۇللاھنىڭ ئاياللىرىغا خاس ئىشلاردا ئۇلارغا ئەگىششكە ئورۇن يوقلىقىنى چۈشەنگەن ئىدى.

**پەردىلىنىش ھىجابىنىڭ رەسۇلۇللاھنىڭ ئاياللىرىغا خاس ئىكەنلىكىنىڭ دەلىللىرى**

**1.** ئاللاھنىڭ سۆزى: { ئى مۆمىنلەر! پەيغەمبەرنىڭ ئۆيلىرىگە كىرمەڭلار، پەقەت تاماققا چاقىرىلغان ۋاقتىڭلاردىلا كىرىڭلار، (باشقا ۋاقىتتا رۇخسەت بىلەن كىرگەندە) تاماقنىڭ پىششىنى كۈتۈپ ئولتۇرماڭلار، لېكىن چاقىرىلغاندىلا كىرىڭلار يېڭ، تاماق يەپ بولغاندىن كېيىن تارقاپ كېتىڭلار، تاماقتىن كېيىن)پاراڭ سېلىشىپ ئولتۇرماڭلار، بىڭ(يەنى تاماقتىن كېيىن پاراڭ سېلىشىپ ئولتۇرۇش)پەيغەمبەرنى رەنجىتىدۇ، پەيغەمبەر (بۇنى ئېيتىشقا)سىلەردىن خىجىل بولىدۇ، الله ھەق(نى ئېيتىش)تىن خىجىل بولمايدۇ،سىلەر پەيغەمبەرنىڭ ئاياللىرىدىن بىر نەرسە سوراپ (ئالماقچى) بولساڭلار، پەردە ئارقىسىدىن سوراپ ئېلىڭلار، مۇنداق قىلىش سىلەرنىڭ دىللىرىڭلارنىمۇ، ئۇلارنىڭ دىللىرىنىمۇ ئەڭ پاك تۇتىدۇ، سىلەرنىڭ رەسۇلۇللا نى رەنجىتىپ قويۇشۇڭلار دۇرۇس ئەمەس، رەسۇلۇللاھدىن كېيىن ئۇنىڭ ئاياللىرىنى ئېلىشىڭلارمۇ مەڭگۈ دۇرۇس ئەمەس، بۇنداق قىلىش (يەنى رەسۇلۇللاھنى رەنجىتىش ۋە ئۇنىڭ ئاياللىرىنى ئېلىش) ھەقىقەتەن الله نىڭ دەرگاھىدا چوڭ گۇناھتۇر } ئەھزاب سۈرىسى، **53** ـ ئايەت.

ئايەت ئوچۇق ئاشكارا ـ بارلىق مۇسۇلمانلارنىڭ ئۆيلىرى ۋە ئاياللىرى توغرىسىدا ئەمەس ـ رەسۇلۇللاھنىڭ ئۆيى ۋە ئاياللىرى توغرىسىدا سۆزلەۋاتىدۇ.

ئىبنى تەيمىيە:{ ئۇلاردىن بىر نەرسە سورىساڭلار } دېگەن ئايەتتىكى زىمىر رەسۇلۇللاھنىڭ ئاياللىرىغا قايتىدۇ، خىتابتا قۇل ـ چۆرىلەرنىڭ بايانى يوق.

ئايەتنىڭ خىتابىدا يەنە بارلىق ئاياللارنىڭمۇ بايانى يوق.

تەبەرىنىڭ تەپسىرىدە: { ئۇلارغا (يەنى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئاياللىرىغا) ئاتىلىرى بىلەن, ئوغۇللىرى بىلەن، قېرىنداشلىرى بىلەن، قېرىنداشلىرىنىڭ ئوغۇللىرى بىلەن، ھەمشىرىلىرىنىڭ ئوغۇللىرى بىلەن، مۆمىن ئاياللار بىلەن، قۇل،چۆرىلىرى بىلەن كۆرۈشۈش ھېچ گۇناھ ئەمەس، (ئى پەيغەمبەرنىڭ ئاياللىرى!)اللە دىن قورقۇڭلار، الله ھەقىقەتەن ھەممە نەرسىنى كۆزىتىپ تۇرغۇچىدۇر } ئەھزاب سۈرىسى، **55** ـ ئايەت.

ئايەت رەسۇلۇللاھنىڭ ئاياللىرىنىڭ ئاتىلىرى ھەققىدە ھېچقانداق گۇناھ يوق دەيدۇ. ئالىملار قانچىلىك دائىرە ئىچىدە بولسا گۇناھ يولمايدىغانلىقى توغرىسىدا ئىختىلاپلاشتى، بەزىلەر: سىرىتقى پەرەنجىلىرىنى سېلىپ ئولتۇرسا بولىدۇ، دېدى ، يەنە بەزىلەر : ئۇلاردىن پەردىلەنمەي ئولتۇرسا بولىدۇ، دېدى.

مانا مۇشۇنداق، ئاللاھ تائالا رەسۇلۇللاھنىڭ ئاياللىرىنىڭ پەردىلىنىشىدىن مۇستەسنا قىلغانلىقىنى كۆرەلەيمىز، لېكىن ئومۇمى مۇسۇلمان خانىملارنىڭ مەھرەملىرىدىن ئىچكى زىننىتىنى يوشۇرۇشتىن مۇستەسنا قىلدى، قۇرئاندا مۇنداق كەلگەن: { (تاشقى زىننەتلىرىدىن باشقا)زىننەتلىرىنى ئەرلىرىدىن ، ئاتىلىرىدىن، يا قېيىن ئاتىلىرىدىن،يا ئوغۇللىرىدىن، يا ئەرلىرىنىڭ ئوغۇللىرىدىن، يا ئۆز قېرىنداشلىرىدىن، يا قېرىنداشلىرىنىڭ ئوغۇللىرىدىن، يا ھەمشىرىلىرىنىڭ ئوغۇللىرىدىن، يا دىنداش ئاياللاردىن، يا قول ئاستىدىكى چۆرىلەردىن، يا خوتۇنلارغا ئېھتىياجى يوق خىزمەتچىلەر(يەنى قېرى، دەلدۈش بولغانلىقتىن جىنسىي شەھۋىتى يوقلار)دىن، يا ئاياللارنىڭ ئەۋرەتلىق جايلىرىنى ئۇقمايدىغان(يەنى بالاغەتكە يەتمىگەن)باللاردىن باشقا كىشىلەرگە

كۆرسەتمسۇن } نۇر سۇرسى، 31 ـ ئايەت.

### 2. هجاب ( پەردىلىنش) نىڭ پەرز بولۇش مۇقەددىمسى:

ئۆمەر  ئىبنى خەتتابتىن رىۋابەت قىلىنغان بىر ھەدىستە:" ھەزرىتى ئۆمەر  ئى ئالالاھنىڭ پەيغەمبىرى، سېنىڭ قېشىڭغا ياخشى ۋە يامان ئادەم كىرىدۇ، مۆمنلەرنىڭ ئاپلىرىنى پەردىلىنىشكە بۇيرۇغان بولساڭ؟ دېگەندە، پەردىلىنش ئايىتى چۈشىدۇ" بۇخارى رىۋايىتى.

ھەزرىتى ئۆمەر  ھەدىسىدە، رەسۇلۇللاھغا مۆمنلەرنىڭ ئايالىرىنى بۇيرۇغىن، پەردىلەنسۇن دېمىدى، بەلكى، ئاياللىرىڭنى پەردىلىنىشكە بۇيرۇغان بولساڭ، دېدى.

### 3. بۇخارى ۋە مۇسلىمدىكى هجاب ( پەردىلىنش) سۆزىنىڭ رەسۇلۇللاھنىڭ ئاياللىرىغا خاس ئىكەنلىگى توغرىسىدا:

بۇخارى، مۇسلىم ۋە باشقا سۈننەت كىتابلىرىنى ئىزدىنىپ چىققان كىشى، هجاب ( پەردىلىنش ) سۆزىنىڭ رەسۇلۇللاھنىڭ ئاياللىرىغا خاس  ئىكەنلىگىنى ھېس قىلىدۇ.

بۇخارى ۋە مۇسلىمدىن ئۆرنەكلەر:

بىرىنچى: رەسۇلۇللاھ دەۋرىدە:

* بالا تۇغۇلغان يېرىگە تەۋە" دېگەن ھەدىستە، رەسۇلۇللاھ :"... ئەي سەۋدە ئۇنىڭدىن پەردىلەنگىن" دېدى، سەۋدە ئۇنى كۆرمىدى" بۇخارى ۋە مۇسلىم رىۋايىتى.

* ئەبۇمۇسا ئەشئەرىنىڭ ھەدىسىدە:" ... ئۇممۇ سەلىمە پەردىنىڭ ئارقىسىدىن، ئاپاڭلىغىمۇ بىر ئاز قالدۇرۇپ قويۇڭلار دەپ توۋلىغان"، بۇخارى ۋە مۇسلىم رىۋايىتى.

ئىككىنچى ساھابىلەرنىڭ دەۋرىدە:

سەئىد ئىبنى ھىشام، بىز ھەزرىتى ئائىشىنىڭ قېشىغا بېرىپ، رۇخسەت سورىدۇق، بىزگە رۇخسەت بەردى، بىز ئۇنىڭ ئۆيىگە كىردۇق، ھەزرىتى ئائىشە: ھەكىممۇ؟ دەپ سورىدى، ھەكىم جاۋابەن: ھەئە، دېدى، ھەزرىتى ئائىشە: سەن بىلەن يەنە كىم بار؟ دەپ سورىدى، ئۇ: سەئىد ئىبنى ھىشام بار، دېدى، ھەزرىتى ئائىشە: قايسى ھىشام ئۇ؟ دېدى، ئۇ: ئامىرنىڭ بالىسى، دەپ جاۋاب بەردى، ھەزرىتى ئائىشە، ئامىرغا رەھمەت تىلىدى ۋە ياخشى گېپىنى قىلدى" مۇسلىم رىۋايەت قىلغان.

### 4. پەردىلىنش پەرز بولغاندىن كېيىن، رەسۇلۇللاھنىڭ ئاياللىرىدىن جىھادنىڭ كۆتۈرۈلۈپ كېتىشى ۋە باشقا مۆمن ئاياللارغا رۇخسەت قىلىنىشى:

* پەردىلىنش پەرز قىلىنىشتىن ئىلگىرى رەسۇلۇللاھنىڭ ئاياللىرىنىڭ جىھاد قىلىشىغا رۇخسەت قىلىنىشى:

ئەنەستىن رىۋايەت قىلىنغان ھەدىستە، ئۇ مۇنداق دەيدۇ:" ئۇھۇد كۈنى ھەزرىتى ئائىشە ۋە ئۇممۇ سۇلەيمنىڭ پاچاقلىرىنى تۇرۇپ ـ خەلخال( زىننەت بويۇمى) كۆرۈنۈپ قالغان ئىدى ـ ئەسكەرلەرگە سۇ يەتكۈزۈپ بېرۋاتقانلىقىنى كۆردۈم" بۇخارى ۋە مۇسلىم رىۋايىتى.

* پەردىلىنش پەرز قىلىنغاندىن كېيىن رەسۇلۇللاھنىڭ ئاياللىرىدىن جىھاد قىلىشنىڭ كۆتۈرۈلۈپ كېتىشى:

ھەزرىتى ئائىشە: " ئى ئالالاھنىڭ پەيغەمبىرى، جىھاد ھەممىدىن ساۋابلىق ئىش، شۇنىڭ ئۈچۈن بىزمۇ جىھاد قىلمايمىزمۇ؟ دېگەندە، رەسۇلۇللاھ : سىلەرگە جىھادنىڭ ئەۋزىلى قوبۇل قىلىنغان ھەج" دەپ جاۋاب بەرگەن. بۇخارى رىۋايىتى.

* پەردىلىنش پەرز قىلىنغاندىن كېيىن رەسۇلۇللاھنىڭ ئاياللىرىنىڭ رەسۇلۇللاھ بىلەن چىققان سەپەرلىرى جىھاد

قىلىش ئۇچۇن ئەمەس، ھەمرا بولۇش ئۇچۇن ئىدى.

* پەردىلىنىش پەرز قىلىنغاندىن كېيىن مۆمىنلەرنىڭ بەزى ئاياللىرىنىڭ جىھادقا قاتناشقانلىقى

ئەنەستىن رىۋايەت قىلىنغان ھەدىستە، " ئۇممۇسۇلەيم ھۆنەين كۈنى خەنجەردىن بىرنى ئېلىۋالغان ئىدى، يولدىشى ئەبۇتەلھە كۆرۈپ: ئى ئاللاھنىڭ پەيغەمبىرى ئۇممۇ سۇلەيمدە خەنجەر تۇرىدۇ، دېگەندە: "رەسۇلۇللاھ: نېمە ئۇچۇن خەنجەر ئېلىۋادىڭىز؟ دەپ سورايدۇ، ئۇ ئايال: مۇشرىكلاردىن بىرەرسى ماڭا يېقىنلىشىپ قالسا قوسقىنى يېرىۋەتەي دەپ ئېلىۋالدىم، دەپ جاۋاب بەرگەندە، رەسۇلۇللاھ كۈلۈپ كېتىدۇ..." مۇسلىم رىۋايىتى.

## 5. رەسۇلۇللاھنىڭ قىزلىرى پەردىلەنمەستىن، ئاياللىرىنىڭ پەردىلىنىشى:

" رەسۇلۇللاھ دەپنە قىلىنغاندا، ھەزرىتى پاتىمە: ئەي ئەنەس، رەسۇلۇللاھنىڭ قەبرىسى ئۈستىگە توپا ئىتتىرىشقا كۆڭلۈڭلار ئۇنىدىمۇ؟" دېگەن، بۇخارى رىۋايىتى.

ئەگەر رەسۇلۇللاھنىڭ قىزلىرىغىمۇ پەردىلىنىش پەرز بولغان بولسا، ھەزرىتى پاتىمە ئەرلەر بار قەبرە بېشىدا بولمىغان بولاتتى.

## 6. ساھابە ئاياللىرى ئەرلەر بىلەن پەردىلەنمەستىن ئۇچرىشىدۇ:

* ئۇممۇ فەزلىدىن رىۋايەت قىلىنغان ھەدىستە :" ئەرەپات كۈنى كىشلەر رەسۇلۇللاھ رامىزان تۇتقانمۇ ياكى تۇتمىغانمۇ؟ دېگەن تېمىدا تالاش تارتىش قىلىشتى، بەزىلەر: رامىزان تۇتقان دېيىشسە، يەنە بەزىلەر: رامىزان تۇتمىغان، دېيىشتى، ئۇممۇسەلىمە جاۋاب بېرىپ: مەن رەسۇلۇللاھغا ئەرەپات كۈنى بىر قاچا سۈتنى ئاپىرىپ بەرسەم، تۆگىسىنىڭ ئۈستىدە تۇرۇپلا، ئىچىۋەتكەن" دېدى. بۇخارى ۋە مۇسلىم رىۋايىتى.

* تەبرانى رىۋايەت قىلغان بىر ھەدىستە، قەيس ئىبنى ھازىم مۇنداق دېگەن:" ئەبۇبەكرى كېسەل بولۇپ قالغاندا، بىز ئۇنىڭ قېشىغا كىرگەن ئىدۇق، ئەبۇبەكرىنىڭ قېشىدا سۆزۈك ۋە قوللىرىغا خەنە يېقىۋالغان بىر ئايال ئۇنى يەلپىپ تۇراتتى، ئۇ ئەسما بىنت ئۇمەيس ئىدى" دېگەن. (سەھى ھەدىس) .

* ئەنەس رىۋايەت قىلغان مۇنداق دەيدۇ: " رەسۇلۇللاھ غازاتقا چىقىپ قالسا، ئۇممۇ سۇلەيم ۋە باشقا ئاياللارمۇ بىرگە رەسۇلۇللاھ بىلەن جىھادقا چىقىپ، سۇ يەتكۈزۈپ بېرەتتى ۋە جاراھەتلەنگەنلەرنى داۋالايتتى" مۇسلىم رىۋايىتى.

*يۇقۇرقى دەلىللەردىن باشقا ئۇمۇمى مۇسۇلمان ئاياللىرىنىڭ، پەرز ناماز، ھېيت نامىزى، ھەج پائالىيىتى، جىھاد، بىلىم ئۆگىنىش، ياخشى ئىشلارغا بۇيرۇش، يامان ئىشلاردىن چەكلەش، زىيارەت قىلىش، كېسەل يوقلاش، جازا مەيدانلىرىغا قاتنىششقا ئوخشاش ھايات ساھەلىرىنىڭ ھەممىسگە قاتنىشاتتى.

* ئىمام ئەبۇداۋاد، قۇرتىبى، قازى ئىياز، ئىمام نەۋەۋى ۋە ئۇنىدىن باشقا ئالىملار پەردىلىنىشنىڭ رەسۇلۇللاھنىڭ ئاياللىرىغا خاس ئىكەنلىكىنى بايان قىلىشىدۇ.

بۇ ماۋزۇدا تېخمۇ تەپسىلى ئىزدەنمەكچى بولسىڭىز، شەيخ ئابدۇھەلىم ئەبۇشەققىنىڭ :" رىسالەت دەۋرىدىكى ئاياللار ئازاتلىقى " ناملىق كىتابقا مۇراجەت قىلىڭ.

## خۇلاسە

قۇرئان ياكى سۈننەتتە يۈزنى يېپىشنىڭ ۋاجىبلىقىغا ئوچۇق دەلىل كەلمىدى

ئاياللارنىڭ يۈزنى ئوچۇق قويۇشى مۇباھ مەسلە، شەرىئەتتە يۈزنى يېپىش ۋاجىب دەيدىغانغا قۇرئان ياكى سۈننەتتە ئوچۇق دەلىل يوق. قۇرئاندا كەلگەن ۋاجىب ئىشلارنى سۈننەت تەپسىلى بايان قىلىپ بېرىدۇ ۋە ئىزاھلايدۇ. سۈننەتتە يۈزنى يېپىشنىڭ ۋاجىبلىقىغا كەسكىن دەلىل كەلگەن ئەمەس.

ئەگەر يۈزنى يېپىش ۋاجىب بولىدىغان بولسا، دىنىدىكى زۆۈر بىر مەسىلە بولـۇپ كەتكە تارقالغـان بـولاتتى، ئۇنى ھەممە ئادەم بىلىپ كېتەتتى.

رەسۇلۇللاھنىڭ ئاياللىرىنىڭ يۈزنى يېپىشىنىڭ ئۇلارغا خاسلىقى، شۇنداقلا رەسۇلۇللاھ دەۋرىـدە بەزى نىقـاب تارتقان ئاياللارنىڭ بولۇشى، يۈزنى يېپىش ۋاجىب ئىكەن دېگەن ئويغا كەلتۈرۈپ قويغان بولۇشى مۇمكىن.

شەرىئەت فۇقاھالىرى يۈزنى ئەۋرەت ئەمەس دېگەن نوقتىدا ئىتتىپاق. مەزھەب كىتابلىرىغا قاراڭ.

*** باشقىلار بىلەن بولغان گەپ ـ سۆز ۋە مۇئامىلىدە پەردىلىنىش رەسۇلۇللاھنىڭ ئاياللىرىغا خاس ھۆكۈمدۇر .

# دەۋەت يولىدىكى 10پىرىنسىپ

**1. شەكىل ۋە كۆرۈنۈشتىن ھەقىقەت ۋە جەۋھەرگە ئاتلىنىش:**

ئىسلام دىنىنىڭ ئەقىدە جەۋھىرى تەۋھىد، ئىبادەت جەۋھىرى ئىخلاس، مۇئامىلە جەۋھىرى راستچىللىق، ئەخلاق جەۋھىرى رەھىمدىللىق، قانۇن جەۋھىرى ئادالەت، ئەمەل جەۋھىرى پۇختا قىلىش، ئەدەب جەۋھىرى گۈزەللىك، ئالاقە جەۋھىرى قېرىنداشلىق ۋە مەدەنىيەت جەۋھىرى تەڭپۇڭلۇقتۇر.

بۇنىڭ مىساللىرى كۆپ ، مەسىلەن ئىخلاس بىلەن ناماز ئوقۇمىغان كىشى نامازنىڭ تەمىنى تېتىيالمايدۇ...

**2. كۆپ سۆزلەش ۋە جەدەلدىن ئەمەل ۋە نەتىجىگە :**

جەدەلنىڭ كۆرۈنۈشلىرىدىن: ئەمەل قىلماي ئۆتمۈش بىلەن پەخىرلىنىش ياكى ئۆتمۈشنى كۆزگە ئىلماسلىق... ياكى باشقىلارنىڭ ياخشى گېپىنى قىلماي يامان گەپلىرىنى قىلىشقا ئۇخشاش...

ئەمەل قىلماي قۇرۇق گەپ سېتىش، پائالىيەت ئېلىپ بارماي ئاقماس جەدەل قوزغاش ۋە باشقىلارنى تۇرلۇك تۆھمەتلەر بىلەن ئېيپلاش ئاداۋەتتىن باشقا ئۇنۇم بەرمەيدۇ...

**3. ھېسياتچانلىق ۋە غەۋغا قىلىشتىن ئەقلانىلىق ۋە ئىلمىلىككە:**

غەۋغا ھېسياتنىڭ كۆرۈنۈشلىرى قاتارىدىن: ئۆزىنى كۆككە كۆتۈرۈش، ياخشى ۋە يامان كۆرۈشتە چېكىدىن ئاشۇرۋېتىش، خىيالغا پېتىش، نەتىجىنى تېز كۆرۈشكە ئالدىراش، ئالدىراڭغۇلۇق قىلىش، كائىنات ۋە جەمىيەت قانۇنىيىتىدىن غاپىل قېلىش...

ئاقىللىقنىڭ بەلگىسى ئۆزىگىزدىكى ۋە باشقىلاردىكى نەرسىلەرنى سىلىشتۇرۇپ كۆرۈش، بىلمىسىڭىز تەجرىبىلىك كىشىلەردىن سوراش. ئادەم بالىسى قاغىدىن، سۇلايمان ھۆپۈپتىن ئۆگەنگەن.

**4. شاخچە مەسىلەلەردىن ئۇسۇلى( يىلتىزى) مەسىلىلەرگە:**

ئىسلام دىنىنىڭ مەجبۇرىيەتلىرى ۋە جازالىرىنىڭ ئوخشاش ئەمەسلىكى تونۇشلۇق مەسىلە. شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇ مەسىلىلەر ئۆلچەم ۋە ئەلەۋىيات ئۇقۇمى بويىچە چوڭ ۋە كىچىك، ۋاجىب ۋە رۇخسەت، پەرز ۋە سۈننەت، پەرز ئەينى ۋە پەرز كىفايە، يىلتىزى ۋە تارماق... دىگەندەك تۈرگە بۆلىنىدۇ.

ھەر بىر نەرسىدە ئۇسۇلى( يىلتىزى) مەسىلەرنى بىلىش تارماق مەسىلەرنى بىلىشتىن ئەۋزەل، چۈنكى تارماق مەسىلىلەر يىلتىزى مەسىلىلەرنىڭ ئىچىگە كىرىپ كېتىدۇ.

**5. تەسلەشتۇرۇش ۋە ھۆكۈتۈشتىن ئاسانلاشتۇرۇش ۋە خوش بىشارەت بېرىشكە:**

پەيتۇانى ئاسانلاشتۇرۇش ۋە دەۋەتتە بىشارەت يولىنى قوللىنىش ئىسلام چاقىرغان تەڭپۇڭلۇق خۇسۇسىيىتىدۇر. مەسىلەن، تەۋھىد ئېتىقادىنىڭ جەۋھىرى، ئۇ مۇرەككەب ئۇقۇم ئەمەس. پەقەتلا بىر ئىلاھ مەۋجۇت دەپ ئېتىقاد قىلسىڭىز ئەقلىڭىز، قەلبىڭىز ۋە ھاياتىڭىز ئۈچۈن بىر قانچە ئىلاھ بار دەپ ئېتىقاد قىلغاندىن ياخشى... كائىنات تاسادىبى يارىتىلغان ياكى ئۆز- ئۆزلۈكىدىن يارىتىلغان دىگەندىن ئاسانراق...

ئاسانلىق يول، سەۋەب ۋە تەقدىر...مەسىلەن: قايسى بىر ۋاجىب ئىش ھەققى ئېغىرچىلىق تۇغدۇرسا رۇخسەتنى قوبۇل قىلىشنىڭ ئەجرىمۇ ئەزىمە ( كۈچلۈك تەرىپى) قىلغانىنىڭ ساۋابىدەك بولىدۇ.

" تارماق مەسىلىلەردە ئاسانلاشتۇرۇش، يىلتىزى ( پرىنسىپال) مەسىلىلەردە چىڭ تۇرۇش" قائىدىسىگە ئاساسەن خەلقلەرگە ئېھتىياتتىن ئاسىننى تەقدىم قىلىش، دەلىلسىز ھارام قىلماسلىق، بالا ئومۇملىشىپ كەتكەن مەسىلىلەردە ئاسانلاشتۇرۇش، ئۆزى ئۈچۈن ھارام بولغان مەسىلىلەردە زۆرۈرىيەتنى قوبۇل قىلىش، ۋاستىنى چەكلەش ئۈچۈن ھارام

بولغان مەسىلىلەردە ھاجەتنى قوبۇل قىلىشتۇر.

خوش بىشارەت بېرىش كۆرنۈشلىرى قاتارىدىن: ئۈمىدۋار قىلىش، ئەپۇچان بولۇش، كۆيۈنۈش شۇنداقلا قۇرئان، سۈننەت ۋە تارىخ ئەمەلىيىتىدىن ئىسلامنىڭ كەلگۈسى توغرىسىدا بىشارەت بېرىشتۇر...

فىقھى ۋە پەتىۋا ئىشلىرىدا كىشىلەرگە ـ تەدرىجى ئىسلامغا چىڭ ئېسىلىدۇ دېگەن ئاساستا ـ ئاسان تەرەپلىرىنى بايان قىلىپ بېرىش، ھۆكۈمتۈشتىن خوش بىشارەت بېرىش تەرىپىنى جانلاندۇرۇش...

**6.** قاتماللىق ۋە دورىمۇچىلىقتىن ئىجتىھاد ۋە يېڭىلىق يارىتىشقا:

ئىسلامغا بولغان ۋالا (مۇھەببەت، بويسۇنۇش)نى جامائەتكە( تەشكىلاتقا) بولغان مۇھەببەتنىڭ ئالدىغا قويۇش، دەۋەتكە خىزمەت قىلىشنى جامائەتكە خىزمەت قىلىش ئالدىدا قويۇش، يېڭى كۆز قاراشلار بولسا قارشى ئېلىش، باشقىلار بىلەن ـ گەرچە باشقىچە كۆز قاراشتا بولسىمۇ ـ چۈشۈنۈش ھاسىل قىلىش، خىزمەت ۋاستىلىرىنى باسقۇچقا بۆلۈپ بەلگىلەش، سىياسى خىزمەتكە چۆكۈپ كەتمەسلىك...

يېڭىلىق يارىتىش دېگەنلىك يىلتىزى مەسىلىلەرنى ئۆرۈپ تاشلاش دېگەنلىك بولمايدۇ، بەلكى كىشىلەرگە قايىل قىلارلىق گۈزەل شەكىلدە يەتكۈزۈش دېگەنلىك بولىدۇ.

شۇنى بىلىش كېرەككى، ئىجتىھاد ـ مۇجتەھىدلەردىن باشقا ـ ھەممە كىشىلەر ئۈچۈن ئوچۇق مەيدان ئەمەس... ئەينى زاماندىن تارتىپ مۇجتەھىدلەر يەككە ئىجتىھاد قىلىپ كەلگەن، بۈگۈنكى دەۋردە بىرلەشمە ياكى ئالىملار كېڭىشى شەكلىدە قىلسا ئۈنۈمى ياخشى بولىدۇ...

**7.** مۇتەئەسسىبلىك ۋە بىكىنمىلىكتىن كەڭچىللىك ۋە ئالغا بېسىشقا:

غەيرى مۇسۇلمانلار بىرگە زىيانكەشلىك قىلمىسا تىنچ ياشاش، ئالاقە ئورنۇتۇش، ئىسلامنىڭ گۈزەل ئەخلاقى ئارقىلىق ئۇلارنى ئىسلامگە دەۋەت قىلىش، ئىسلامنىڭ رەھمەت ئىكەنلىكىنى ئۇنتۇپ قالماسلىق...

**8.** چېكىدىن ئاشۇرۇۋېتىش ۋە چۈشكۈنلىشىشتىن نورماللىق ۋە تەڭپۇڭلۇققا:

چېكىدىن ئاشۇرۇۋېتىشنىڭ كۆرنۈشلىرىدىن:

* باشقىلارنى ئېتىراپ قىلماسلىق

* ئاۋاملار( خەلق ئاممىسى) نى ئەزىمە ئىشلارغا مەجبۇرلاش

* ئورۇنسىز مۇتەشەددىلىك قىلىش

* قوپاللىق قىلىش

* كىشىلەرگە يامان گۇمان بىلەن قاراش

* دەلىلسىز باشقىلارنى كاپىرغا چىقىرىۋېتىش

يېڭىلىق يارىتىش، نورماللىق ۋە ھەقىقەتتىكى تەڭپۇڭلۇق سەلەپ سالىھلەرنىڭ يولى ئارقىلىق بولىدۇ. بۇ ھالەتنى شەكىللەندۈرۈش ئۈچۈن تۆۋەندىكى بىر قانچە تۈرلۈك فىقھى( چۈشەنچىلەرنى) گۈللەندۈرۈشكە توغرا كېلىدۇ:

* ئەمەلىيەت فىقھىسى( يەنى رېئاللىقنى ئېتىراپ قىلىش ۋە شارائىتنى ياخشى بىلىش)

* شەرىئەتنىڭ مەقسەتلىرى فىقھىسى

* كائىنات، ئىنسانلار ۋە جەمىيەتتىكى قانۇنىيەت ۋە سەۋەبلەرنى چۈشىنىش فىقھىسى

* ئىختىلاپ قىلىش چۈشەنچىسى

* ئەۋلەۋىيات چۈشەنچىسى

* سېلىشتۇرما چۈشەنچىسى

* ئىشلارنىڭ ئاقىۋىتىنى ئويلاپ بىر تەرەپ قىلىش چۈشەنچىسى...

يېڭىلىق يارىتىشنىڭ ئاساسلىق كۆرۈنۈشلىرى:

* ئاسانلاشتۇرۇش ۋە خوش بىشارەت بېرىشنى ئاساس قىلىش

* سەلەپىيە بىلەن يېڭىلىقنى بىرلەشتۈرۈش

* سەلەپىيە بىلەن سوپىئىزملىقنى ياراشتۇرۇش، ياكى سەلەپىئىزىمنى سوپىئىزىملاشتۇرۇش ۋە سوپىئىزىمنى سەلەپىلاشتۇرۇش.

**9.** قوپاللىقتىن كۆيۈنۈشكە:

دەۋەت پرىنسىپىنىڭ ئاساسى كۆيۈنۈشتۇر، ھىكمەت بىلەن دەۋەت قىلىشنىڭ مەنىسى ئەقلىنى پاكىت بىلەن قانائەتلەندۈرۈشتۇر ، ياخشى نەسىھەتنىڭ مەنىسى كۆڭۈلنى خاتىرجەم قىلىشتۇر.

"ياخشىلىقچە جىدەللەشكىن" دېگەن ئايەتنىڭ مەنىسى قارشى كۆز قاراشتىكىلەر بىلەن سۆھبەت ئۆتكۈزۈشتۇر.

يەھۇدىلار رەسۇلۇللاھغا:" سامۇ ئەلەيكۇم" يەنى ساڭا ئۆلۈم بولسۇن دەپ كىرگەندە، ھەزرىتى ئائىشە جاۋابەن :"سىلەرگىمۇ ئۆلۈم ۋە لەنەت بولسۇن" دېگەندە، رەسۇلۇللاھ: ئۇنداق دېيىشتىن چەكلىگەن...

جىھاد ئۇقۇمىدىكى نوقسان:

مۇھەككەمنىڭ ئورنىغا مۇتەشابىھ، كۈللىيات( نىگىزلىك) مەسىلىنىڭ ئورنىغا تارماق مەسىلە، مەقسەتنىڭ ئورنىغا شەكىلگە تايىنىش جىھاد ئۇقۇمىدىكى نوقسان...

ئىسلام دىنى باشقىلار كاپىر بولغانلىقى ئۈچۈنلا ئۇرۇشمايدۇ، زۇلۇم سەۋەبىدىن ئۇرۇشىدۇ. كىشىلەرنى مۇئەييەن دىنغا زورلاش ئۈچۈن ئۇرۇشمايدۇ. بەلكى ئىرادە، ئەقىل، ئىختىيارلىق ۋە ئەركىنلىكنى پالەچ قىلىپ قويىدىغان پىتنە سەۋەبىدىن ئۇرۇشىدۇ.

**10.** ئىختىلاپ ۋە جىدەللىشىشتىن ئىتتىپاق ۋە ھەمكارلىققا:

ئورۇنسىز ئىختىلاپ ۋە شاخچە مەسىلىلەردىكى ئىختىلاپ ئىسلام جىسمىمىزنى چىرىتىۋېتىپ بارغان ئەڭ چوڭ كېسەللەرنىڭ بىرسىدۇر.

يۇسۇپ ئەلەيھىسسالام قېرىنداشلىرىدىن شۇنچە ئېغىر ئازار يېگەن بولسىمۇ، ئۇ ئىشلارنى تولىمۇ كۆرمۇشكە...

شاخچە تارماق مەسىلىلەردە بىرلىككە كېلەلمىسەكمۇ ئۆزگەرمەس يىلتىزى مەسىلىلەردە ۋە بۈيۈك مەنپەئەتلەردە بىرلىككە كېلەلەيمىز. شاخچە مەسىلىلەردە ئىلمى ئۇسۇل بىلەن ئىختىلاپ قىلىشاق مەسىلە يوق، لېكىن قارشى كۆز قاراشتىكىلەرنى يامان كۆرىدىغان ئاڭدىكى ئىختىلاپ تامامەن ئىسلامغا زىت.

ئىختىلاپنى چۈشىنىش ئاساسلىرىدىن:

* فىقھىنىڭ تارماق مەسىلىلىرىدە ئىختىلاپنىڭ بولۇشى زۆرۈرىيەت، شۇنداقلا ئۈممەتكە رەھمەت ۋە كەڭچىلىكتۇر.

* قانۇن( شەرىئەت) ۋە ئىجتىھاد مەسىلىلىرىدە ئىختىلاپ ( كۆز قاراشنىڭ ) ئوخشاشماسلىقنى بايلىق دەپ قاراش.

* قارشى پىكىردىكىلەر توغرا كۆز قاراشتا بولۇشى مۇمكىن دەپ قاراش، شۇنداقلا تارماق مەسىلىلەردە توغرىلىقنىڭ بىر قانچە بولۇشىنى ھېس قىلىش.

* ئىجتىھاد مەسىلىلەردە ئىنكار قىلىش توغرا ئەمەس.

* قارشى كۆز قاراشتىكىلەرگە ئىنساپ بىلەن مۇئامىلە قىلىش، ياخشى تەرىپىنى بايان قىلىش ۋە تەنقىد قىلغاندا ھەققەت بىلەن تەنقىد قىلىش.

* بىرلىككە كېلەلىگەن مەسىلىلەردە ھەمكارلىشىش ـ بىز بىرلىككە كېلەلەيدىغان مەسىلىلەرنىڭ تۈرى ۋە مىقدارى

بەك كۆپ ـ ئىختىلاپ بار مەسىلىلەردە كەڭچىل يول تۇتۇش.

ئىختىلاپ مەسىلىرىدە ئىسلاھاتچى رەشىد رىزا ئوتتۇرغا قويغان ئۇسۇلنى ئاساس قىلساق نېمە دېگەن ياخشى: " بىرلىككە كېلەلىگەن مەسىلىلەردە ھەمكارلىشىش، بىرلىككە كېلەلمىگەن مەسىلىلەردە ھەر تەرەپ ئۆز كۆز قارشىدا قېلىش، باشقىلارنى ئەيىپلىماسلىق". مانا بۇ ئۇسۇل بۈگۈنكى بىزنىڭ ئارىمىزدا يۈز بېرىۋاتقان پىكرى ۋە پىقھى ئىختىلاپلارنى ھەل قىلىشنىڭ ئۈنۈملۈك يوللىرىنىڭ بىرسىدۇر.

* ئالىملار بىلەن ئەدەبلىك مۇئامىلە قىلىش، باشقىلارنى ـ دەلىلسىز ـ كاپىرغا چىقىرىۋېتىشتىن ساقلىنىش.

# دەۋەتچىلەرگە نەسىھەت

ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم مۆھتەرەم دەۋەتچى قېرىنداشلار...

يېقىنقى بىر قانچە كۈن ئىچىدە بىر دوستۇم بىلەن بولغان سۆھبەت  بۇ تېما ھەققىدە بىر نەرسە يېزىشىمغا سەۋەبچى بولدى،  دوستۇم بىلەن " نىقاب" پەرزمۇ ياكى مۇستەھەبمۇ دېگەن ماۋزۇدا بىر ئاز پاراڭلاشتۇق، دوستۇم نىقاب پەرز دېدى، مەن نىقاب مۇستەھەب دېدىم.

ئىسلام دىنى تەلەپ قىلغان ھىجاب، ئاياللارنىڭ كۆكرىكى ۋە بويىنى  بىلەن قوشۇپ چىچىنى تولۇق يۆگىشىدۇر. ئاياللارنىڭ يۈزى ۋە قولى ئەۋرەت ئەمەس، ئىسلام دىنى ئاياللارنىڭ يۈزىنى تولۇق يېپىشىنى تەلەپ قىلغان ئەمەس. يۈزنى يېپىش ياكى نىقاب سېلىش مۇستەھەب، قىلسا ساۋاب ئالىدۇ، قىلمىسا گۇناھكار بولمايدۇ.

ئىسلام دىنى تەلەپ قىلمىغان ئىشلارنى قىلمىز دەپ قىزلارنى دەۋەت ساھەسىدىن قاچۇرۇش لايىق ئەمەس. بۈگۈنكى دەۋردە قىزلار  ئىسلام پەرز قىلغان ھىجابنى ئۈلچەملىك ئارتىسا شۇنىڭغا خوش بولساق بولىدۇ.

بىز دەۋەت قىلىدىغان نۇرغۇن مۇھىم ئىشلار تۇرسا، بۇ مۇستەھەب ئىشتا تالاش تارتىش قىلىپ ئاۋارە بولۇش ئەقلغا سىغمايدۇ.

*****

**مەقسەتكە كەلسەك:**

دەۋەت ئېلىپ بارغاندا پىلانلىق ئىش قىلىش، ئىسلام دىنىمىزنىڭ جەۋھىرىنى تەقدىم قىلىش، ئۆزگەرمەس ئاساسلىرىنى دەسلەپتە تەقدىم قىلىش، مۇھىم ئىشلارنى بۇرۇن بىر تەرەپ قىلىش، كۆچنى يىلتىزى مەسىلىلەرگە مەركەزلەشتۇرۇپ، شاخچە مەسىلىلەر بىلەن ۋاقتنى زايا قىلماسلىق لازىم. مۇنداق دېگەنلىك شاخچە مەسىلنى تاشلاپ قويۇڭ دېگەنلىك بولمايدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن  مەن بۇ مەسىلىدە بىر ئاز توختۇلۇپ ئۆتىمەن.

بىزنىڭ دەۋەت تەشۋىقاتىمىز بۇ كۈنلەردە ئېغىر توسالغۇلارغا دۇچ كېلىۋاتىدۇ، سىرتقى دۈشمەنلەر دەۋەتنىڭ كېڭىيىشىگە ئەشەددى توسقۇنلۇق قىلسا، ئۆزۈمىز بىلىپ ـ بىلمەي دەۋەتنىڭ كەڭ كۆلەمدە ئومۇملىشىغا توسقۇنلۇق قىلىۋاتىمىز. دەۋەتنى توغرا يوسۇندا ئېلىپ بارمىغانلىقىمىز ئۈچۈن ياشلارنى ئەتراپىمىزدىن قاچۇرۇپ قويىۋاتىمىز، تۈرلۈك ئىدىيە كۆرشىگە تاقابىل تۇرۇش ئۈچۈن ئىشلىتىدىغان كۈچنى تايىنى يوق ياكى مۇستەھەب چاغلىق ئىشلاردا يوق قىلىۋېتىپ بارىمىز، بۇ ئادەمنى ئېچىندۇرىدىغان مەسىلە...

كىشىلەر پەرز ۋە ۋاجىب ئىشلارنى تەرك ئېتىپ يېقىن كەلمەۋاتسا، ئۇلارغا مۇستەھەب ئىشلارنى تېڭىپ قاچۇرۇپ قويۇش ئاخمىنالىق بولسا كېرەك دەپ ئويلايمەن.

** كۈچنى پەرزگە مەركەزلەشتۇرۇڭلار، ۋاجىبنى ئاساس قىلىڭلار، سۈننەت ۋە مۇستەھەبكە كۆپ كۈچەپ كەتمەڭلار، كىشىلەر پەرزنى تاشلىماي ئىجرا قىلغىدەك بولغاندا، ئاندىن  بايان قىلساقمۇ كېچىكىپ قالمايمىز.

** دىنىمىزنىڭ ئۆزگەرمەس پىرىنسىپلىرى بىلەن ئۆزگىرىدىغان تەرەپلىرىنى پەرقلەندۈرۈپ مۇئامىلە قىلىڭلار. چۈنكى بەزى ھۆكۈملەر ۋاقىت، ئورۇن، شەخس ۋە شارائىتقا قارىتا ئۆزگىرىدۇ.

** زىيالىلارغا زىيالى ئەقىل بىلەن خىتاب قىلىڭلار.

** ئىسلامنى چىرايلىق كۆرسىتىڭلار، ئىسلامنىڭ مەدەنىيتى ۋە ئالاھىدىلىكى توغرىسىدا توختۇلۇڭلار.

** ئاسانلاشتۇرۇڭلار، تەسلەشتۇرمەڭلار، خۇش ـ بىشارەت بېرىڭلار، قاچۇرۇپ قويماڭلار.

** بەزى خاتالىقلارنى ئۆتكۈزۈپ سالغانلارغا كۆيۈمچانلىق بىلەن مۇئامىلە قىلىپ، ئىسلام سەپىگە قايتۇرۇپ كىلىڭلار، دوختۇر كىسەلگە قانداق مۇئامىلە قىلسا، سىلەرمۇ خاتالاشقۇچىغا شۇنداق مۇئامىلە قىلىڭلار. ئىمكان قەدەر كىشلەرنى ئىسلام سېپىدىن يىراقلاشتۇرۇپ قويمايلى.

** قول كۆتۈرۈش، ئامىن دىيىش، يۈزىگە نىقاب سېلىشقا ئوخشاش مۇستەھەب ئىشلارنى دەپ ئارىنى بۇزماڭلار، قىلغانلارنى ئەيىپلىمەڭلار، قىلسا ساۋاب، قىلمىسا گۇناھ بولمايدىغان بۇ مەسىلىلەرنى دەۋەت پىرىنسىپىنىڭ ئەڭ ئاخىرىغا تىزىڭلار.

** مۇستەھەبنى تەشۋىق قىلمەن دەپ پەرزنى تاشلىماڭلار، مەكرۇھدىن توسمەن دەپ هارامنى تەرك ئەتمەڭلار.

** دەۋەتچىلەر ئۆز ئارا ئۇششاق مەسىلىلەردە تالىشىپ ۋاقتنى زايا قىلماي، تەربىيەگە كۈچەڭلار، خىرىستيانلاشتۇرۇشقا قارشى بىرلىكتە كۈچ چىقىرىڭلار.

** ئىشلارنىڭ قايسى ھەممىدىن مۇھىم بولسا، شۇنى باشتا ئىجرا قىلىڭلار.

** دەلىل ـ پاكىتسىز باشقىلارنى كافىر دەپ ھۆكۈم چىقىرىپ دىندىن چىقىرۋەتمەڭلار.

** دەۋەت ئاجىز ۋە كىشلەرنىڭ دىنى سەۋىيىسى تۆۋەن رايۇنلاردا تەدرىجى ئۇسۇل قوللىنىڭلار، ھۆكۈملەرنى ئالدىراپ بىرلا بايان قىلماڭلار، ئىسلامنى چۈشۈنۈشتىن مەھرۇم قالغانلارغا ئۆزرە قويۇپ تۇرۇپ تەربىيە خىزمىتى ئىشلەڭلار.

** ئەھمىيەتسىز ئىشلاردا ئالدىراقسانلىق قىلىپ، ئۆزىمىزنى زايا قىلمايلى. پايدا زىياننى ئوبدان سېلىشتۇرۇپ كۆرەيلى.

تۆۋەندىكى " فىقهۇل ئەۋلەۋىيات" دىگەن ماقالىنى ئوبدان ئوقۇڭلار، كىتابنىڭ ئەسلىسىنى تەپسىلى كۆرۈپ چىقىڭلار، بۇ دەۋەت قىلىش ساھەسىدە ناھايىتى مۇھىم كىتاب.

# «فىقھۇل ئەۋلەۋىيات» ھەققىدە قىسقىچە ئوقۇشلۇق

دوكتۇر يۇسۇپ قەرداۋى

## مۇقەددىمە

" فىقھۇل ئەۋلەۋىيات" دېگەن ھۆكۈم، ئەمەللەردىن ئىبارەت ھەر بىر نەرسىنى تېگىشلىك ئورنىدا قويۇش، شەرئى ئۆلچەمگە ئاساسەن مۇھىمنى ئالدىنقى ئورۇنغا قويۇپ تۇرۇپ بىر تەرەپ قىلىش كۆزدە تۇتۇلىدۇ.

شۇنىڭ ئۈچۈن مۇھىم ئەمەس نەرسىنى مۇھىم نەرسىنىڭ ئالدىغا قويۇشقا، سىلىشتۇرمىدا يەڭگىل كېلىپ قالغان نەرسىنى كۈچلۈك ھۆكۈم ۋە ئەمەل ئالدىغا قويۇشقا بولمايدۇ.

بۇرۇن بىر تەرەپ بولۇشقا تېگىشلىكنى بۇرۇن بىر تەرەپ قىلىش، كېچىكتۈرۈشكە تېگىشلىك بولغىنىنى كېچىكتۈرۈش، چوڭ ئىشنى كىچىكلەشتۈرمەسلىك، كىچىك ئىشنى چوڭايتماسلىق مەقسەت قىلىنىدۇ.

ھەر بىر ئىش ئادىل مىزان بىلەن ئۆز ئورنىدا قويۇلىدۇ.

فىقھۇل ئەۋلەۋىيات ئاللاھنىڭ بۇ سۆزىدە كۆرۈنۈپ تۇرىدۇ:{ سىلەر ھاجىلارنى سۇ بىلەن تەمىنلەشنى، مەسجىدى ھەرامنى ئاۋات قىلىشنى اللہ غا، ئاخىرەت كۈنىگە ئىمان ئېيتقان ۋە اللہ نىڭ يولىدا جىھاد قىلغانلارنىڭ (ئىمانىغا) ئوخشاش ھېسابلامسىلەر؟ اللہ نىڭ نەزىرىدە ئۇلار ئوخشاش ئەمەس. اللہ زالىم قەۋمنى ھىدايەت قىلمايدۇ. ئىمان ئېيتقانلارنىڭ، ھىجرەت قىلغانلارنىڭ ۋە ماللىرى ھەم جانلىرى بىلەن اللہ نىڭ يولىدا جىھاد قىلغانلارنىڭ دەرىجىسى اللہ نىڭ دەرگاھىدا ئەڭ كاتتىدۇر؛ ئەنە شۇلار(ساۋاب تېپىش بىلەن) مەقسەتكە ئېرىشكۈچىلەردۇر } تەۋبە سۈرىسى، 19 ـ 20 ـ ئايەتلەر.

رەسۇلۇللاھ : ئىمان يەتمىش نەچچە دەرىجە بولىدۇ، يۇقۇرىسى شاھادەت كەلىمىسى، تۆۋىنى يولدىن ئەزىيەت يەتكۈزىدىغان نەرسىلەرنى ئېلىۋىتىش" دېگەن. بۇخارى ۋە مۇسلىم رىۋايىتى.

ساھابەكراملار ئىشلارنىڭ قايسى بۇرۇن قىلىشقا لايىق ۋە ئاللاھغا سۆيۈملۈك ئىكەنلىگىنى بىلىشكە ھېرىس ئىدى. شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇلار: " قايسى ئىش ئاللاھغا سۆيۈملۈك" دەپ سوراپ تۇراتتى.

ئىشلارنىڭ قايسى ئاللاھغا بەكٍ سۆيۈملۈك ئىكەنلىگى ۋە ئۇ ئىشلارنىڭ ئارىسىدىكى پەرقلەرنىڭ بايانى توغرىسىدا بىر بۆلۈك ئۆلچەملەر قويۇلدى،

ئۇنىڭ مۇقابىلىسىدە يامان ئىشلارنىڭ بايانى ئۈچۈن ئۆلچەملەر قويۇلدى ۋە ئۇ ئۆلچەملەر ئارىسىدىكى پەرقلەرمۇ ئېنىقلاندى.

***

### 1. بۈگۈن بىز فىقھۇل ئەۋلەۋىياتقا بەك مۇھتاج

ھاياتىمىزنىڭ ماددى، مەنىۋى، ئىدىيىۋى، ئىجتىمائى، سىياسى ياكى ئىقتىسادى ساھەلىرىگە قارىغان كىشى فىقھۇل ئەۋلەۋىيات ( مۇھىم ئىشلارنى بۇرۇن بىر تەرەپ قىلىش فىقھىسى) نىڭ ئىگىز پەس ئىكەنلىگىنى ھېس قىلىدۇ.

قارايدىغان بولساق، سەنئەت ۋە تاماشىشالار ئىلىم ـ مەرىپەتنىڭ ئالدىدا ئورۇن ئالغان. ياشلارغا قارىساق، ئويۇن ۋە پوتبۇلغا ئەھمىيەت بېرىش ئەقلى پائالىيەتلەرگە كۆڭۈل بۆلۈش ئالدىدا تۇرغانلىقىنى كۆرىمىز.

بىر سەنئەتچى ئۆلۈپ قالسا، پۈتۈن ئاخبارات تەشۋىقات قىلىدۇ، مىللەتپەرۋەر شائىرلار، يازغۇچىلار، ئۇستازلار، ئالىملار ۋاپات بولسا، ئۇلارغا تەشۋىقاتتىن ئورۇن تەگمەيدۇ ۋە ھېچ بىرسى ئۇلارنىڭ قەدىر قىممىتىنى ھېس قىلمايدۇ.

ئويۇن تاماشىشا ۋە كۆڭۈل ئېچىش ئۈچۈن مىڭلاپ سەرىپ قىلىنىدۇ، مائارىپ، سالامەتلىك ۋە ئاساسى خىزمەتلەرگە

سقىپ تۇرۇپ ياردەم قىلىندۇ.

كۆپلىگەن كىشلەر ئىشلارنىڭ قايىسنى بۇرۇن قىلىش لازىملىقىنى پەرق ئىتەلمەيدۇ، نەتىجىدە ساۋابى كۆپ ئىشلار تۇرسا، ساۋابى ئاز ئىشلار بىلەن مەشغۇل بولىدۇ.

مەسجىد سانى كۆپ رايۇنلاردا مەسجىد سېلىشقا ئاييماي سەرىپ قىلمىز، ھالبۇكى مەسجىدنىڭ رولىنى ئويناياىدىغان ئىسلام تەشۋىقاتىغا ياكى خىرىستىيانلاشتۇرۇش پىلانىغا قارشى تۇرۇش ئۈچۈن ياردەم تەلەپ قىلىنسا، ئاۋاز قوشىدىغان قۇلاق تاپقىلى بولمايدۇ.

ھەج مەۋسۈمى بولسا، ھەر يىلى دېگىدەك نەپلە ھەجگە مىڭلاپ سەرىپ قىلىندۇ، مۇشۇ پۇللارنىڭ بىر قىسمىنى قىينچىلىقتا ئۇچراۋاتقان كەمبەغەللەرگە ۋە قىينچىلىقلارغا ئۇچراۋاتقانلارغا ياردەم تەلەپ قىلىنسا، ياكى دىنى كىتاپ نەشىر قىلىشقا تەلەپ قىلىنسا، ئاڭلىماسقا سېلىپ يۈز ئۆرۈيدۇ.

تەكرار ھەج قىلىش نەپلە، خىرىستىيانلاشتۇررشقا قارشى تۇرۇش پەرز.

ئۇستاز فەھمى ھۇۋەيدى بىر قانچە يىل ئىلگىرى :" بوسنە – ھىرسەكنى قۇتقۇزۇش پەرز ھەجنىڭ ئالدىدا تۇرىدۇ" دەپ ماقالە يازغان.

ئەدەبىيات، ئىنژىنىرلىق، مىدىتسىنا، يېزا ئىگىلىك پاكولتېتلىرىدىكى بەزى ئىخلاسمەن ياشلار دەۋەت قىلىمىز دەپ، تۆگەي دەپ قالغان مەكتەپلىرىنى تەرك ئېتىدۇ، بۇ قېرىنداشلىرىمىز ئۆز كەسپىنى ياخشى ئىگىلەپ، ئىسلام كۆرسەتمىسى ئىچىدە خىزمەت قىلسا ياخشى ئەمەسمىدى!.

بۈگۈنكى دەۋردە نۇرغۇن مۇھىم ئىشلار تۇرسا، ئۇ ئىشلارنى قىلىشنىڭ ئورنىغا، سائەتنى ئۇلۇك قولغا سالامدۇق ياكى سول قولغىمۇ؟، ئاق كېيىم كىيىش سۈننەتمۇ ياكى ۋاجىبمۇ؟، ئاياللارنىڭ مەسجىدكە كىرىشى ھالالمۇ ياكى ھارامىمۇ؟، تاماقنى شىرە ئۈستىدە ئولتۇرۇپ يەمدۇق ياكى يەردە ئولتۇرۇپ يەمدۇق؟ ... دېگەندەك ۋاقتىنى يەپ كېتىدىغان، كۆپچىلىكنى بۆلۈدىغان، كۈچىنى زايا قىلىۋېتىدىغان ئۇششاق مەسىلىلەردە تالاش تارتىش قىلىپ يۈرىمىز!.

بەزى دىندار تەقۋا ياشلار ئاتا – ئانىلىرى بىر ئاز خاتالىق ئۆتكۈزۈپ قالسا ياكى بەزى ئىبادەتلەرگە سەل قاراپ قالسا، ھىكمەت بىلەن نەسىھەت قىلىشنىڭ ئورنىغا قاتتىق ۋە سوغۇق مۇئامىلە قىلىدۇ، ئاتا – ئانىسىغا خۇددى مۇشرىكلارغا مۇئامىلە قىلغاندەك مۇئامىلە قىلىدۇ، تېخى ئاتا – ئانىسىنى مۇشرىك دەپ قاراپ ئالاقىنى پۈتۈن ئۈزۈپ، ئاتا – ئانىنىڭ ھوقۇقىغا كۆز يۇمىدۇ. ئاتا – ئانا مۇشرىك بولسىمۇ ياخشىلىق قىلىشنىڭ ئىسلامنىڭ گۈزەل ئەخلاقى ئىكەنلىكىنى بىلمەيدۇ.

بۇ ياشلار ئاتا– ئانىنىڭ ھەققى – ھوقۇقىنى ئۇنتۇپ قالىدۇ، ئاللاھ مۇنداق دېگەن: { ئەگەر ئاتا – ئاناڭ سېنى سەن بىلمەيدىغان نەرسىنى ماڭا شېرىك كەلتۈرۈشكە زورلىسا، ئۇلارغا ئىتائەت قىلمىغىن، ئۇلارغا دۇنيادا ياخشى مۇئامىلىدە بولغىن (يەنى دىنىڭغا زىيان يەتمەيدىغان ئاساستا ياخشىلىق قىلغىن)} لوقمان سۈرىسى، 14 – ئايەت.

چۈشكۈنلۈك دەۋرىدە مۇسۇلمانلار سەل قاراۋاتقان مۇھىم نۇقتىلار

**1**. مۇسۇلمانلار ئۇممەتكە ئالاقىدار ئىلىم – پەن ، سانائەت ۋە ھەربى تەرەققىياتقا سەل قارىدى.

**2**. بەزى ئەينى پەرزلەرگە سەل قارىدى ياكى تېگىشلىك ھەققىنى بەرمىدى. قۇرئان كەرىم مۇسۇلمان جەمىيتىنى سۈپەتلىگەندە ياخشى ئىشلارغا بۇيرۇپ، يامان ئىشلاردىن توسۇشنى ناماز ۋە زاكاتنىڭ ئالدىدا قويىدى:{ مۆمىن ئەرلەر، مۆمىن ئاياللار بىر– بىرى بىلەن دوستتۇر، ئۇلار(كىشلەرنى) ياخشى ئىشلارنى قىلىشقا بۇيرۇيدۇ، يامان ئىشلاردىن توسىدۇ، نامازنى(تولۇق) ئادا قىلىدۇ، زاكات بېرىدۇ، اللھ غا ۋە اللھ نىڭ پەيغەمبىرىگە ئىتائەت قىلىدۇ،

ئەنە شۇلارغا اللھ رەھىم قىلىدۇ } تەۋبە سۈرىسى، 71 ـ ئايەت.

3. ئىسلامنىڭ بەزى ئەركانلىرىغا بەك كۆڭۈل بۆلۈپ يەنە بەزى ئەركانلىرىغا سەل قارىدى، مەسىلەن: نامازغا ئەھمىيەت بەرگەندىن كۆپرەك رامىزانغا كۆڭۈل بۆلدى، شۇنىڭ ئۈچۈن بەزى مۇسۇلمانلار ناماز ئوقۇمىسىمۇ رامىزان تۇتىدۇ.

4. پەرز ۋە ۋاجىبلارغا كۆڭۈل بەرگەندىن كۆپرەك نەپلە ئىبادەتلەرگە بەكرەك كۆڭۈل بۆلدى.

5. ناماز، زىكرىگە ئوخشاش يەككە ئىبادەتلەرگە، جىھاد، ئىسلاھات، ھەمكارلىق دەۋەت قىلىشقا ئوخشاش ئىجتىمائى يەنى كوللىكتىپ ئىبادەتلەردىن بەكرەك كۆڭۈل بۆلدى.

6. كۆپلىگەن كىشلەر يىلتىزى مەسىلىلەرنى قويۇپ، شاخچە مەسىلىلەرگە كۆڭۈل بۆلدى.

7. كۆپلىگەن دەۋەتچىلەر، ھارام ئىشلار بىلەن كۆرەش قىلىشنىڭ ئورنىغا مەكرۇھ ئىشلار بىلەن كۆرەش قىلماقتا. ھاراملىقى ئېنىق ئىختىلاپ بولمىغان مەسىلىلەر بىلەن كارى بولماي، مۇسۇلمانلار ئارىسىدا ئىختىلاپ بولغان نىقاب، سۈرەتكە چۈشۈشكە ئوخشاش مەسىلىلەر ئۈستىدە ئاۋارە بولماقتا.

## 2. ئەۋلەۋىيات فىقھىسى سىلىشتۇرما فىقھىسى بىلەن مۇناسىۋەتلىك

فىقھۇل ئەلەۋىيات سىلىشتۇرما فىقھىسى بىلەن بىۋاستە چېتىشلىق بولىدۇ.

سىلىشتۇرما فىقھىسى تۆۋەندىكى ئاساسلار ئۈستىگە قۇرۇلغان:

* پايدا ۋە مەنپەت ئارىسنى سىلىشتۇرۇپ كۆرۈش ياكى ياخشىلىقلار ئارىسنى سىلىشتۇرۇش.
* زىيان ۋە بۇزۇقچىلىقنى سىلىشتۇرۇپ كۆرۈش ياكى يامان ئىشلار ئارىسنى سىلىشتۇرۇپ كۆرۈش.
* ياخشىلىق بىلەن يامانلىقلار ياكى پايدا بىلەن زىيان توقۇنۇش قالسا سىلىشتۇرۇپ كۆرۈش.

<u>مەنپەتلەرنى ئۆز ـ ئارا سىلىشتۇرۇپ كۆرۈش</u>

* كەسكىن مەنپەت گۇمانلىق مەنپەتنىڭ ئالدىدا تۇرىدۇ.
* چوڭ مەنپەت كىچىك مەنپەت ئالدىدا تۇرىدۇ.
* خەلق مەنپەتى شەخسى مەنپەت ئالدىدا تۇرىدۇ.
* كۆپچىلىك مەنپەتى ئاز سانلىقنىڭ مەنپەتى ئالدىدا تۇرىدۇ.
* داۋاملىشىدىغان مەنپەت داۋاملاشمايدىغان مەنپەت ئالدىدا تۇرىدۇ.
* ئاساسلىق مەنپەت شەكلى بار مەنپەت ئالدىدا تۇرىدۇ.
* كېلەچەكتىكى كۈچلۈك مەنپەت ھازىرقى ئاجىز مەنپەت ئالدىدا تۇرىدۇ.

<u>مەنپەت ۋە زىيانلارنى ئۆز ـ ئارا سىلىشتۇرۇپ كۆرۈش</u>

<u>فىقھى قائىدىلەر:</u>

* زىيانغا ئۇچراش ۋە زىيان سېلىش يوق.
* زىيان ئىمكان قەدەر يوقىتىلىدۇ.
* زىيان ئۆزىگە ئوخشاش ياكى ئۆزىدىن چوڭ زىيان بىلەن يوقىتىلمايدۇ.
* ئىككى زىياننىڭ يەڭگىلرەكى قىلىنىدۇ.
* چوڭ زىياننى توسۇش ئۈچۈن كىچىك زىيان قوربان بېرىلىدۇ.
* ئومۇمنىڭ زىيىنىنى توسۇش ئۈچۈن شەخسى زىيان قوربان بېرىلىدۇ.

<u>مەنپەت ۋە زىيانلار توقۇنۇشۇپ قالغاندا سىلىشتۇرۇش</u>

بىرەر  ئىشتا پايدا ۋە زىيان بولسا سېلىشتۇرۇپ كۆرمەك لازىم،   قايسى كۈچلۈك بولسا شۇ ھۆكۈم ئېتىبارغا ئېلىنىدۇ، كۆپ سانلىقتا ھەممىنىڭ ھۆكمى بېرىلىدۇ.
ئەگەر پايدىدىن زىيان كۆپ بولسا، بۇ زىياننى توسۇش ۋاجىب بولىدۇ، ئازغىنا مەنپەت ئېتىبارغا ئېلىنمايدۇ.
بۇنىڭ مىسالىنى قۇرئاندىن كۆرەيلى: {.(ئى مۇھەممەد!)سەندىن ھاراق ۋە قىمار توغرىسىدا سورىشىدۇ، سەن ئۇلارغا:« بۇنىڭ ھەر ئىككىسىدە چوڭ گۇناھ ۋە كىشىلەرگە(ئازغىنا ماددى) پايدىسىمۇ بار، لېكىن ئۇلاردىكى گۇناھ پايدىغا قارىغاندا تېخىمۇ چوڭ» دېگىن } بەقەرە سۈرىسى، 219 ـ ئايەت

مۇھىم قائىدىلەر:

* زىياننى توسۇش پايدا كەلتۈرۈش ئالدىدا تۇرىدۇ.
* كىچىك زىيان چوڭ مەنپەت يولىدا كەچۈرۈلىدۇ.
* داۋاملىق مەنپەت يولىدا كىچىك زىيان كەچۈرۈلىدۇ.
* خىيالى مەنپەتنى دەپ بولۇشى ئېنىق بولغان مەنپەت تاشلانمايدۇ.

### 3 .سۈپەتنى مىقدارنىڭ ئالدىغا قويۇش

سۈپەت ۋە تۈرنى مىقدار ۋە ھەجىمنىڭ ئالدىغا قويۇش شەرئى مۇھىم ئىشلارنى بۇرۇن بىر تەرەپ قىلىش فىقھىسىنىڭ قاتارىدىندۇر. سانىنىڭ كۆپلىكى ياكى ھەجىمنىڭ چوڭلىقى ھىسابقا ئېلىنماي، تۈرى ۋە سۈپىتى ئېتىبارغا ئېلىنىدۇ.
رەسۇلۇللاھ : "  تويى قىلىڭلار، كۆپىيىڭلار، مەن سىلەرنىڭ سانىڭلار بىلەن پەخىرلىنىمەن" دېيدۇ، ئەبۇداۋۇد رىۋايىتى.
بىراق رەسۇلۇللاھ نادان، جاھىل ۋە زالىملار بىلەن پەخىرلەنمەيدۇ، بەلكى بىلىملىك، مەنپەئەتلىك، ۋە خىزمەت قىلىدىغان ياخشى كىشلەر بىلەن پەخىرلىنىدۇ.
قۇرئانغا نەزەر تاشلىسىڭىز تالۇت ئەلەيھىسسالامنىڭ  ئازغىنا قوشۇنىنىڭ جالۇتنىڭ كۆپ سانلىق قوشۇنىدىن قانداق غەلبە قىلغانلىقىنى كۆرىسىز.
ئۇنداقتا مىقدارنىڭ كۆپلىكىگە ئەمەس،  سۈپەتكە ئەھمىيەت بېرەيلى. ئىنسان جىسمىنىڭ چوڭلىقي ياكى ئېگىزلىكى بىلەن ئۆلچەنمەيدۇ، ئەقلى ۋە قەلبى بىلەن ئۆلچىنىدۇ. ئەرلەر  بىلىم ـ مەرىپىتى، قەلبىدىكى ئىمانى ۋە ئىمانىنىڭ مۇۋسى بىلەن ئۆلچىنىدۇ.
خىزمەت ھەجىمىنىڭ چوڭلىقى ياكى سانىنىڭ كۆپلىكى بىلەن ئۆلچەنمەيدۇ، بەلكى  پۇختىلىقى بىلەن ئۆلچىنىدۇ.
بەزى ئادەملەر ئۇزۇن ئۆمۈر كۆرسىمۇ، بەركىتى بولمايدۇ، ھاياتى نەتىجىسىز ئۆتۈپ كېتىدۇ، بەزى ئادەملەر  ئاز ئۆمۈر كۆرسىمۇ ، كۆپ  ئىشلارنى قىلىپ، دۇنيادا ئىز قالدۇرۇپ كېتىدۇ.
خەلىپە ئۆمەر ئىبنى ئابدۇلئەزىز ئىككى يېرىم يىل ئىچىدە : ئادالەت سۈننىتىنى تىرىلدۈرۈپ، بىدئەت ۋە ئازغۇنلۇقنى يوقۇتىدۇ. كىشلەر  خاتىرجەملىككە ئېرىشىپ، كەڭتاشا تۇرمۇش تارايدۇ، زاكاتنى ئالىدىغان ئادەم ئادەم چىقماي قالىدۇ.
نۇرغۇنلىغان ئالىملار  ئاز ئۆمۈر كۆرسىمۇ ئىسلامغا ۋە خەلقىگە نۇرغۇن بىلىم ـ مەرىپەت قالدۇرۇپ كېتىدۇ، تارىختا بۇنىڭ مىساللىرى ساناقسىز تېپىلىدۇ.

### 4 .ئىلىم ۋە ئىدىيە ساھەدىكى مۇھىم ئىشلار فىقھىسى

* بىلىم ـ مەرىپەتنىڭ  ئەمەلنىڭ ئالدىدا تۇرىدىغانلىقى شەرئى ئېتىبارغا ئېلىنىدىغان مۇھىم ئىشلار قاتارىدىندۇر.

بىلىم ـ مەرىپەت يول باشچى، ئەمەل ئەگەشكۈچى.

رەسۇلۇللاھ بىر ھەدىستە :" ئاللاھ كىمگە ياخشىلىق ئىرادە قىلسا ئۇنى دىندا ئالىم قىلىۋېتىدۇ" دېگەن، بۇخارى رىۋايىتى.

خەلىپە ئۆمەر ئىبنى ئابدۇلئەزىز مۇنداق دەيدۇ: " كىم بىلمەي تۇرۇپ بىر ئىش قىلسا، بۇزىدىغان ئىشى تۈزىدىغان ئىشلىرىدىن كۆپ بولىدۇ".

بۈيۈك ئىمام ھەسەن بەسەرى مۇنداق دەيدۇ:" بىلىمسىز ئىش قىلغۇچى يولسىز ماڭغۇچىغا ئوخشايدۇ، بىلىمسىز ئىش قىلغۇچى، تۈزىگەنىدىن كۆپرەك بۇزىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن ئىبادەتنى تەسىرگە ئۇچراتماي بىلىم ئىگەللەڭلار، بىلىم ـ مەرىپەتكە تەسىر كۆرسەتمەي ئىبادەت قىلىڭلار، چۈنكى بەزى كىشلەر ئىبادەت بىلەنلا بولۇپ كىتىپ نادان قالغانلىقى ئۈچۈن، مۇسۇلمان قېرىندىشىغا قىلىچ كۆتۈرگەن، بىلىملىك بولغان بولسا ئۇنداق قىلمىغان بولاتتى".

* سىياسى، ھەربى ياكى ھۆكۈم چىقىرىشقا ئوخشاش يېتەكچىلىك ئىشلىرىدا بىلىملىك بولۇش شەرت:

ھەر قانداق يېتەكچىلىك خىزمىتىدە بىلىملىك بولۇش خىزمەتنىڭ شەرتىدۇر.

* مۇفتى بىلىملىك بولۇشى كېرەك:

دىندا يېتىشكەن ئادەم بولمىسا پەتىۋا بېرىشكە يارىمايدۇ، بولمىسا ھالالنى ھارام، ھارامنى ھالال قىلىۋېتىدۇ، ۋاجىب ئىشلارنى ساقىت قىلىدۇ ياكى شەرئەت بۇيرۇمىغان ئىشلارنى كىشلەرگە تاڭىدۇ...

بىلىمسىزلىك ئىنساننى ھەر ئىشقا ئېلىپ بارىدۇ.

### چۈشەنچىنىڭ يادىلاشنىڭ ئالدىدا تۇرۇش پىقھىسى

چۈشىنىش يادىلاشنىڭ ئالدىدا تۇرىدۇ، ھەقىقى بىلىم چۈشىنىشتىن پەيدا بولىدۇ.

ئىسلام دىنى دىنىمىزنى چۈشىنىمىزنى تەلەپ قىلىدۇ، قۇرئان مۇنداق بايان قىلىدۇ: { مۆمىنلەرنىڭ ھەممىسىنىڭ جىھادقا چىقىشى لايىق ئەمەس(ئۇلارنىڭ بىر تۈركۈمى جىھادقا چىقتى)، ئۇلارنىڭ ئىچىدىكى ھەربىر جامائەدىن يەنە بىر تۈركۈمى دىنىي ئالىم بولۇپ، ئۇلار قەۋمىنىڭ قېشىغا قايتقاندىن كېيىن، قەۋمىنىڭ الله دىن قورقۇشى ئۈچۈن، ئۇلارنى ئاگاھلاندۇرۇش مەقسىتىدە نېمىشقا (ئىلىم تەلەپ قىلىشقا) چىقمىدى؟} تەۋبە سۈرىسى، **122** ـ ئايەت.

مەن بۇ يەردە يادىلاشنىڭ پايدىسى يوق دېمەكچى ئەمەس، يادىلاشنىڭ ئۆزى غايە ئەمەس، ئۇ ۋاستىدۇر. ھازىر بىز يادىلاشقا كۆڭۈل بۆلىمىز، چۈشىنىشكە ئەھمىيەت بېرىپ كەتمەيمىز.

### مەقسەتلەرنىڭ كۆرۈنۈشنىڭ ئالدىدا تۇرىدىغانلىق فىقھىسى

شەرئەتنىڭ مەقسەت ۋە سىرلىرىنى بىلىش، بىرىنى يەنە بىرىگە باغلاپ چۈشىنىش، شاخچە مەسىلىلەرنى يىلتىزى مەسىلىلەرگە قايتۇرۇش، ھەدىسلەرنىڭ زاھىرىدە توختاپ قالماسلىق لازىم.

كۆپلىگەن دىن دەۋەتچىلىرىنىڭ ئاپىتى: ئۇلار سۆ يۈزىدە لەيلەپ، چوڭقۇرسىغا چۆكمەيدۇ، سىرتقى كۆرنىشى بىلەن مەشغۇل بولۇپ كىتىپ مەقسىتى بىلەن كارى بولمايدۇ. شاخچە مەسىلىلەرنى دەپ يىلتىزى مۇھىم مەسىلىلەرنى ئۇنتىدۇ، ئۇششاق مەسىلىلەرنى دەپ چوڭ مەسىلىلەر بىلەن كارى بولمايدۇ.

### دۇنيا ئىشلىرىدا پىلانلىق ئىش قىلىش فىقھىسى

ھەر بىر نەرسە بىلىم ئۈستىگە قۇرۇلىۋاتقان بىر زاماندا ياشاۋاتىمىز، بۇ دەۋردە قالايمىقان ئىش قوبۇل قىلىنمايدۇ. قايسى بىر ئىش بولسۇن قەدەم بېسىشتىن ئىلگىرى ئوبدان ئىزدەنمەك لازىم، باشلاشتىن ئىلگىرى پايدىسىنىڭ بارلىقىغا قانائەتلىنىش، ئىجرا قىلىشتىن ئىلگىرى پىلان تۈزۈش، قەدەم بېسىشتىن ئىلگىرى ئىنچىكە تەتقىق قىلىش لازىم.

يۇقىرقى بۇ ئىشلار ئىسلام دىنىنىڭ جۈملىسىدىن، پىلانلىق ئىش رەسۇلۇللاھنىڭ تەرجىمھالىدا كۆرۈنۈپ تۇرىدۇ.

شۇنىڭ ئۈچۈن دەۋەتچىلەر قەدەم بېسىشتىن ئىلگىرى ياخشى ئىزدىنىپ ئاندىن قەدەم بېسىشى، قان قىززىقلىق قىلىپ، پالاق - پۇلۇق تايىنى يوق ئىشنى قىلىپ قويۇپ، زىيان تارتماسلىقى لازىم.
ئۆزىدە بار ئاجىزلىق ۋە كۈچ - قۇۋۋەت نۇقتىلىرىنى بىلىشى، پايدا زىياننى ئويلاپ كۆرىشى، پايدىسىز ياكى تايىنى يوق ئىشلار ئۈچۈن ئۆزىنى دەسمى سېلىپ بەرمەسلىكى لازىم.
قانداقتۇر مۇشۇ چۈشەنچە بولمىغانلىقى ئۈچۈن، نۇرغۇن بەدەل بىلەن تەربىيلەنگەن ياشلار ئوبدان ئويلاپ بىر ئىش قىلماي، قىنى قىززىقلىق قىلىپ، ياكى باشقىلارنىڭ دېپىغا ھېس قىلماي ئۇسۇل ئويناپ كېتىدىغان ئىشلار ناھايىتى كۆپ بولماقتا.
سىزنىڭ مۇشۇ ھالەتتە تەربىيلىنىشىڭىز ئاسانغا توختىمىدى، ھەر تەرەپلىمە كۈچلارنىڭ بىركىشىدىن مۇشۇنچىلىك ئادەم بولسىڭىز، يەنە سىزدەك ئادەم يېتىشتۈرۈپ بولغۇچە نۇرغۇن ۋاقىت كېتىدۇ، شۇنىڭ ئۈچۈن خىزمەت قىلغان ۋاقتىڭىزدا ئالدىراقسانلىق قىلماڭ، يىراقنى ئويلاپ ئىش قىلىڭ، ھېسياتقا بېرىلىپ كەتمەڭ، قەيسەر بولۇش لازىم، لېكىن ئۇنىڭ ئورنى بار، ۋاقتى كەلگەندە ئىشلەيدۇ.

## 5. پەتىۋا ۋە دەۋەت ساھەسىدىكى ئەۋلەۋىياتلار

ئاسانلاشتۇرۇنى تەسلەشتۈرۈش ئالدىغا قويۇش فىقھىسى

پەتىۋا ۋە دەۋەت ساھەسىدە تەلەپ قىلىنىۋاتقان ئەۋلەۋىيات فىقھىسى: ئاسانلاشتۇرۇشنى تەسلەشتۈرۈش ئالدىغا قويۇش.
ئاللاھ مۇنداق دەيدۇ:{ اللہ سىلەرگە ئاسانلىقنى خالايدۇ، تەسلىكنى خالىمايدۇ } بەقەرە سۈرىسى، 185 - ئايەت.
ھەزرىتى ئائىشە مۇنداق دەيدۇ: " رەسۇلۇللاھ ئىككى ئىش ئارلىقىدا ئىختىيارلىق بېرىلسە ،گۇناھ بولمىسا ئاسىنىنى تاللايتتى" بۇخارى ۋە مۇسلىم.
رەسۇلۇللاھ : " ئاللاھ تائالا رۇخسەت قىلغان ئىشلىرىنىڭ قىلىنىشىنى ياخشى كۆرىدۇ، گۇناھ بولىدىغان ئىشلارنىڭ قىلىنىپ سېلىشىنى يامان كۆرىدۇ" ئىمام ئەھمەد رىۋايىتى.
شەرىئەت رۇخسەت قىلغان ئىشلار بولسا كىشلەرگە ئاسانلىق تەرىپىنى بايان قىلىپ بېرىش لازىم. رەسۇلۇللاھ مۇنداق دەيدۇ: " ئاسانلاشتۇرۇڭلار، تەسلەشتۈرمەڭلار، خۇش - بىشارەت بېرىڭلار، ھۈكۈتۈپ قويماڭلار" بۇخارى رىۋايىتى.
دىندار، تەقۋا كىشلەرگە ئېھتىيات تەرىپىنى يەنى كۈچلۈك تەرىپىنى پەتىۋا بەرسەڭلار بولىدۇ، بىراق دىنىنى چۈشۈنۈشتىن مەھرۇم قالغان ياكى ئەمدى دىنغا قايتىۋاتقان كىشلەرگە ئاسان تەرىپىنى پەتىۋا بېرىڭلار، قاچۇرۇپ قويماڭلار. شەرىئەت رۇخسەت قىلغان بولسىلا، قەلب - كۆكسىڭلارنى كەڭرى تۇتۇڭلار.
كىشلەرگە ئىسلامنى چىرايلىق كۆرستەيلى، مۇرەككەپلەشتۈرۈۋېتىپ قاچۇرۇپ قويمايلى.
رەسۇلۇللاھنىڭ سۈننىتىنى تەھلىل قىلىپ كۆرسەڭلار بۇنىڭ مىساللىرى كۆپ، رەسۇلۇللاھ تەسلەشتۈرۈۋەتكەنلەرگە كايىپ: " مۇئاز، سەن كىشلەرنى قاچۇراي دەمسەن؟ پىتنە تېرەي دەمسەن" دېگەن. بۇخارى رىۋايىتى.
ئۆزىڭىز خالىغانچە كۈچلۈك تەرىپىنى تۇتۇڭ، باشقىلارغا ئۆزىڭىزگە ئوخشاش بىر سەۋىيەدە قارىماڭ، ئۇلارنىڭ ئەقلى قابلىيىتىگە بېقىپ خىتاب قىلىڭ.

ۋاقىت ۋە ئورۇننىڭ ئۆزگىرىشى بىلەن پەتىۋانىڭ ئۆزگىرىشى

كىشلەرگە پەيدا بولۇدىغان ئۆشتۈمتۈت شارائىتلارنى، ياكى جەمىيەتنىڭ تەرەققى قىلىشنى ياكى يېڭى

مەسلىلەرنىڭ پەيدا بولۇشىنى ئېتىراپ قىلىش زۆرۈر.

ئالىملار" ۋاقىت ، ئورۇن، ئۆرپ ۋە شارائىتنىڭ ئۆزگىرىشىگە قاراپ پەتىۋا ئۆزگىرىدۇ" دەيدۇ.

تەدرىجى ئىش قىلىش قانۇنىيتىگە رىئايە قىلىش

تەدرىجى ئىش قىلىش قانۇنىيتىگە رىئايە قىلىش مۇھىم، بۇ ئاللاھنىڭ كائىناتنى يارىتىشتىكى قانۇنىيتى ۋە ئىسلامنىڭ ناماز ۋە رامىزانغا ئوخشاش پەرزلەرنى بىكىتىشتىكى پىرىنسىپىدۇر.

ئىسلام دىنىدا هاراقنىڭ ئۈچ باسقۇچقا بۆلۈنۈپ هارام قىلىنغانلىقى هەممىگە تونۇشلۇق مىسالدۇر. تەدرىجى ئىش قىلىش دېگىنىمىز ئىشلارنى ئارقىغا سوزۇپ قىلىش دېگەنلىك بولمايدۇ، تەدرىجى ئىش قىلىش دېگەن: نىشاننى بەلگىلەش، پىلان تۈزۈش، باسقۇچلىرىنى ئاڭقىراپ بىكىتىش كۆزدە تۇتۇلىدۇ.

مۇسۇلمان سەۋىيسىنى تۈزۈتۈش فىقهىسى

بۈگۈن مۇسۇلمانلارغا بەكرەك لازىم بولۇۋاتقان ئىشلارنىڭ بىرىسى سەۋىيسىنى ۋە كۆز قارشىنى تۈزۈتۈشتۇر. چۈنكى مۇسۇلمان كىشى قايسى ئىشلار ئالدىنقى ئورۇنغا قويۇلۇپ قىلىنىدۇ، قايسى ئىشلار ئارقىغا تارتىلىپ قىلىنىدۇ، بۇ نەرسىلەرنى بىلىشى كېرەك.

دەرس پىروگىراممىسى تۈزگەندە ئوقۇغۇچىنىڭ كۆپ ۋاقتىنى ئېلىپ كېتىدىغان ۋە چۈشەنچىسىنى گاللاشتۇرۇپ قويىدىغان كىتاپلارنى ئۆزگەرتىپ، هازىرقى دەۋر بىلەن ماسلىشالايدىغان ۋە دەرهال هەرىكەتكە كىلىدىغان يېڭى بىلىملارنى ئاساس قىلىش مۇهىم.

مەسىلەن، ئەقىدە ساهەسىدە 3 يىل ئوقۇمىسا چۈشەنمەيدىغان كىتاپلارنى قويۇپ تۇرۇپ، بىر قېتىم ئوقۇسا ئەقىدىنىڭ نېمە ئىكەنلىگىنى چۈشۈنۈپ، هېس قىلالايدىغان ۋە شۇ بويىچە دەۋەت قىلىدىغان ياشلارنى يېتىشتۈرمەك لازىم.

لوگىكا، گىراماتىكا پەنلىرى مۇهىم، لېكىن ئۇ مەقسەت ئەمەس، مەقسەت ئىسلام دىنىنى، قۇرئان ۋە سۈننەتنى چۈشۈنۈش.

قۇرئان كەرىمگە نەزەر سالىسىڭىز، قۇرئان كەرىم ئەقىدە بىسلىملىرى، ئەخلاق خىسلەتلىرى ۋە ئىبادەتلەرنى تەكرار تەكرار بايان قىلغان.

دېمەك دىنىنىڭ ئەركانلىرى ۋە يىلتىزى مەسىلىرىگە ئالاهىدە ئەهمىيەت بېرىش ۋە ۋاقىت چىقىرىش كېرەك.

6.خىزمەت ساهەسىدىكى ئەۋلەۋىيات فىقهىسى

داۋاملىشىدىغان خىزمەتنى ئۈزۈلۈپ قالىدىغان خىزمەتنىڭ ئالدىغا قويۇش

ئىشلار ئاللاهنىڭ نەزرىدە ئوخشاشمايدۇ، دەرجىسى تۈرلۈك بولىدۇ، ئىشنىڭ ئەۋزىلى ئاللاهغا بەك سۆيۈملۈكتۇر، ئاللاھ قۇرئاندا مۇنداق دەيدۇ: { سىلەر هاجىلارنى سۇ بىلەن تەمىنلەشنى، مەسجىدى هەرامنى ئاۋات قىلىشنى اللہ غا، ئاخىرەت كۈنىگە ئىمان ئېيتقان ۋە اللہ نىڭ يولىدا جىهاد قىلغانلارنىڭ (ئىمانىغا) ئوخشاش هېسابلامسىلەر؟ اللہ نىڭ نەزىرىدە ئۇلار ئوخشاش ئەمەس. اللہ زالىم قەۋمنى هىدايەت قىلمايدۇ. ئىمان ئېيتقانلارنىڭ، هجرەت قىلغانلارنىڭ ۋە ماللىرى هەم جانلىرى بىلەن اللہ نىڭ يولىدا جىهاد قىلغانلارنىڭ دەرىجىسى اللہ نىڭ دەرگاهىدا ئەڭ كاتتىدۇر؛ ئەنە شۇلار(ساۋاب تېپىش بىلەن) مەقسەتكە ئېرىشكۈچىلەردۇر } تەۋبە سۈرىسى، 19 ـ 20 ـ ئايەتلەر.

رەسۇلۇللاھ هەدىس شەرىفتە: " ئىمان يەتمىش نەچچە شاخچە بولىدۇ، يۇقۇرىسى تەۋهىد كەلىمىسى، تۆۋىنى يولدىكى ئەزىيەتلەرنى ئېلىپ تاشلاش" دېگەن.

دېمەك ئىمان دەرجىلىرى بىردەك بىر خىل دەرجىدە بولمايدۇ، بىرسىنىڭ ساۋابى يەنە بىرسىنىڭ ساۋابىدىن پەرقلىق

بولىدۇ.

رەسۇلۇللاھ:" ئىشلارنىڭ ياخشىسى ئاز بولسىمۇ، داۋاملاشقىنىدۇر" دېگەن، بۇخارى رىۋايىتى.

ئاز بولسىمۇ داۋاملاشقىنى كۆپ بولۇپ ئۈزۈلۈپ قالغىنىدىن ياخشىراق.

### باشقىلارغا پايدىسى يېتىدىغان خىزمەت، باشقىلارغا پايدىسى يەتمەيدىغان خىزمەتنىڭ ئالدىدا تۇرىدۇ

ئىشلارنى بىر بىرىسىدىن كۆچلەندۈرگەن ۋاقىتىدىكى ئەۋلەۋىيات فىقھىسى، پايدىسى كۆپ ئىشنى پايدىسى ئاز ئىشتىن كۆچلەندۈرۈشتۇر. باشقىلارغا پايدىسى يېتىدىغان ئىشنىڭ ساۋابى كاتتا بولىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن جىھاد قىلىشنىڭ ساۋابى ھەج قىلىشنىڭ ساۋابىدىن ئارتۇق بولىدۇ، چۈنكى ھەجنىڭ ساۋابى يالغۇز شۇ ھاجىمغا يېتىدۇ، جىھادنىڭ ساۋابى بولسا ئۇممەتكە يېتىدۇ.

ئاللاھ قۇرئاندا مۇنداق دەيدۇ:{ سىلەر ھاجىلارنى سۇ بىلەن تەمىنلەشنى، مەسجىدى ھەرامنى ئاۋات قىلىشنى اللہ غا ،ئاخىرەت كۈنىگە ئىمان ئېيتقان ۋە اللہ نىڭ يولىدا جىھاد قىلغانلارنىڭ(ئىمانىغا)ئوخشاش ھېسابلامسىلەر؟اللہ نىڭ نەزىرىدە ئۇلار ئوخشاش ئەمەس. اللہ زالىم قەۋمنى ھىدايەت قىلمايدۇ. ئىمان ئېيتقانلارنىڭ، ھىجرەت قىلغانلارنىڭ ۋە ماللىرى ھەم جانلىرى بىلەن اللہ نىڭ يولىدا جىھاد قىلغانلارنىڭ دەرىجىسى اللہ نىڭ دەرگاھىدا ئەڭ كاتتىدۇر؛ ئەنە شۇلار(ساۋاب تېپىش بىلەن)مەقسىتىگە ئېرىشكۈچىلەردۇر } تەۋبە سۈرىسى، **19** ـ ئايەت.

ئەبۇ ھۇرەيرە مۇنداق ھەدىس رىۋايەت قىلىدۇ:" ساھابىلەردىن بىر ئادەم جاڭگالدا تاتلىق سۇ چىقىدىغان بىر بۇلاقنىڭ قېشىدىن ئۆتۈپ كېتىپ بېرىپ، بۇ ماكاندا جايلىششىنى ئويلاپ قالىدۇ، ئۇ ئۆز ئىچىدە:" مەن كىشىلەردىن ئايرىلىپ، مۇشۇ جاڭگالدا ياشاپ ئىبادەت قىلسام بولغىدەك! دەپ ئويلاپ قالىدۇ" ۋە ھەر ھالدا رەسۇلۇللاھتىن بىر سورىۋېتەي دەيدۇ، رەسۇلۇللاھقا شۇ ئىشنى ئېيتقان ۋاقىتىدا رەسۇلۇللاھ : " ئۇنداق قىلمىغىن، بىرىڭلارنىڭ ئاللاھ يولىدا بىر كۈن تۇرغان ئورنى ئۆيىدە 70 يىل ئىبادەت قىلغان ئىشىدىن ئەۋزەل بولىدۇ، ئاللاھنىڭ گۇناھىڭلارنى كەچۈرۈشىنى ۋە سىلەرنى جەننەتكە كىرگۈزۈشىنى خالىمامسىلەر؟، ئاللاھ يولىدا جىھاد قىلىڭلار، كىم ئاللاھ يولىدا قىلچىلىك جىھاد قىلىدىكەن، جەننەتنى قولغا كەلتۈرىدۇ" دەيدۇ. تىرمىزى رىۋايىتى.

مۇشۇ نوقتىدىن ئىلىمنىڭ ساۋابى ئىبادەتتىن يۇقۇرى بولىدۇ، چۈنكى ئىبادەتنىڭ مەنپەتى شەخسى بولسا، ئىلىمنىڭ مەنپەتى كىشىلەرگە بولىدۇ.

رەسۇلۇللاھ بۇ توغرىدا: " ئىلىمنىڭ ساۋابى ئىبادەتنىڭ ساۋابىدىن ئەۋزەلرەك، دىنىڭلارنىڭ ياخشىراقى تەقۋالىق بىلەن بولغىنىدۇر" دېگەن. بەززار ۋە تەبرانى رىۋايەت قىلغان، ھاكىم سەھى دېگەن.

يەنە مۇنداق دېگەن: " ئاللاھ تائالا، پەرىشتىلەر ۋە كامىرىدىكى چۈمۈلىلەردىن تارتىپ، كىشىلەرگە ياخشىلىق ئۆگەتكەن كىشىگە دۇئا قىلىدۇ" ئىمام ئەھمەد رىۋايەت قىلغان.

شۇنىڭ ئۈچۈن ئالىملار مۇنداق قارار قىلىشقان:" ئىبادەت ئۈچۈن ئۆزىنى ئاتىۋەتكەن دەرۋىش زاكات ئالسا بولمايدۇ، ئىلىم ئۈچۈن ئۆزىنى ئاتىۋەتكەن ئوقۇغۇچى ئالسا بولىدۇ، چۈنكى ئىبادەت ئۈچۈن ئۆزىنى ئاتىۋەنكەننىڭ پايدىسى ئۆزىگە يالغۇز بولىدۇ، ئوقۇغۇچىنىڭ پايدىسى خەلق مەنپەتى ئۈچۈن بولىدۇ".

### يىتنە زامانىدىكى خىزمەت ئەۋلەۋىياتى

يىتنە، سىناق ۋە قىيىنچىلىق زامانىدىكى خىزمەت، ئىماننىڭ كۈچلۈكلىكىنىڭ بەلگىسى ۋە ھەقىقەتتە چىڭ تۇرغانلىقىنىڭ ئىپادىسىدۇر.

رەسۇلۇللاھ :" كۈچلۈك مۆمىن ئاجىز مۆمىندىن ياخشىراق دېگەن" ئىمام مۇسلىم رىۋايەت قىلغان.

يىتنە ـ پاسات زامانىدا چىڭ تۇرغان كىشى ساھابىلەرنىڭ ئەجرىگە ئېرىشەلەيدۇ، ھەدىستە شۇنداق كەلگەن،

ئەبۇداۋاد ۋە تىرمىزىگە قاراڭ.
پىتنە زامانىدا دىنىدا چىڭ تۇرغان ئادەم چوغنى تۇتۇپ تۇرغان ئادەمگە ئوخشايدۇ.
ۋاقىت، ئورۇن ۋە شارائىتنىڭ ئۆزگىرىشى بىلەن ئەۋزەل ئىشنىڭ ئوخشاشماسلىقى
كۆپلىگەن ئىشلاردا پەزىلەت ۋاقىت، ئورۇن، شەخس ۋە شارائىتقا قاراپ ئۆزگىرىدۇ. بۇنىڭ مىساللىرى كۆپ:
**دۇنيا ئىشلىرىنىڭ ئەۋزىلى:
ئالىملار: تىرىقچىلىق، سانائەت ( كارخانچىلىق) ياكى تىجارەتنىڭ قايسى بەكرەك ساۋابلىق دېگەن مەسلىدە ئىختىلاپلاشتى. ئۇلارنىڭ ئىختىلاپلىشىش سەۋەبى تۆۋەندىكى بىر قانچە ھەدىسلەر سەۋەبىدىن بولدى:
يېزا ئىگىلىك ساھەسىدە: " بىر مۇسۇلمان بىر تال كۆچەت تىكىپ قويسا، ئۇنىڭدىن ئىنسان، قۇشلار ياكى ھايۋانلار پايدىلانسا، ساۋابى بولىدۇ" دېگەن، بۇخارى رىۋايىتى.
سانائەت ساھەسىدە رەسۇلۇللاھ: " بىر ئادەمنىڭ ئۆز كۈچىغا تايىنىپ جان بېقىشى ھەممىدىن ياخشىدۇر" دېگەن، ئىمام ئەھمەد ۋە بۇخارى رىۋايىتى.
تىجارەت ساھەسىدە: " راستچىل سودىگەر قىيامەت كۈنى پەيغەمبەرلەر، راستچىل كىشلەر ۋە شېھىتلەر بىلەن بىرگە بولىدۇ" تىرمىزى رىۋايىتى.
يۇقۇرقى ئۈچ ئىشلارنىڭ قايسى بىرسى يەنە بىرىسىدىن مۇتلەق ئارتۇق ئەمەس، ھەر بىرىسى جەمىيەتنىڭ ئېھتىياجىغا قارىتا ئەۋزەل بولىدۇ.
بۇ دەۋردە مۇسۇلمانلار مۇھتاج بولۇۋدىغان مۇھىم نەرسە: تەرەققى قىلغان تېخنىكىدۇر، مۇسۇلمانلار باشقىلارنىڭ ئۇسكۇنىسىگە تايىنىپ تۇرۇپ ئىسلام رىسالىسىنى گۈللەندۈرەلمەيدۇ.
ھازىر تېخنىكا تەرەپتىن تەرەققى قىلىش دىنىمىز پەرز قىلغان پەرزلەرنىڭ بىرسى ۋە جەمىيەت جىددى تەقەززا قىلىۋاتقان زۆرۈرىيەتتۇر.
** ئىبادەتلەرنىڭ ئەۋزىلى:
ئالىملار ئىبادەتنىڭ قايسى ئەۋزەل دېگەن ماۋزۇدا كۆز قاراشلىرى خىلمۇ ـ خىل بولدى:
ئىبادەت، بىر شەخسدىن يەنە بىر شەخسگە، بىر ۋاقىتتىن يەنە بىر ۋاقىتقا، بىر ئورۇندىن يەنە بىر ئورۇنغا، بىر شارائىتتىن يەنە بىر شارائىتقا ئوخشاشمايدۇ.
ئىسلام دىنىدا ئىبادەت دېگەن كەلىمىنىڭ دائىرىسى ناھايىتى كەڭرى، ئاللاھ رازى بولۇدىغان ئىشنىڭ ھەممىسى ئىبادەت قاتارىغا كىرىدۇ، ئىبادەت 5 ۋاقىت ناماز، روزا، زاكات ۋە ھەج بىلەنلا چەكلىنىپ قالمايدۇ.
جىھاد ۋاقتىدا جىھاد قىلىش ئەۋزەل، مېھمان كەلگەندە مېھماندارچىلىق ھەققىنى ئادا قىلىش ئەۋزەل، ئوقۇغۇچى بولسا تىرىشىپ ياخشى ئوقۇش ئەۋزەل، ئەزان ئېيتىلغاندا نامازنى ۋاقتىدا ئوقۇش ئەۋزەل، ئىمكانىيەت بولسا كەمبەغەللەرگە ياردەم بېرىش ئەۋزەل، ئەرەپات كۈنى دۇئانى كۆپ قىلىش ئەۋزەل، بىر مۇسۇلمان كېسەل بولۇپ قالسا، ئۇنىڭغا ياردەم قولىنى سوزۇش ئەۋزەل...
ھەر ۋاقىتتا ئاللاھنىڭ رازىلىقىنى ئىزدەش، شۇ ۋاقىتتىكى مۇھىم ئىشلارنى قىلىش ئەۋزەل.
*شۇنى بايان قىلىشقا تېگىشلىككى، مۇقۇم سابىت ئىبادەتلەر ھەر قانداق شارائىتتا ئۆزگەرمەيدۇ، ئۇندىن باشقا ئىبادەتلەر ئادەم، ۋاقىت، ئورۇن، شەخس ۋە شارائىتقا قاراپ ئۆزگىرىپ تۇرىدۇ.
7. بۇيرۇلغان ئىشلار ساھەسىدىكى ئەۋلەۋىياتلار
يىلتىزى مەسىلىلەرنى شاخچە مەسىلىلەر ئالدىدا قويۇش

بۇيرۇلغان ئىشلار ساھەسىدە كۆڭۈل بۆلۈشكە تېگىشلىك ئەۋلەۋىياتلارنىڭ بىرىسى، يىلتىزى مەسىلىلەرنى شاخچە مەسىلىلەرنىڭ ئالدىغا قويۇشتۇر.

يەنى ئېتىقادنى بىرىنچى ئورۇندا قويۇشتۇر، ئاللاھ مۇنداق دەيدۇ: { سىلەرنىڭ كۈن چىققان ۋە كۈن پاتقان تەرەپكە يۈزلەنتۈرۈشۈڭلارنىڭ ئۆزىلا ياخشى ئەمەلگە ياتمايدۇ. بەلكى اللہ غا، ئاخىرەت كۈنىگە، پەرىشتىلەرگە، كىتابقا (يەنى اللہ نازىل قىلغان كىتابلارغا)، پەيغەمبەرلەرگە ئىمان كەلتۈرۈش. . . ياخشى ئەمەلگە كىرىدۇ} بەقەرە سۈرىسى، 177 ـ ئايەت.

ئەقىدە ئاساس، شەرىئەت ئەقىدىنىڭ تارمىقى.

ئىمان ئاساس، ئەمەل قىلىش ئىماننىڭ تارمىقى.

پەرزلەرنى سۈننەت ۋە نەپلە ئىبادەتلىرىنىڭ ئالدىغا قويۇش ئەۋلەۋىياتى

شاخچە مەسىلىلەردە شەرىئەتنىڭ تەلىپى ئوخشاشمايدۇ. مەسىلەن: بەزى بۇيرۇلغان ئىشلار پەرز ۋە ۋاجىب بولسا، يەنە بەزى بۇيرۇلغان ئىشلار مۇستەھەب بولىدۇ.

پەرزنىڭ قاتارىدا، ھەر بىر ئادەم ئۆزى قىلمىسا بولمايدىغان پەرزلەر بار ۋە بەزىلەر قىلسا گۇناھ ساقىت بولۇدىغان پەرز كىفايە بار.

ئەينى پەرزلەرمۇ ئوخشاشمايدۇ، مەسىلەن: ناماز، رامىزان، روزا ۋە ھەجگە ئوخشاش ئىسلامنىڭ ئەركانلىرى، يەنە ئەينى پەرزلەر بولۇپ بۇ دەرىجىدە تەلەپ قىلىنمايدۇ.

سۈننەت ۋە مۇستەھەبلەردە ئاسانلاشتۇرۇش فىقھىسى

فىقھۇل ئەۋلەۋىيات پەرزنى ۋاجىبنىڭ، ۋاجىبنى سۈننەتنىڭ ئالدىدا قويۇشىمىزنى، شۇنداقلا پەرزلەردە چىڭ تۇرۇپ، مۇستەھەبلەردە چىڭ تۇرۋالماسلىقىمىزنى تەقەززا قىلىدۇ.

ئەبۇ ھۇرەيدىن رىۋايەت قىلىنغان بىر ھەدىستە بىر ئەرابى رەسۇلۇللاھنىڭ يېنىغا كىلىپ:" مىنى جەننەتكە باشلاپ بارىدىغان ئىشلارغا كۆرسۇتۇپ قويغان بولسلا "دەيدۇ، رەسۇلۇللاھ :" ئاللاھقا شېرىك كەلتۈرمەي ئىبادەت قىلسەن، پەرز نامازنى ئوقۇيسەن، پەرز زاكاتنى ئادا قىلسەن، رامىزان تۇتىسەن" دەيدۇ. ئەرابى: ئاللاھ بىلەن قەسەمكى، بۇنىڭدىن ئاشۇرۇۋەتمەيمەن ياكى كېمەيتىپ قويمايمەن دەپ قايتىپ كېتىدۇ، رەسۇلۇللاھ: " كىم جەننەت ئەھلىگە قارىماقچى بولسا، مۇشۇ ئادەمنى كۆرىۋالسا بولىدۇ" دىگەن. بۇخارى ۋە مۇسلىم رىۋايىتى.

دىمەك رەسۇللاھ ئىسلامنىڭ ئاساسلىرىنى جۇزئى مەسىلىلەر ئالدىدا قويىاتتى.

پەرزنى تاشلاپ قويۇپ سۈننەت بىلەن شۇغۇللۇنۇشنىڭ خاتالىقى

بەزى كىشلەر نەپلە ناماز، نەپلە رامىزان ۋە نەپلە ھەج بىلەن بولۇپ كېتىپ پەرزنى تەرك ئېتىدۇ، مەسىلەن بەزى كىشلەر كېچىلىرى ئىبادەت قىلىپ، مائاش ئالىدىغان خىزمىتىگە كېچىكىپ بارىدۇ، ۋەزىپىسىنى تولۇق ئادا قىلمايدۇ. ئىشلارنى پۇختا قىلىشنىڭ پەرزلىكىنى بىلمەيدۇ، خىزمەتتە سۇسلۇق قىلىش ئامانەتكە خىيانەت قىلىش قاتارىغا كىرىدۇ.

بەزىلەر ياز كۈنلىرىدە دۈشەنبە كۈنلىرى نەپلە رامىزان تۇتۇپ، خىزمىتىگە سولشاپ بارىدۇ، كىشلەرنىڭ ئىشلىرىنى تىز ـ تىز قىلىپ بەرمەي ، كىشلەرنىڭ مەنپەتىنى كىچىكتۈرۈپ قويىدۇ. رامىزان ۋاجىب ئەمەس، خىزمەتنى پۇختا قىلىش ۋە كىشلەرنىڭ مەنپەتىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش پەرز.

نەپلە ھەج ۋە ئۆمرىمۇ شۇنداق، بەزى مۇسۇلمانلار بەش ياكى 8 قېتىم ھەج قىلىدۇ ياكى ئۇنىڭدىن كۆپمۇ قىلىشى مۇمكىن. نەپلە ھەج ۋە ئۆمرە ئۈچۈن نەچچە مىڭ يۇۋەننى سەرىپ قىلىدۇ، ئاچ قېلىۋاتقان، قىينچىلىق

تاتۇۋاتقان، كېسلىنى داۋالىتالماي ئۆلۈپ كېتىۋاتقان  مۇسۇلمانلارغا ياردەم قىلمايدۇ ۋە يېتىم ـ يېسىرلارنىڭ بېشىنى سىلىمايدۇ، توي قىلالماۋاتقان بويتاقلارنى ئۆيلەپ قويمايدۇ.

هازىر بەزى مۇسۇلمانلار ئازغىنا پۇلغا ئالدىنىپ خرىستىيان دىنىغا كىرىپ كېتىۋاتىدۇ، بەزى قىزلار پۇل ئۈچۈن ئۆزىنى سېتىۋاتىدۇ، پۇلنى خرىستىيانلارغا قارشى تۇرۇشقا ۋە قىزلارنى يامان يولدىن توسۇپ قېلىشقا ئىشلەتسە ساۋابى كاتتا ئەمەسمۇ؟

قائىدە:"ئاللاھ تائالا، پەرز ئادا قىلىنمىغىچە نەپلە ئىبادەتنى قوبۇل قىلمايدۇ"

### پەرز ئەيىنى پەرز كىفايىنىڭ ئالدىغا قويۇش فىقھىسى

پەرزلەر نەپلە ئىبادەتنىڭ ئالدىدا تۇرغاندەك، پەرزلەرمۇ ئوخشاش دەرجىدە بولمايدۇ.  مەسىلەن پەرز ئەيىن پەرز كىفايىنىڭ ئالدىدا تۇرىدۇ، چۈنكى پەرز ئەيىنى شەخسى قىلمىسا بولمايدۇ، پەرز كىفايىنى قىلىدىغانلار چىقسا باشقىلاردىن ساقىت بولىدۇ.

مەسىلەن: ئاتا ـ ئانىسىغا ياخشىلىق قىلىش ۋە هالىدىن خەۋەر ئېلىش بىلەن جىهاد قىلىش توغرىسىدا كەلگەن هەدىس شۇنى ئىپادىلەيدۇ.

بۇ هەدىستە مۇنداق بايان قىلىنغان:" بىر ئادەم رەسۇلۇللاھنىڭ قېشىغا كېلىپ، جىهاد قىلماقچى ئىدىم، دەپ جىهاد قىلىشقا رۇخسەت سورايدۇ، رەسۇلۇللاھ:" ئاتا ـ ئاناڭ هاياتمۇ" دەيدۇ، ئۇ كىشى: هەئە، دېگەندە :" جىهادنى ئۇلارغا ياخشى قاراش ئارقىلىق قىلغىن" دەيدۇ. بۇخارى ۋە مۇسلىم رىۋايىتى.

### كىشىلەرنىڭ هوقۇقى خالىس ئاللاھنىڭ هوقۇقىنىڭ ئالدىدا تۇرىدۇ

پەرز ئەيىن پەرز كىفايىنىڭ ئالدىدا تۇرىدىغان بولسا،  پەرز ئەيىنلەرمۇ ئوخشاشمايدۇ، كىشىلەرنىڭ هوقۇقى خالىس ئاللاھنىڭ هوقۇقىنىڭ ئالدىدا تۇرىدۇ.

خالىس ئاللاھنىڭ هوقۇقىغا مۇناسىۋەتلىك هەق ـ هوقۇقلار كەچۈرلىشى مۇمكىن، لېكىن بەندىلەرنىڭ هوقۇقىغا مۇناسىۋەتلىك پەرزلەر كەچۈرۈلمەيدۇ.

مەسىلەن: هەج قىلىش پەرز، قەرزنى ئادا قىلىشمۇ پەرز، بۇ چاغدا قەرزنى ئادا قىلىش هەج قىلىشنىڭ ئالدىدا تۇرىدۇ. قەرز ئىگىسى رۇخسەت قىلمىسا هەج قىلىشقا قەدەم بېسىش توغرا بولمايدۇ.

شېھىت بولۇش ئەڭ چوڭ شەرەپ، لېكىن "شېھىتنىڭ پۈتۈن گۇناھى كەچۈرۈلىسىمۇ، قەرزى كەچۈرۈلمەيدۇ" مۇسلىم رىۋايىتى.

### كۆپچىلىكنىڭ هوقۇقى يەككە كىشىلەرنىڭ هوقۇقىنىڭ ئالدىدا تۇرىدۇ

كۆپچىلىكنىڭ هوقۇقىغا مۇناسىۋەتلىك پەرزلەر يەككە كىشىلەرنىڭ هوقۇقىغا مۇناسىۋەتلىك هوقۇقلارنىڭ ئالدىدا تۇرىدۇ.

ئۈممەتنىڭ هەققى شەخسنىڭ هوقۇقى ئالدىدا تۇرىدۇ، دۈشمەن بىر نەچچە مۇسۇلماننى قالقان قىلىۋالسا، كۆپچىلىكنىڭ مەنپەتى ئۈچۈن بىر قانچە مۇسۇلمانلارنى قوشۇپ يوقىتىۋېتىش دۇرۇس بولىدۇ.

كۆپلىگەن ئالىملارنىڭ كۆز قارىشى مۇشۇنداق، ئىمام غەززالى بۇ مەسىلىدە  باشتا پەتىۋا بەرگەنلەرنىڭ بىرسىدۇر.

بۇ پەتىۋا فىقھۇل ئەۋلەۋىيات پىقھىسىغا ئاساسەن چىقىرىلغان.

## 8 .چەكلەنگەن ئىشلار ساھەسىدىكى ئەۋلەۋىياتلار

### چەكلەنگەن ئىشلار ساھەسىدىكى ئەۋلەۋىياتلار

بۇيرۇلغان ئىشلار پەرز، ۋاجىب، سۈننەت... دەپ بۆلەنگەندەك، چەكلەنگەن ئىشلارمۇ  كۇفرىلىق، هارام،

مەكرۇھ دېگەندەك بۆلىنىدۇ. كۇفرىمۇ بىر قانچە دەرىجە بولىدۇ.

ئاتئىست كۇفرىسى: يەنى ئاللاھنىڭ بارلىقىغا، پەرىشتىلەرگە، پەيغەمبەرلەرگە ۋە ئاخىرەتتە يەنە بىر ھاياتنىڭ بارلىقىغا ئىشەنمەيدۇ.

شېرىك كۇفرىسى: بۇ ئاتئىست كۇفرىدىن سەل تۆۋەن دەرىجىدە تۇرىدۇ، جاھىلىيەتتىكى ئەرەپلەرنىڭ مۇشرىكلىكىگە ئوخشايدۇ، ئۇلار ئاللاھنىڭ بارلىقىغا ئىشىنەتتى، لېكىن شېرىك كەلتۈرەتتى.

ئەھلى كىتابلارنىڭ كۇفرىسى: ئەھل كىتاب ( يەھۇدى ۋە خىرىستىيانلار) نىڭ كۇفرىسى، يۇقۇرقى كۇفرىدىن سەل تۆۋەن ئورۇندا تۇرىدۇ. چۈنكى ئۇلار مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ پەيغەمبەرلىكىگە كافىر بولىدۇ. يەھۇدى ۋە خىرىستىيانلارنىڭ كافىرلىقىنى قۇرئان كەرىم ئوچۇق بايان قىلغان. بۇلارنىڭ باشقا كافىرلاردىن پەرقى " ساماۋى كىتاب ئىگىلىرى" بولغانلىقىدا.

مۇرتەدلىك كۇفرىسى: بۇ كۇفرى كۇفرىلارنىڭ ئەڭ خەتەرلىكى ھىسابلىنىدۇ، مۇرتەد دېگەن:" ئاللاھ ئىسلامغا ھىدايەت قىلغاندىن كېيىن، ئىسلامدىن چىقىپ كېتىپ باشقا دىننى قوبۇل قىلىشتۇر.

ئاللاھ قۇرئاندا مۇنداق دەيدۇ:{ سىلەردىن كىمكى ئۆز دىنىدىن قايتىپ كاپىر پېتى ئۆلسە، ئۇنىڭ ئەمەللىرى دۇنيا ۋە ئاخىرەتتە بىكار بولۇپ كېتىدۇ. بۇنداق ئادەملەر ئەھلى دوزاختۇر، ئۇلار دوزاختا مەڭگۈ قالغۇچىلاردۇر} بەقەرە سۈرىسى، 217 ـ ئايەت.

بۇ ھالەتتىكى مۇرتەدلىك ئىسلامغا ۋە مۇسۇلمانلارغا قىلىنغان خىيانەت ھىساپلىنىدۇ، ئۇ ۋەتەنگە خىيانەت قىلغاندىنمۇ ئېغىر جىنايەت بولىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن ئىسلام دىنى مۇرتەدلەر بىلەن قاتتىق كۈرەش قىلدى.

مۇناپىقلىق كۇفرىسى: ئىسلام ھاياتى ۋە ئىسلام ۋۇجۇدىغا ئەڭ خەتەر كۇفرىلارنىڭ بىرىسى مۇناپىقلىق كۇفرىسىدۇر. چۈنكى بۇ كىشلەر مۇسۇلمانلار ئارىسدا مۇسۇلمان ئېتىبارى بىلەن ياشايدۇ، مۇسۇلمانلار بىلەن بىرگە ناماز ئوقۇيدۇ، لېكىن مۇسۇلمانلارغا مەخپى سۇيقەست پىلانلايدۇ، ھىيلە ئىشلىتىدۇ.

شۇنىڭ ئۈچۈن ئاللاھ مۇنداق تۇردىكى ئىنسانلارغا دوزاخنىڭ ئاستىنى ساقلاپ قويدى، ئاللاھ مۇنداق دەيدۇ:{ مۇناپىقلار چوقۇم دوزاخنىڭ ئەڭ ئاستىنقى قەۋىتىگە(يەنى قەئرىگە) تاشلىنىدۇ، ئۇلارغا ھەرگىزمۇ (ئازابتىن قۇتقۇزىدىغان) مەدەتكار تاپالمايسەن. پەقەت( مۇناپىقلىقتىن) تەۋبە قىلغان، (ئەمەللىرىنى) تۈزەتكەن، اللہ (نىڭ كىتابى)غا چىڭ يېپىشقان، دىنىنى اللہ ئۈچۈن خالىس قىلغان (يەنى قىلغان ئەمىلىدىن پەقەت اللہ نىڭ رازىلىقىنى كۆزلىگەن) كىشلەر بۇنىڭدىن مۇستەسنا. ئەنە شۇلار مۆمىنلەر بىلەن بىللە (يەنى ئۇلارنىڭ قاتارىدا)دۇر. اللہ مۆمىنلەرگە (ئاخىرەتتە جەننەتتىن ئىبارەت) بۈيۈك ئەجىر ئاتا قىلىدۇ} نىسا سۈرىسى، 145 ـ ئايەت.

بۈگۈنكى مۇنافىقلار ئۆز ۋاقتىدىكى مۇنافىقڭلاردىن يامان، چۈنكى بۇ موناپىقلار ناماز ئوقۇمايدۇ، دەۋەتچىلەرنى مەسخىرە قىلىدۇ، ئۇلارنىڭ زىيىنىغا ئىش قىلىدۇ.

كۇفرى، شېرىك ۋە مۇناپىقلىقنىڭ چوڭ ۋە كىچىك ئارىسنى ئايرىپ مۇئامىلە قىلماق لازىم

دىققەت قىلىشقا تېگىشلىك مۇھىم مەسىلە: كۇفرى، شېرىك ۋە مۇناپىقلىقنىڭ دەرىجىسىنى ئايرىماق لازىم.

كۇفرى چوڭ كۇفرى ۋە كىچىك كۇفرى دەپ ئىككىگە بۆلۈنىدۇ:

ئاللاھغا، پەرىشتىلەرگە، كىتابلارغا، پەيغەمبەرلەرگە كافىر بولۇش چوڭ كۇفرىدۇر.

ھورۇنلۇق قىلىپ نامازنى تەرك ئېتىش كىچىك كۇفرى قاتارىغا كىرىدۇ، ئالىملار بۇ كىشىنى پاسىق ياكى ئاسى دەپ ئاتايدۇ، كافىر دېگەن ئاتالغۇ بىلەن ئاتىمايدۇ.

نامازنى تەرك ئېتىش كۇفرىدۇر دېگەننى ئىپادىلەپ كەلگەن ھەدىس قاتتىق ئەيىپلەش ۋە قورقۇتۇش تەرىقىسىدە

دېيىلگەن. بىر مۇسۇلمان يەنە بىر مۇسۇلمانغا :" ئەي كافىر" دېسە ئۇ ئىككىسىنىڭ بىرسىگە يانىدۇ، دېگەن ھەدىسكە ئوخشاش.

چوڭ كۇفرى مەڭگۇ دوزاخنى ۋاجىب قىلىدۇ، كىچىك كۇفرى بولسا جازالىنىشنى ۋاجىب قىلىدۇ. كىچىك كۇفرى دوزاختا مەڭگۇ قېلىشنى ۋاجىب قىلمايدۇ.

كىچىك كۇفرىنىڭ مىسالى:" كىم داخاننىڭ گەپ ـ سۆزىگە ئىشەنسە، رەسۇلۇللاھغا چۈشۈرۈلگەن قۇرئانغا كافىر بولىدۇ" ئىمام ئەھمەد رىۋايىتى.

ئاللاھنىڭ سۆزى: { كىملەركى اللہ نازىل قىلغان ئايەتلەر بويىچە ھۆكۈم قىلمايدىكەن، ئۇلار كاپىرلاردۇر } مائىدە سۈرىسى، **44** ـ ئايەت.

ئىبنى ئابباس:" بۇ دىندىن چىقىرىۋېتىدىغان كۇفرى ئەمەس، بىر ئادەم شۇنداق قىلسا، كافىر بولىدۇ، بۇ كۇفرىلىق ئاللاھغا ۋە قىيامەت كۈنىگە كافىر بولغانغا ئوخشاش بولمايدۇ" دەيدۇ. تاۋۇس ۋە ئاتامۇ شۇنداق تەپسىر قىلىدۇ. بۇ ئىشنى ھاكىمنىڭ ھالىتى بەلگىلەيدۇ.

شېرىكمۇ چوڭ ۋە كىچىك بولىدۇ:

شېرىك چوڭ ۋە كىچىك دەپ تۆرگە بۆلىنىدۇ، چوڭ شېرىك ئاللاھغا باشقا بىر نەرسىنى تەڭ قىلىشتۇر. بۇ شېرىك تەۋبە قىلىنمىسا كەچۈرۈلمەيدۇ.

كىچىك شېرىك: رىيا قىلىش، ئاللاھنىڭ باشقىسى بىلەن قەسەم قىلىش، ئاللاھدىن باشقىسغا نەزرە قىلىشقا ئوخشاش...

چوڭ مۇناپىقلىق ۋە كىچىك مۇناپىقلىق:

مۇناپىقلىقمۇ چوڭ ۋە كىچىك دەپ تۆرگە ئايرىلىدۇ.

چوڭ مۇناپىقلىق : ئەقىدىدە بولىدۇ، ئەقىدىدىكى مۇناپىقلىق دوزاختا مەڭگۇ قېلىشنى ۋاجىب قىلىدۇ.

كىچىك مۇناپىقلىق: ئەمەل ۋە ئىستىلدا بولىدۇ، يەنى مۇناپىقلارنىڭ ئەخلاقىنى قوبۇل قىلىش ۋە شۇلارنىڭ ئىستىلىنى قوللىنىشتۇر.

ھەدىس شەرىفتە: " مۇناپىقنىڭ بەلگىسى ئۈچ: سۆزلىسە يالغان سۆزلەيدۇ، ۋەدە قىلسا يالغانچىلىق قىلىدۇ، ئامانەتكە خىيانەت قىلىدۇ" دېيىلگەن، بۇخارى رىۋايىتى.

چوڭ گۇناھلار

گۇناھلار چوڭ گۇناھ ۋە كىچىك گۇناھ دەپ تۆرگە ئايرىلىدۇ. چوڭ گۇناھلار ئاللاھنىڭ غەزىۋىنى ۋاجىب قىلىدۇ ۋە ئۇ كىشىنى دوزاخقا كىرگۈزىدۇ.

چوڭ گۇناھلار : ئاللاھ دۇنيادا جازا بېكىتكەن ياكى ئاخىرەتتە قاتتىق ئازاب بىلەن ياكى جەننەتتىن مەھرۇم قىلىش بىلەن ۋەدە قىلغان ئىشلاردۇر.

مەسىلەن: ئادەم ئۆلتۈرۈش، سېھىر قىلىش، جازانىنى يېيىش، يېتىمنىڭ مېلىنى يېۋېلىش، پاك ئاياللارغا تۆھمەت چاپلاش، ئاتا ـ ئانىنى قاقشىتىش، تۇققانچىلىق ئالاقىسىنى ئۈزۈش، يالغان گۇۋاھلىق بېرىش، ھاراق ئىچىش، زىنا قىلىش، بۇلاڭچىلىق قىلىش، سۇخەنچىلىك قىلىش ۋە پار ئېلىشقا ئوخشاش.

ناماز ئوقۇماسلىق، زاكات بەرمەسلىك ، رامىزاننى ئۆزرىسىز بۇزۇۋېتىش، قۇدرىتى يېتىپ تۇرۇپ قەستەن ھەج قىلماسلىق چوڭ گۇناھلاردۇر.

چوڭ گۇناھلارنىڭ دەرجىسى خىلمۇ ـ خىل بولىدۇ. چوڭ گۇناھلار تەۋبە بولمىسا كەچۈرۈم قىلىنمايدۇ، كىچىك

گۇناھلاردىن  ئىنسانلار خالى بولالمايدۇ. كىچىك گۇناھلار ياخشى ئىشلارنى كۆپ قىلىش ئارقىلىق يوقۇلىدۇ.

ئېتىقادى بىدئەت ۋە ئەمەلى بىدئەتلەر:

بىدئەتلەرمۇ گۇناھلارنىڭ قاتارىدىن ئورۇن ئالىدۇ، بىدئەت ئېتىقادى ياكى ئەمەلى بولىدۇ.

بىدئەت دېگەن: كىشلەرنىڭ دىندا يوق نەرسلەرنى پەيدا قىلىۋالغىنىدۇر.

ئېتىقادى بىدئەت چوڭ گۇناھدۇر. ئۇ ھەققەتنىڭ ئەكسىنى ئېتىقاد قىلىشتۇر. مەسىلەن: ئاللاھ ھالال قىلغان نەرسىنى ھارام قىلىش، ھارام قىلغان نەرسىنى ھالال قىلىشقا ئوخشاش.

بىدئەتنىڭ ھەممىسى بىر دەرجىدە بولمايدۇ، بەزى بىدئەتلەر ئېغىر گۇناھ بولسا يەنە بەزى بىدئەتلەر يەڭگىل گۇناھ بولىدۇ، ئالىملار بىدئەتلەرنىڭ بەزىسىگە بىرلىككە كەلگەن، يەنە بەزىسىگە بىرلىككە كېلىپ بولالمىغان.

مەكرۇھ ئىشلار:

مەكرۇھ چەكلەنگەن ئىشلارنىڭ تۆۋىنىدۇر. بۇ يەردىكى مەقسەت قىلىنغىنى مەكرۇھى تەنزىھىدۇر، چۈنكى مەكرۇھى تەھرىم ھارامغا يېقىن، مەكرۇھ تەنزىھ بولسا ھالالغا يېقىن.

بۇنىڭ مەسىللىرى ناھايىتى كۆپ.

## 9. ئىسلاھات ساھەسىدىكى ئەۋلەۋىياتلار

نىزام ـ تۈزۈمنى ئۆزگەرتىشتىن ئىلگىرى قەلبلەرنى ئۆزگەرتىش

ئىسلاھات ساھەسىدىكى مۇھىم ئەۋلەۋىياتلارنىڭ بىرسى: جەمىيەت قۇرۇلۇشتىن ئىلگىرى شەخسلەرنى يېتىشتۈرۈشكە ياكى نىزاملارنى ئۆزگەرتىشتىن ئىلگىرى قەلبلەرنى ئۆزگەرتىشكە كۆڭۈل بۆلۈش.

قەلبنىڭ ئۆزگىرىشى  ھەر قانداق ئىسلاھاتنىڭ ئاساسى، ئىسلاھات شەخسىدىن باشلىنىدۇ، چۈنكى ئۇ بىنانىڭ ئاساسى، بىنا ساغلام قۇرۇلۇشى ئۈچۈن كىسەكلىرى مۇستەھكەم پىشقان بولۇشى كېرەك.

ئىمان مۇستەھكەم يەرلەشمەي قالسا، بىنا بەرداشلىق بېرەلمەيدۇ،

جىھادتىن ئىلگىرى تەربىيە لازىم:

جىھاد باشلاشتىن ئىلگىرى ئەزالارنى ياخشى تەربىيلىمەك كېرەك، تەربىيەدىن  مەقسەت، دەۋەت مەسئۇلىيتىنى ئۈستىگە ئالالايدىغان، ئاللاھ يولىدا قىيىنچىلىققا بەرداشلىق بېرەلەيدىغان، دىنىنىڭ ئەخلاق قىممىتى مۇجەسسەملەشكەن نەمۇنىلىك تەربىيە بولۇشى كېرەك.

تەربىيە مۇكەممەللەشمەي تۇرۇپ باشلانغان ئىش كۆپىنچە ۋاقىتلاردا مەغلۇبىيەت بىلەن ئاخىرلىشىدۇ، جىھاد تۈرلۈك بولىدۇ، قەلەم بىلەن  جىھاد قىلىش، ئېغىز ئارقىلىق جىھاد قىلىش، قورال ئارقىلىق قىلىش، مال ئارقىلىق قىلىش...

ئىدىيە كۈرىشى ئەۋلەۋىيات فىقھىسى

ئىسلاھات ساھەسىدە دىققەت قىلىشقا تېگىشلىك ئەۋلەۋىياتلارنىڭ بىرسى: ئىدىيەنى ئوڭشاشقا ۋە خىزمەت پىرنسىپىنى تۈزۈتۈشكە ئالاقىدار ھەممە نەرسىنى ئالدىنقى ئورۇندا قويۇش لازىم. بۇ ھەر قانداق ئىسلاھاتنىڭ ئاساسى ھىساپلىنىدۇ.

توغرا ئاساسقا ۋە ساغلام ئىدىيەگە قۇرۇلمىغان خىزمەتنىڭ نەتىجە بېرىشى ئەقلغا سىغمايدۇ. بۈگۈنكى دەۋردە ئىدىيە كۈرۈشى بۈيۈك جىھاد قاتارىدىن ئورۇن ئالىدۇ.

رەسۇلۇللاھ : " مۇشرىكلارغا قارشى  مېلىڭلار، تىلىڭلار ۋە جېنىڭلار بىلەن كۈرەش قىلىڭلار" دېگەن. ئەبۇداۋۇد رىۋايىتى.

ئىدىيە كۆرىشى ئىككى تەرەپلىمە بولىدۇ:
بىرىنچى: ئىسلامنىڭ ئەقىدە، شەرىئەت، ۋە مەدەنىيىتىگە ھۇجۇم قىلىدىغان خىرىستىيانلار، ئاتئىيىستلار.
ئىككىنچى: خىزمەت قىلىۋاتقانلار يۆلۈنۈشنى توغرىلاش، ھەركىتىنى تۈزۈتۈپ قويۇش.

فىقھۇل ئەۋلەۋىيات  كىتاپ

# قۇرئان كەرىم ۋە تەپسىرشۇناسلىق ھەققىدە

قۇرئان كەرىم ئاللاھ تەئالا تەرىپىدىن جىبرائىل ئەلەيھىسسالام ۋاستىسى بىلەن پەيغەمبىرىمىز مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا نازىل قىلىنغان ئىلاھىي كىتاب ـ مۇسۇلمانلارنىڭ مۇقەددەس دەستۇرى بولۇپ، قۇرئان كەرىم ئىنسانىيەتنى گۇمراھلىقتىن ھىدايەتكە يېتەكلەش ئۈچۈن نازىل بولغان 1400 يىلدىن كۆپرەك ۋاقىتتىن بۇيان، پۈتۈن دۇنيادىكى مۇسۇلمانلار، ئىنسانلارنىڭ قۇرئان كەرىمنى توغرا چۈشىنىشى ئۈچۈن، ئۇنى تەرجىمە ۋە تەپسىر قىلىش جەھەتتە سانسىزلىغان ئىلمىي ئىشلارنى قىلدى، بۇنىڭ بىلەن قۇرئان كەرىمنىڭ تۈرلۈك تىللاردا كۆپلىگەن تەرجىمە ۋە تەپسىرلىرى بارلىققا كەلدى. شۇنىڭدەك، ھەرخىل ئېقىم ۋە مەزھەپتىكى كىشىلەرمۇ ئۆز مەزھەپ ۋە چۈشەنچىلىرى ئاساسىدا قۇرئان كەرىمنى تەرجىمە ۋە تەپسىر قىلىشتى ۋە بۇ ئىش بۈگۈنگىچە داۋاملىشىپ كەلدى.

ئەمما بۇنىڭ ئىچىدە سۈننى مەزھىبىگە مۇۋاپىق بولغان، يەنى قۇرئان كەرىمنىڭ ئەسلى روھىغا ئۇيغۇن، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئۆز ۋاقتىدا ساھابىلەرگە ئىزاھلاپ، چۈشەندۈرۈپ بەرگىنىگە مۇۋاپىق يېزىلغان تەپسىرلەر پۈتۈن ئەھلى سۈننەت مۇسۇلمانلىرى تەرىپىدىن مەقبۇل كۆرۈلگەن بولسا، باشقا غەرەز ۋە مەزھەپتىكى كىشىلەرنىڭ قىلغان تەرجىمە ۋە تەپسىرلىرى مۇسۇلمانلار نەزەرىدە ئېتىبارسىز قالدى.

سۈننى مۇسۇلمانلىرى تەرىپىدىن قەدىمدىن بۈگۈنگىچە يېزىلىپ كەلگەن تەپسىرلەر ئىنتايىن كۆپ بولۇپ، بۇلارنىڭ ئىچىدە، ئىمام ئەبۇ جەپەر مۇھەممەد ئىبنى جەرىرى تەبەرىنىڭ «تەپسىرى تەبەرى» ناملىق تەپسىرى بىلەن، ئىمام ئىبنى كەسىرنىڭ «تەپسىرى قۇرئان ئەزىم» تەپسىرى پۈتۈن مۇسۇلمانلار نەزىرىدە ئەڭ ئىشەنچلىك ۋە ئەڭ مۆتىۋەر تەپسىرلەر دەپ قارالدى ۋە بۇ تەپسىرلەرنىڭ تۈرلۈك باسما نۇسخىلىرى ۋە ھەرخىل نەشرلىرى ئارقا ـ ئارقىدىن مەيدانغا كېلىپ، مۇسۇلمانلار ئاممىسى كەڭ پايدىلىنىپ كەلگەن بولسا، ئۇنىڭ تۈرلۈك يازما نۇسخىلىرى دۇنيادىكى داڭلىق كۇتۇپخانىلارنى زىننەتلەپ تۇرماقتا. شۇنداقلا، مەزكۇر ئىككى تەپسىر ئۈستىدە ئىسلام ئۆلىمالىرى ئۇنى ئىزاھلاش، ئىلاۋە يېزىش ۋە قىسقارتىپ ئىشلەپ چىقىش جەھەتلەردە كۆپ ئەجىر سىڭدۈردى (باشقا تەپسىرلەرمۇ بۇنىڭقىدىن مۇستەسنا ئەمەس، ئەلۋەتتە).

قۇرئان كەرىمنى تەرجىمە قىلىش ئىشى تەرجىماندىن ئەرەپ تىلى بىلەن تەرجىمە قىلىنماقچى بولغان تىلنى پىششىق بىلگەنلىكىنىڭ سىرتىدا، ئىلمى تەپسىر، ئىلمى ھەدىس، ئىلمى پىقھى، تارىخ ئىلمى، قۇرئان كەرىم نازىل بولغان ۋاقىتتىكى ئەرەب جەمئىيىتىنىڭ ئىجتىمائىي، ئىقتىسادىي ۋە سىياسىي ئەھۋالى، ئايەتلەرنىڭ نازىل بولۇش سەۋەبى قاتارلىق ئىلىملەردىن تولۇق خەۋەردار بولۇشنى تەلەپ قىلىدۇ. قۇرئان كەرىم ئەرەب تىلىنى بىلگەنلا ھەرقانداق بىر كىشى تەرجىمە قىلسا بولاۋېرىدىغان ھېكايە، چۆچەك ياكى ئاساتىر ئەمەس، ئۇ ئىلاھى كىتاب بولغان ئىكەن ئۇنى تەرجىمە قىلماقچى بولغان كىشى يۇقىرىقى شەرتلەرنى تولۇقلىغانلىقىنىڭ سىرتىدا، سەممىي ئىخلاسمەن، تەقۋادار مۇسۇلمان بولىشى، ھەرقانداق شان ـ شەرەپنى قوغلاشماسلىقى، رىياكارلىقتىن يىراق بولىشى، ماددى مەنپەئەتنى كۆزلىمەسلىكى لازىم. قۇرئان كەرىم ۋە باشقا ھەرقانداق كىتاب مۇشۇنداق سەممىيەت ۋە ئىخلاس بىلەن يېزىلغاندا ياكى تەرجىمە قىلىنغاندىلا ئاندىن ئوقۇغانلارنىڭ قەلبىگە تەسىر كۆرسىتەلەيدۇ ۋە ھۇزۇر بېغىشلىيالايدۇ.

**14** ئەسىردىن بۇيان ھەرزامان ۋە ھەر يەردە، مۇسۇلمان ۋە مۇسۇلمان بولمىغان يازغۇچىلار، ئالىملار، ئىسلاھاتچىلار ۋە تەتقىقاتچىلار قۇرئان كەرىمنى تەتقىق قىلىش جەھەتتە گويا بىر بىرلىرى بىلەن مۇسابىقىلىشىپ كەلمەكتە ۋە كېلىۋاتىدۇ. ھەركۈنى قۇرئان كەرىم ھەققىدە بىر كىتاب نەشر قىلىنىشى ھەيران قالىدىغان ئىش ئەمەس. چۈنكى قۇرئان كەرىم دۇنيانىڭ تۆت ئەتراپىغا چېچىلىپ كەتكەن ئوخشاش بولمىغان خەلقلەردىن تەركىب تاپقان

مۇسۇلمانلارنىڭ مۇقەددەس كىتابىدۇر.

قۇرئان كەرىم نازىل بولۇپ، بۇگۈنگىچە مۇسۇلمانلار ئۇنىڭ ئىلىم نۇرىدىن بەھرىمەن بولۇش، ئۇنى توغرا چۈشىنىپ ئۆز ھاياتىغا تەتبىقلاش جەھەتتە، قۇرئان كەرىمنى توغرا ئوقۇش ئىلمى ـــ فونىتىكا ئىلمى (تەجۋىد ئىلمى) دىن تەپسىر ئىلمىگە قەدەر تۆرلۈك ساھەلەردە ئەسىرلەردىن بىرى سانسىزلىغان ئىلمىي خىزمەتلەرنى قىلىپ كەلدى. بۇ جەھەتتە ئۆلىمالارنىڭ بەزىسى مەخسۇس فونىتىكا ساھەسىنى تەتقىق قىلسا، بەزىسى ئۇنىڭدىكى ئىلمىي مۆجىزىلەرنى تەتقىق قىلدى، بەزىسى ئايەتلەرنىڭ نازىل بولۇش سەۋەبى ھەققىدە كىتاب يازسا، يەنە بەزىسى پىقھى ۋە ئىبادەت مەسىلىسى، ياكى قۇرئاندىكى سىياسىي، ئىقتىسادىي ۋە باشقا مەسىلىلەرنى تەتقىق قىلىپ كېيىنكى مۇسۇلمانلارغا نۇرغۇنلىغان قىممەتلىك مىراسلارنى قالدۇرۇپ كەتتى.

قۇرئان كەرىم ساماۋى كىتابلاردىن ئەڭ ئاخىرقى كىتاب بولۇپ، سۈرە پاتىھە بىلەن باشلىنىپ، سۈرە ناس بىلەن ئاخىرلىشىپ، 114 سۈرە، 6236 ئايەتنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. ئاللاھ تەئالا ئۇنىڭ بىلەن يەريۈزىگە كىتاب نازىل قىلىشنى، ئۇنى ئۇمۇمى ۋە مەڭگۈ بولغان بىر دىن بىلەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا نازىل قىلىپ، ئۇنىڭ بىلەن ئىنسانلارغا پەيغەمبەر ئەۋەتىشنى توختاتقان. قۇرئان كەرىم ئاللاھ تەئالانىڭ سۆزى بولۇپ، ئىنسان سۆزى ئەمەستۇر، ئۇنىڭدا ھېچقانداق شەك يوق. قۇرئان كەرىم ئىنسانلارنى ئىسلاھ قىلىدىغان ئاللاھنىڭ دەستۇرىدۇر. ئۇ رەسۇلۇللاھنىڭ ھەققى ۋە راست پەيغەمبەر ئىكەنلىكىنى دەلىللەيدىغان ھۆججەتتۇر. ئۇ دىنىنىڭ ئاساسى بولۇپ، ئىسلام دىنى ئەقىدە، ئىبادەت، شەرىئەت بەلگىلىمىلىرى، ئەخلاق ئۆلچىمى، ۋەز ـ نەسىھەت، ئىلىم ـ مائارىپ ئىشلىرىدا ئۇنىڭغا ئاساسلىنىدۇ.

قۇرئان كەرىم ۋەھىي بولۇپ، ئۇنىڭ لەپزى ۋە مەنىسى ئاللاھنىڭ سۆزىدۇر، ئۇنى تىلاۋەت قىلىپ ئوقۇش (مەنىسىنى بىلمىسىمۇ)ئىبادەت بولىدۇ، يەنى قۇرئان ئوقۇغان كىشى ساۋاپقا نائىل بولىدۇ.

قۇرئان كەرىم ئاللاھنىڭ مۆجىزىسى بولۇپ، ئىنسان ۋە جىنلار ئۇنى تەقلىد قىلىشتىن ئاجىز ئالغان.

قۇرئان كەرىمنى تا قىيامەتكىچە ئۆزگىرىپ كەتمەستىن، ئۆز ئەينى ساقلاپ قېلىشقا ئاللاھ تەئالا ئۆزى كاپالەتلىك قىلغان. بۇ ھەقتە ئاللا تەئالا مۇنداق دەيدۇ:«قۇرئاننى ھەقىقەتەن بىز نازىل قىلدۇق ۋە چوقۇم ئۇنى قوغدايمىز»(ھىجر سۈرىسى 9 ـ ئايەت).

قۇرئان كەرىمنى تاھارەتسىز تۇتۇش جائىز بولمايدۇ، جۇنۇپ كىشىلەرنىڭ ۋە ھەيزدار ئاياللارنىڭ تىلاۋەت قىلىپ ئوقۇشى ھارام بولىدۇ.

نامازدا قۇرئان كەرىم ئوقۇش شەرت بولۇپ، ئۇنىڭسىز ناماز ناماز بولمايدۇ.

قۇرئان كەرىمگە ئىنكار قىلغۇچى (بىرەر ئايىتىگە بولسىمۇ)كاپىر بولىدۇ. ئەمەل قىلمىغۇچىلار ئاسىي بولىدۇ.

قۇرئان كەرىم «قۇرئان»دىن باشقا «فۇرقان»، «تەنزىل»، «كىتاب»، «زىكر»، «ۋەھيى»، «قەسەس»، «ئەرروھ»، «ئەل مەسانى» قاتارلىق ئىسىملار بىلەنمۇ ئاتىلىدۇ. «نۇر»، «ھۇدا» ( ھىدايەت)، «شىپا»، «رەھمەت»، «مەۋئىزە»، «مۇبىن»، «بۇشرا»، «ئەزىز»، «بەشىر»، «نەزىر»، «مەجىد» قاتارلىق ئىسىملار بىلەن سۈپەتلىنىدۇ.

قۇرئان كەرىم پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا مەككىدە، مىلادى611 ـ يىلى نازىل بولۇشقا باشلىغان، كېيىن مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام مىلادى 622ـ يىلى مەدىنىگە ھىجرەت قىلىپ كەلگەندىن كېيىن، مەدىنىدە نازىل بولۇپ، تەخمىنەن 22 ياكى 23 يىلدا، پارچە ـ پارچە نازىل بولغان. بۇ ھەقتە ئاللاھ تەئالا: «قۇرئاننى كىشىلەرگە دانە ـ دانە ئوقۇپ بېرىشىڭ ئۈچۈن ئۇنى بۆلۈپ ـ بۆلۈپ نازىل قىلدۇق. تەدرىجى نازىل قىلدۇق»، دەيدۇ (ئىسرا

سۈرىسى 106 ـ ئايەت). شۇنىڭ بىلەن مەككىدە نازىل بولغان سۈرىلەر مەككى سۈرىلەر، مەدىنىدە نازىل بولغان سۈرىلەر مەدىنى سۈرىلەر دەپ ئاتالدى.

قۇرئان كەرىمدە ئەقىدە ـ ئىمان مەسىلىسى، پەيغەمبەرلەرنىڭ قىسسىلىرى، قىيامەت ئەھۋالى، ئىسلامنىڭ قائىدە ـ پرىنسىپلىرى، ئەمەل ـ ئىبادەت مەسىلىلىرى، جىھاد قائىدىلىرى، دۆلەت تۈزۈمى، قانۇن، سىياسەت، ئىجتىمائىي مەسىلىلەر، مۇئامىلاتلار، تارىخىي ۋەقەلەر ۋە باشقا نۇرغۇن مەسىلىلەر تولۇق بايان قىلىنىدۇ.

قۇرئان كەرىم پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا بىرلا قېتىمدا نازىل بولغان ئەمەس ھەمدە بۈگۈنكى تەرتىپى بويىچىمۇ نازىل بولمىغان، مەسىلەن، تۇنجى قېتىم نازىل بولغان ئايەت قۇرئان كەرىمنىڭ 96 ـ سۈرىسىنىڭ «ياراتقان پەرۋەردىگارىڭنىڭ ئىسمى بىلەن ئوقۇغىن. ئۇ ئىنساننى لەختە قاندىن ياراتتى. ئوقۇغىن، پەرۋەردىگارىڭ ئەڭ كەرەملىكتۇر. ئۇ قەلەم بىلەن (خەت يېزىشنى) ئۆگەتتى. ئىنسانغا بىلمىگەن نەرسىلەرنى بىلدۈردى» دېگەن 1 ـ 5 ـ ئايىتى بولۇپ، ئەڭ كېيىن نازىل بولغان ئايەت «سىلەر شۇنداق بىر كۈندىن (يەنى قىيامەت كۈنىدىن) قورقۇڭلاركى، ئۇ كۈندە سىلەر ئاللاھنىڭ دەرگاھىغا قايتۇرۇلىسىلەر، ئاندىن ھەركىشى قىلغان (ياخشى ـ يامان) ئەمەلىنىڭ نەتىجىسىنى تولۇق كۆرىدۇ، ئۇلارغا زۇلۇم قىلىنمايدۇ». دېگەن بەقەرە سۈرىسىنىڭ 281 ـ ئايىتىدۇر. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا نازىل بولغان ھەربىر ئايەتنى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام تەكرار ئوقۇپ، ئارقىدىن ساھابىلەرگە ئوقۇپ بېرەتتى ۋە ۋەھيى يازغۇچى كاتىپلارغا ھەر نازىل بولغان ئايەتنى ئۆدۈللۇق يازدۇرۇپ تۇراتتى. ئۇ ۋاقىتتا قەغەز بولمىغاچ كاتىپلار قۇرئان ئايەتلىرىنى خورما دەرىخىنىڭ يوپۇرماقلىرى، تېرە، سۆڭەك، تاش قاتارلىق نەرسىلەرگە يازاتتى. قۇرئان كەرىمنى يازغۇچى ساھابىلەر، ئالدىنقى قاتاردىكى تەقۋادار ساھابىلەردىن زەيد ئىبنى سابىت، ئۇبەي ئىبنى كەئب، مۇئاز ئىبنى جەبەل، مۇئاۋىيە ئىبنى ئەبۇ سۇپيان ۋە 4 خەلىپە، يەنى ھەزرىتى ئەبۇ بەكرى، ھەزرىتى ئۆمەر، ھەزرىتى ئوسمان ۋە ھەزرىتى ئەلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇملار ئىدى. مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام جىبرىئىل ئەلەيھىسسالامنىڭ كۆرسەتمىسى بىلەن ھەر قېتىم نازىل بولغان ئايەتنى قايسى سۈرىنىڭ قانچىنچى ئايىتىگە يېزىشنى كۆرسىتىپ بېرەتتى. مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام پەيغەمبەرلىك ۋەزىپىسىنى تولۇق ئادا قىلىپ بولۇپ، ۋاپات بولغاندا قۇرئان كەرىم شۇنداق توپلانغان نۇسخا بىلەن قارى ساھابىلەرنىڭ دىللىرىدا ئىدى. تۇنجى خەلىپە ھەزرىتى ئەبۇبەكرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ زامانىغا كەلگەندە مۇرتەتلەر (ئىسلام دىنىدىن يېنىۋالغۇچىلار) بىلەن ساھابىلەر ئوتتۇرىسىدا يۈزبەرگەن «يەمامە»ئۇرۇشىدا بىر قېتىمدىلا قارى ساھابىلەردىن 70 ساھابە شەھىد بولغان. بۇ ۋاقىتتا ھەزرىتى ئۆمەر رەزھىيەللاھۇ ئەنھۇ قۇرئان كەرىمنى قايتا توپلاپ كىتاب ھالىغا كەلتۈرۈش ھەققىدە ھەزرىتى ئەبۇ بەكرىگە مەسلىھەت بەرگەن. ھەزرىتى ئەبۇبەكرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ بىرئاز تەرەددۇت قىلغان بولسىمۇ، ئاخىرى بۇ ۋەزىپىنى زەيد ئىبنى سابىتقا تاپشۇرغان. زەيد ئىبنى سابىت رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ يېزىلغان قۇرئان پارچىلىرىنى ۋە قارى ساھابىلەرنىڭ ئېغىزلىرىدىن تۈپلاپ، قايتا ـ قايتا سېلىشتۇرۇپ، تۇنجى قۇرئان كەرىم نۇسخىسىنى يېزىپ چىقىپ، خەلىپە ھەزرىتى ئەبۇ بەكرىگە تاپشۇرغان. بۇ نۇسخىنى ھەزرىتى ئەبۇبەكرى، ئۇنىڭدىن كېيىن ھەزرىتى ئۆمەر، ھەزرىتى ئۆمەر ۋاپات بولغاندىن كېيىن، ئۇنىڭ قىزى ۋە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئايالى ھەپسە رەزىيەللاھۇ ئەنھا ساقلىغان. زاماننىڭ ئۆتىشى ۋە ئىسلامنىڭ كېڭىيىشى بىلەن قۇرئان كەرىمنى ھەرخىل ئوقۇش ئۇسۇللىرى ۋە ئىختىلاپلار ئوتتۇرىغا چىققان. ھىجرى 25ـ يىلى 3ـ خەلىپە ھەزرىتى ئوسمان رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ زامانىغا كەلگەندە، ھەزرىتى ئوسمان بۇ ئىختىلاپنى تۈگىتىش ئۈچۈن، ھەپسە رەزىيەللاھۇ ئەنھانىڭ قولىدىكى قۇرئاننى ئېلىپ زەيد ئىبنى سابىت، ئابدۇللاھ ئىبنى زۇبەير، سەئىد ئىبنى ئاس، ئابدۇررەھمان ئىبنى ھارىس قاتارلىق ساھابىلەرگە قۇرئان كەرىمنى قايتا كۆزدىن كەچۈرۈپ، قۇرئان كەرىم نازىل بولغان قۇرەيش تىلىنى ئاساس قىلىپ، قايتا يېزىپ

چىقىشقا تاپشۇرغان. ئۇلار مەزكۇر نۇسخىغا ئاساسلىنىپ، قايتا ـ قايتا سېلىشتۇرۇپ، كۆپلىگەن ساھابىلەرنىڭ تەستىقىدىن ئۆتكەن قۇرئان كەرىم نۇسخىسىنى رەتلەپ چىققان. خەلىپە ئوسمان رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ بۇ نۇسخىنى يەتتە نۇسخا كۆچۈرتۈپ، مەككە، شام، يەمەن، بەھرەين، بەسرە، كۇپە قاتارلىق شەھەرلەرگە بىر نۇسخىدىن ئەۋەتىپ، ئۆزى بىر نۇسخا ساقلاپ قالغان ۋە قالغان بارلىق قۇرئان نۇسخىلىرى ۋە ئايەت پارچىلىرىنىڭ ھەممىنى كۆيدۈرۈۋېتىشكە ئەمر قىلغان. بۇنىڭ بىلەن قۇرئان كەرىمنى ھەرخىل ئوقۇش جەھەتتىكى ئىختىلاپنى تۈگىتىشنى كۆزدە تۇتقان ئىدى. بۈگۈن پۈتۈن دۇنيادىكى مۇسۇلمانلار قولىدىكى قۇرئان كەرىم نۇسخىسى زەيد ئىبنى سابىت رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ رەتلەپ چىققان ۋە «مۇسھەپى ئوسمانى» دەپ ئاتالغان مۇشۇ نۇسخىدۇر. زەيد ئىبنى سابىت رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ئالدىنقى قاتاردىكى قارى ساھابىلەردىن بولۇپ، قۇرئان كەرىمنىڭ كەم ـ زىيادە بولۇپ قالماسلىقىغا ئىنتايىن ئەھمىيەت بەرگەن. قۇرئان كەرىم **14** ئەسىردىن بېرى ھېچقانداق ئۆزگەرتىلمەستىن ئۆزئەينى ساقلىنىپ كەلمەكتە.

مەزكۇر يەتتە نۇسخا قۇرئان كەرىمنىڭ بىر نۇسخىسى ھازىر تاشكەنتتە، يەنە بىر نۇسخىسى مەدىنە مۇنەۋۋەرەدە ساقلانماقتا. بۇ ھەقتە ئاتاقلىق ئىسلام مۇتەپەككۇرى مۇسا جارۇللاھ ھەزرەتلىرى: «قۇرئان كەرىمنىڭ بۇ نۇسخىسى **1868** ـ يىلى سەمەرقەندىكى خوجا ئەھرار (ئۇبەيدۇللاھ ھەزرەت) مەدرەسەسىدىن پېتربسبۇرۇغ ئومۇمي كۇتۇپخانىسىغا ئېلىپ كېلىنگەن بولۇپ، ئىنقىلاب يىللىرىغىچە مۇشۇيەردە ئىدى. **1917** ـ يىلى بۈيۈك ئىنقىلابتىن كېيىن، رۇسىيە مۇسۇلمانلىرىنىڭ ئىجرائىيە كومىتتى ھۆكۈمەتنىڭ رۇخستى بىلەن، پېتربسبۇرۇغ كۇتۇپخانىسىدىن ئۇپا شەھىرىگە ئېلىپ كەلدى. بۇ نۇسخا بۇ كۇتۇپخانىدا ئالتە يىل ساقلاندى. كېيىن تۈركىستان مۇسۇلمانلىرىنىڭ قاتتىق تەلەپ قىلىشى بىلەن، بۇ بۈيۈك مۇسھەپ شەرىپ، رەسمىي بىر ھەيئەتنىڭ نازارىتى ئاستىدا، مەخسۇس ۋاگوندا ئۇپادىن تاشكەنت شەھىرىگە ئېلىپ كېلىندى ۋە رۇسىيە مۇسۇلمانلىرىنىڭ شەيخۇلئىسلامىنىڭ قولى بىلەن، **1923** ـ يىلى تۈركىستان مۇسۇلمانلىرىغا تاپشۇرۇلدى. بۈگۈن بۇ بۈيۈك مۇسھەپ تاشكەنتدە بېكلەر بېگى جامەئەسىدە ياسالغان مەخسۇس بىر ھۇجرىدا ساقلانماقتا»، دەيدۇ. بۇ نۇسخا ھازىر تاشكەنت دۆلەت كۇتۇپخانىسىدا بولسا كېرەك.

قۇرئان كەرىمنى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ھايات ۋاقتىدا ساھابىلەرگە ئىزاھلاپ چۈشەندۈرۈپ بېرەتتى.

زاماننىڭ ئۆتىشى بىلەن قۇرئان كەرىمنى ئىزاھلاپ چۈشەندۈرۈش ئېھتىياجى تۇغۇلدى، شۇنىڭ بىلەن ساھابىلەر قۇرئان كەرىمنى ئىزاھلاپ تەپسىر قىلىشقا باشلىدى. قۇرئان كەرىمنى ئەڭ كۆپ تەپسىر قىلغان ساھابىلەر، ھەزرىتى ئەبۇ بەكرى، ھەزرىتى ئۆمەر، ھەزرىتى ئوسمان ۋە ھەزرىتى ئەلى (قۇرئان كەرىمنى ھەزرىتى ئەبۇ بەكر ئەڭ ئاز تەپسىر قىلغان، ھەزرىتى ئەلى ئەڭ كۆپ تەپسىر قىلغان دېيىلىدۇ)، ئىبنى مەسئۇد، ئىبنى ئاباباس، زەيد ئىبنى سابىت، ئۇبەيي ئىبنى كەئب، ئەبۇ مۇسا ئەل ئەشئەرى ۋە ئابدۇللاھ ئىبنى زۇبەير رەزىيەللاھۇ ئەنھۇملار ئىدى. ئۇلاردىن كېيىن ساھابىلەردىن كېيىن كەلگەن تابىئىنلەر قۇرئان كەرىمنى تەپسىر قىلىشتى. تابىئىنلەردىن ئەڭ مەشھۇر مۇپەسسىرلەر:

1ـ ھىجرى **21** ـ يىلى مەككىدە تۇغۇلۇپ، **103** ـ يىلى ۋاپات بولغان مۇجاھىد ئىبنى جەبر بولۇپ، بۇ كىشى مۇپەسسىرلەرنىڭ پېشۋاسى دەپ ئاتىلىدۇ. **2** ـ ھىجرى **27** ـ يىلى دۇنياغا كېلىپ **114** ـ يىلى ئالەمدىن ئۆتكەن ئەتا ئىبنى ئەبى رىباھ بولۇپ، مەككە مۇپتىسى ۋە مەشھۇر پىقھشۇناس ئىدى. **3** ـ ئىكرەمە، بۇ كىشى ھىجرى **25** ـ يىلى تۇغۇلۇپ، **105** ـ يىلى ۋاپات بولغان، ئىبنى ئاباباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن ئىلىم تەھسىل قىلغان. **4** ـ تاۋۇس ئىبنى كەيسان بولۇپ، ھىجرى **33** ـ يىلى تۇغۇلۇپ، **106** ـ يىلى ئالەمدىن ئۆتكەن. **5** ـ سەئىد ئىبنى جۇبەير، ھىجرى **45** ـ يىل تۇغۇلۇپ، **94** ـ يىلى ۋاپات بولغان، بۇ كىشى ئەڭ مەشھۇر مۇپەسسىرلەردىن سانىلىدۇ. يۇقىرىقى

مۇپەسسىرلەر مەككە ئەھلىدىن بولۇپ، ئۇنىدىن باشقا مەدىنە، ئىراق ئەھلىدىنمۇ مۇھەممەد ئىبنى كەئىب ئەل قەرزى، ئەبۇ ئالىيە ئەل رىياھى، زەيد ئىبنى ئەسلەم، بەسرە ئىمامى دەپ مەشھۇر بولغان ھەسەنىل بەسرى، مەسرۇق ئىبنى ئەجدەئ، قەتادە ئىبنى دەئامە، ئەتائىل خۇراسانى، مۇررەتىل ھەمەدانى قاتارلىق مۇپەسسىرلەر ئەۋۋەلقى ئەسىرلەردىلا قۇرئان كەرىمنى تەپسىر قىلىپ ئالەمدىن ئۆتكەن. شۇنىڭ بىلەن تەپسىرشۇناسلىق ئىلمى شەكىللىنىپ، ئىلمى تەپسىر مەيدانغا كەلگەن ۋە ئارقا ـ ئارقىدىن تەپسىرلەر يېزىلىشقا باشلاپ، سۇپيان ئىبنى ئۇيەينە، ۋۇكەيئ ئىبنى جەراھ، شۇئبە ئىبنى ھەججاج، يەزىد ئىبنى ھارۇن قاتارلىقلارنىڭ تەپسىرلىرى، ئارقىدىنلار پۈتۈن مۇسۇلمانلار نەزەرىدە ئەڭ ئىشەنچلىك ۋە ئەڭ مەشھۇر تەپسىر ـــ تەپسىرى تەبەرى يېزىلىپ كېيىنكى مۇپەسسىرلەرنىڭ يېگانە مەنبەسىگە ئايلانغان. تەپسىر ئىلمىنىڭ تېز تەرەققى قىلىپ، ئارقا ـ ئارقىدىن تەپسىرلەرنىڭ يېزىلىشى بىلەن، قۇرئان كەرىمنى تەپسىر قىلىشتا مۇپەسسىرلەر (قۇرئان كەرىمنى ئىزاھلاپ چۈشەندۈرگۈچىلەر) نەچچە خىل يول تۇتقان.

تەپسىرلەر «تەپسىر» ياكى «تەئۋىل» دەپ ئاتالدى. تەپسىر دېمەك ئايەتنىڭ زاھىرى مەنىسىنى ئىزاھلاش دېگەن بولۇپ، «تەئۋىل» دېگەن ئايەتلەرنىڭ زاھىرى مەنىسىدىن باشقا مەنىلەردە كېلىش ئېھتىمالى بارلىقىنى ئىزاھلاپ چۈشەندۈرۈش دېمەكتۇر.

1 ـ قۇرئان كەرىمنى قۇرئان كەرىم بىلەن (چۈنكى بىر ئايەتتە قىسقا بايان قىلىنغان مەسىلە باشقا بىر ئايەتتە تەپسىلى، تولۇق بايان قىلىنىدۇ)، ھەدىس ۋە ساھابىلەرنىڭ رىۋايەتلىرىگە ئاساسلىنىپ ئىزاھلاش يولى بولۇپ، بۇ خىل تەپسىرلەر «تەپسىرى مەئسۇر» دەپ ئاتىلىپ، ئەڭ ئىشەنچلىك تەپسىر دەپ قارالدى.

2 ـ قۇرئان كەرىمنى ئۆزلىرىنىڭ ئەقلى كۈچى بىلەن (ئىجتىھاد يولى بىلەن) تەپسىر قىلىش ئۇسۇلى بولۇپ، بۇخىل تەپسىر قىلىش ئۇسۇلىنى بەزى ئۆلىمالار راۋا كۆرسە، بەزىلىرى جائىز كۆرمىدى. ئەينى زاماندا بۇ خىل ئۇسۇل بىلەن يېزىلغان تەپسىرلەرنىڭ بەزىسى توغرا يولغا ئېرىشكەن بولسا، بەزىسى يولدىن ئېزىپ كەتتى.

3 ـ قۇرئان كەرىمنى ئۆزىنىڭ زاھىرى مەنىسىدىن باشقا يوشۇرۇن مەنىسى بىلەن تەپسىر قىلىش ئۇسۇلى بولۇپ، بۇخىل تەپسىرلەر «تەپسىرى ئىشارى» دەپ ئاتالدى. قۇرئان كەرىمنى بۇخىل ئۇسۇل بىلەن تەپسىر قىلغۇچىلار تەسەۋۋۇپ ئەھلى بولۇپ، قۇرئان كەرىمنى بۇنداق تەپسىر قىلىش ھەممە كىشىنىڭ قولىدىن كەلمەيدۇ، بۇنى پەقەتلا ئاللاھ تەئالا كۆزىنى روشەن، قەلبىنى كەڭ قىلغان كىشىلەرلا بۇنىڭ ھوددىسىدىن چىقالايدۇ، دېيىشتى. ئەمما قۇرئان كەرىمنى بۇنداق تەپسىر قىلىش ئۇسۇلىنى بىر بۆلۈك ئالىملار مۇتلەق جائىز كۆرمىدى. ئەمما بەزى ئۆلىمالار قۇرئان كەرىمنىڭ روھىغا ئۇيغۇن بولسا، ھەدىسلەرنىڭ مەزمۇنىغا مۇخالىپ بولمىسا بولىدۇ، دەپ قاراشتى. دېگەندەك مۇنداق تەپسىرلەرنىڭ بەزىسى قۇرئاننىڭ ئەسلى مەقسىتىگە ئۇيغۇن بولسا، بەزىسى ئۇنىڭدىن چەتنەپ كەتتى.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام، ساھابىلەر ۋە تابىئىنلەر زامانىدىكى تەپسىرچىلىك ئاغزاكى تەپسىرچىلىك بولۇپ، ئەڭ ئەۋۋەل قايسى تەپسىرنىڭ يېزىلغانلىقى ئېنىق مەلۇم بولمىسىمۇ، ئەڭ قەدىمكى تەپسىرلەرنىڭ ئەڭ مەشھۇرلىرىدىن بىرقانچىنى تونۇشتۇرۇپ ئۆتىمەن.

**بىرىنچى:مەسۇر تەپسىرلەر:**

1 ـ تەپسىر تەبەرى، تولۇق ئىسمى جامىئۇل بايان فىي تەپسىرىل قۇرئان.

مۇئەللىپى ئەبۇ جەپەر مۇھەممەد ئىبنى جەرىر ئەتتەبەرى بولۇپ، ھىجرى 224 ـ يىلى تەبرىستاندا دۇنياغا كېلىپ، 310 ـ يىلى بەغداتتا ۋاپات بولغان.

تەپسىرى تەبەرى زامانىمىزغا قەدەر يېتىپ كەلگەن تەپسىرلەرنىڭ ئىچىدە ئەڭ قەدىمكى، ئەڭ ئىشەنچلىك ۋە ئەڭ مەشھۇر تەپسىر بولۇپ، تۆرلۈك باسما نۇسخىلىرى ۋە قىسقارتىلمىلىرى مەۋجۇتتۇر.

بۇ تەپسىرنىڭ ئالاھىدىلىكى، تەپسىرنى يېزىشتا ھەدىس ۋە ساھابىلەرنىڭ راۋايەتلىرىگە ئاساسلانغانلىقى، رىۋايەتلەرنىڭ ئىشەنچلىك ياكى ئىشەنچلىك ئەمەسلىكىنى زىكىر قىلىپ ئۆتكەنلىكى، ئايەتلەردىن پىقھى ھۆكۈملەرنى ئىجتىھاد قىلغانلىقى قاتارلىق جەھەتلەردە ئىپادىلىنىدۇ.

2 ـ تەپسىرى سەمەرقەندى (ئەسلى ئىسمى بەھرىل ئۇلۇم)

مۇئەللىپى نەسر ئىبنى مۇھەممەد سەمەرقەندى بولۇپ، ھىجرى 373 ـ يىلى ۋاپات بولغان.

3 ـ تەپسىرى بەغەۋى

مۇئەللىپى ھىجرى 510 ـ يىلى ۋاپات بولغان ھۈسەين ئىبنى مەسئۇد ئەل پەررا ئەل بەغەۋى.

4 ـ ئەددۇررۇل مەنسۇر

مۇئەللىپى ئىمام جالالىددىن سۇيۇتى بولۇپ، ھىجرى 849 ـ يىلى دۇنياغا كېلىپ، 911 ـ يىلى ئالەمدىن ئۆتكەن.

بۇ تەپسىرلەرنىڭ ھەممىسى تەپسىرى مەسۇر ئۇسۇلىدا يېزىلغان تەپسىرلەر بولۇپ، ئالاھىدىلىكى قىسمەن ئوخشاشماسلىق بولسىمۇ تەپسىرى تەبەرىگە ئوخشاپ كېتىدۇ.

ئىككىنچى:ئىجتىھادى تەپسىرلەر:

1 ـ مەپاتىھۇل غەيب (تەپسىرى كەبىر دەپ مەشھۇر بولغان، تەپسىرى رازى دەپمۇ ئاتىلىدۇ)

مۇئەللىپى مۇھەممەد ئىبنى ئۆمەر ئەل رازى (ھىجرى 606 ـ يىلى ۋاپات بولغان) بۇ تەپسىر پەلسەپەچىلەر ۋە ھۆكۈمالار ئۇسۇلىدا يېزىلغان بولۇپ، مۆتەزىلە ۋە ئازغۇن پىرقىلەرگە كەسكىن دەلىل، ئېنىق ھۆججەتلەر بىلەن رەددىيە بېرىدۇ. بۇ تەپسىر تەبىئەت ئىلمى ۋە كالام ئىلمى ساھەسىدە ئەڭ تەپسىلى مەلۇمات بەرگەن تەپسىر سانىلىدۇ. ئەمما بۇ تەپسىرنى بىربۆلۈك ئۆلىمالار كالام ۋە پەلسەپە بىلەن توشقۇزۇۋاتقان،«بۇنىڭدا ھەممە ئىلىم بار، پەقەت تەپسىر ئىلمى يوق»، دەپ ئەيىبلاشتى.

2 ـ ئەنۋارۇتتەنزىل (تەپسىرى بەيداۋى دەپ مەشھۇر بولغان)

مۇئەللىپى ھىجرى 685 ـ يىلى ۋاپات بولغان ئابدۇللاھ ئەل بەيداۋى بولۇپ، بۇ تەپسىر رىۋايەت ۋە ئىجتىھاد ئۇسۇلى بىلەن ئەھلى سۈننەت مەزھىبىنىڭ دەلىلىنى ئىسپاتلايدۇ. بۇ تەپسىرنىڭ «شەيخ زادە»، «قۇنەۋى»، «خەپپاجى» قاتارلىق شەرھ ۋە ھاشىيىلىرى مەۋجۇتتۇر.

3 ـ رۇھۇل مەئانى فىي تەپسىرىل قۇرئانىل ئەزىم ۋەسسەبئۇل مەسانى (تەپسىرى ئالۇسى دەپمۇ ئاتىلىدۇ)

مۇئەللىپى بەغداد مۇپتىسى شىھابىددىن مەھمۇد ئالۇسى بولۇپ، ھىجرى 1270 ـ يىلى ۋاپات بولغان.

بۇ تەپسىرمۇ رىۋايەت ۋە ئىجتىھاد ئۇسۇلى بىلەن يېزىلغان تەپسىر بولۇپ، ئىشارى تەپسىر ئۇسۇلىنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

ئۈچىنچى:ئىشارى تەپسىرلەر، يەنى تەسەۋۋۇپ ئەھلىنىڭ تەپسىرى:

1 ـ ھىجرى 200 ـ يىلى تۇستەردە تۇغۇلۇپ، 283 ـ يىلى ۋاپات بولغان مەشھۇر سوپى سەھل ئىبنى ئابدۇللاھ تۇستەرىنىڭ «تەپسىرى قۇرئان ئەزىم» ناملىق تەپسىرى.

2 ـ ھىجرى 330 ـ يىلى دۇنياغا كېلىپ، 412 ـ يىلى ئالەمدىن ئۆتكەن مەشھۇر مۇتەسەۋۋىپ مۇھەممەد ئىبنى ھۈسەين ئەل سۇلەمىنىڭ «ھەقائىقۇتتەپسىر» ناملىق تەپسىرى.

3 ـ ئەل پەۋاتىھۇل ئىلاھىيە ۋەل مەپاتىھۇل غەيبىيە، مۇئەللىپى ئەل مەۋلەۋى ئەششەيخ نىمەتۇللاھ ئىبنى مەھمۇد نەخجىۋانى بولۇپ، بۈيۈك 2 جىلد ھالىدا ئىستانبۇلدا نەشر قىلىنغان.

4 ـ مىلادى 1165 ـ يىلى (ھجرى 560 ـ يىلى) ئەندەلوسيە (ئىسپانىيە)نىڭ مۇرسىيە شەھرىدە دۇنياغا كېلىپ، مىلادى 1240 ـ يىلى (ھجرى 638 ـ يىلى)ئالەمدىن ئۆتكەن، مۇسۇلمان دۇنياسىدا شەيخۇل ئەكبەر دەپ مەشھۇر بولغان ئەبۇ بەكر مۇھىيددىن ئىبنى ئەل ئەرەبىنىڭ «تەپسىرى ئىبنى ئەرەبى» ناملىق تەپرى.

تەسەۋۋۇپ ئەھلىنىڭ بۇنىڭدىن باشقىمۇ نۇرغۇن تەپسىرلىرى بولۇپ، بۇ تەپسىرلەر ھەققىدە ئىسلام ئالىملىرى ئوتتۇرىسىدا نۇرغۇنلىغان تالاش ـ تارتىش ۋە بەس ـ مۇنازىرە بولۇپ كەلدى. بولۇپمۇ، ئىبنى ئەرەبىنىڭ تەپسىرى ۋە باشقا كىتابلىرى ئۈستىدە ئىنتايىن كۆپ مۇنازىرە يۈرگۈزۈلگەن بولۇپ، بۇ ھەقتە بەزى ئۆلىمالار ئىبنى ئەرەبىنى تەنقىد قىلىپ، كاپىر ۋە زىندىقلىقتا ھۆكۈم قىلسا، يەنە بىر بۆلۈك كىشلەر يەنى ئىبنى ئەرەبىنىڭ تەرەپتارلىرى ئىبنى ئەرەبىنى ماختاپ ئاسمانغا كۆتۈرۈشتى.

بۇنىڭدىن باشقا ئىسلام دۇنياسىدا، خاۋارىج، شىئە، (شىئە مەزھەبى ئىمامىيە، ئىسمائىلىيە ۋە زەيدىيە پىرقىلىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.) مۇتەزىلە، بابىيە، باھائىيە قاتارلىق پىرقە ۋە مەزھەبلەرنىڭمۇ ئۆز ئالدىغا ئاساسلىنىدىغان نۇرغۇن تەپسىرلىرى بولۇپ، بۇنداق تەپسىرلەر ئەھلى سۈننە مۇسۇلمانلىرى نەزىرىدە ئېتىبارسىز قارالدى.

فارابى، ئىخۋانۇسسافا، ئىبنى سىناغا ئوخشاش پەيلاسوپلارنىڭمۇ تەپسىرلىرى بولۇپ، بۇلار ئايەتلەرنى باشقىچە تەۋىل قىلغاچقا، بۇلارمۇ يەنىلا ئەھلى ئىسلام نەزەرىدە مەقبۇل بولمىدى.

بۇنىڭدىن باشقا ئەھلى سۈننەت مەزھىبىگە تەۋە بولغان بىر بۆلۈك ئالىملار قۇرئان كەرىمنىڭ ھەممىسىنى ئەمەس، پەقەتلا پىقھى مەسىلىلەرگە ئالاقىدار ئايەتلەرنى تاللاپ تەپسىر قىلغان بولۇپ، ئۇلارنىڭ ئەڭ مەشھۇرلىرى مۇنۇلاردۇر.

1 ـ «ئەھكامۇل قۇرئان» مۇئەللىپى ئەبۇ بەكر ئىبنى ئەلى ئەررازى (جەسساس دەپ مەشھۇر بولغان) بولۇپ، ھجرى 305 ـ يىلى تۇغۇلۇپ، 370 ـ يىلى ۋاپات بولغان. بۇنىڭدا پىقھى مەسىلىلەرگە مۇناسىۋەتلىك ئايەتلەر، قۇرئان تەرتىبى بويىچە بابلارغا بۆلۈپ تەپسىر قىلىنىدۇ. بۇ تەپسىرنىڭ مۇئەللىپى ھەنەپى مەزھىبىگە مەنسۇپ بولغىنى ئۈچۈن، ھەنەپى مەزھىبىگە ئاساسلىنىدۇ ۋە ئۇنى كۈچلەندۈرىدۇ. بۇ تەپسىر 3 جىلد ھالىدا نەشر قىلىنغان بولۇپ، كەڭ تارقالغان.

2 ـ «ئەھكامۇل قۇرئان» مۇئەللىپى ھجرى 545 ـ يىلى ۋاپات بولۇپ، ئىبنى ئەرەبى دەپ مەشھۇر بولغان ئەبۇ بەكر مۇھەممەد ئىبنى ئابدۇللاھ ئىبنى ئەھمەد. بۇمۇ پىقھى مەسىلىلەرگە ئائىت ئايەتلەرنىڭ تەپسىرى بولۇپ، مالىكى نەزھىبىگە ئاساسلىنىدۇ ۋە ئۇنى كۈچلەدۈرىدۇ. بۇمۇ كەڭ تارقالغان تەپسىر بولۇپ، ھەرخىل نەشرلىرى مەجۇتتۇر.

يۇقىرىقىدىن باشقا زامانىمىزدىكى ئالىملاردىن مۇھەممەد ئەلى سايىس، مۇھەممەد ئەلى سابۇنى، مەننا خەلىل ئەل قەتتان قاتارلىق ئالىملارنىڭ پىقھى مەسىلىلەر ھەققىدىكى ئايەتلەرنى تەپسىر قىلغان تەپسىرلىرى بولۇپ، بۇ تەپسىرلەرنىڭ ئالاھىدىلىكى، ئايەتلەرنى تەپسىر قىلىشتا بىر مەزھەبنى ئاساس قىلماي، ئايەتلەرنىڭ لۇغەت مەنىسىگە، نازىل بولۇش سەۋەبلىرىگە، ھەدىسلەرگە ۋە بارلىق مەزھەپلەرنىڭ كۆز قاراش، پىكىر ئېقىملىرىغا ئاساسلىنىدۇ.

19 ـ ئەسىرنىڭ ئاخىرلىرىدىن باشلاپ تەپسىر ئىلمى يېڭى ئۇسۇل بىلەن تەرەققى قىلدى. قەدىمكى مۇپەسسىرلەر قۇرئام كەرىمنى تەپسىر قىلىشتا رىۋايەتلەرگە، ئەرەپ تىلىنىڭ گىرامماتىك قائىدىلىرىگە، سۆز ـ جۈملىلەرنىڭ مەنىسىگە ۋە پىقھى ھۆكۈملەرگە كۆپرەك ئەھمىيەت بېرىپ كەلگەن بولسا، زامانىمىزدىكى تەپسىرلەر قۇرئان كەرىمنى مۇسۇلمانلارنىڭ ھاياتىغا تەتبىقلاش، زامانغا ماسلاشتۇرۇپ، يېڭى مەسىلىلەرگە جاۋاب ئىزدەشكە قاراپ ماڭدى. 100 يىلنىڭ مابەينىدە ئىسلام دۇنياسىدا ساناپ تۈگەتكۈسىز تەپسىرلەر يېزىلىپ نەشر قىلىندى ۋە كەڭ تارقالدى.

بۇ تەپسىرلەردىن ئىسلام دۇنياسىدا داڭق چىقارغان ئەڭ مەشھۇرلىرى، مىسىر مۇپتىسى مۇھەممەد ئابدۇھنىڭ

شاگىردى رەشىد رىزانىڭ «ئەل مەنار تەپسىرى»، سەيىد قۇتۇپنىڭ «فىي زىلالىل قۇرئان» تەپسىرى، تەنتاۋى جەۋھەرىنىڭ «تەپسىرى جاۋاھىر» ناملىق تەپسىر ۋە ئىمام ئەبۇل ئەئلا مەۋدۇدىنىڭ «تەپھىمۇل قۇرئان» تەپسىرى قاتارلىق تەپسىرلىرىدۇر.

1 ـ «تەپسىرى قۇرئان ھەكىم» (تەپسىرىل مەنار دەپ مەشھۇر بولغان) تەپسىرى بولۇپ، بۇ تەپسىرنى شەرق ئىسلاھاتچىسى ۋە ئىسلام مۇتەپەككۇرى جامالىددىن ئافغانىنىڭ شاگىرتى مۇھەممەد ئابدۇھ ئەزھەر ئالى بىلىم يۇرتىدا ئوقۇغۇچىلىرىغا سۆزلەپ بەرگەن تەپسىر دەرسى ئاساسىدا مۇھەممەد ئابدۇھنىڭ يېنىدىن پەقەت ئايرىلمايدىغان ئالدىنقى قاتاردىكى ئوقۇغۇچىسى ۋە مۇھەممەد ئابدۇھنىڭ ئىلمىي ۋارىسى شەيخ مۇھەممەد رەشىد رىزا ئۇستازىنىڭ تەپسىر دەرسى ۋە ئۇسۇلىغا ئاساسلىنىپ يېزىپ چىققان، بۇتەپسىر سۈرە پاتىھەدىن سۈرە يۇسۇپنىڭ 101 ـ ئايىتىگىچە تەپسىر قىلىنغان بولۇپ، بۇتەپسىرنى تاماملاشقا مۇئەللىپنىڭ ئۆمرى يېتىشمىگەن. بۇ تەپسىر چوڭ ھەجىملىك 12 جىلد ھالىدا تەكرار ـ تەكرار نەشر قىلىنىپ كەڭ تارقالغان بولسىمۇ، دۇنيادا پەقەت تەنقىدگە ئۇچرىمىغان بىرمۇ تەپسىر بولمىغىنىدەك، بۇمۇ بىر بۆلۈك ئۆلىمالار تەرىپىدىن تەنقىد قىلىنغان.

2ـ مىسىرلىق، مۇسۇلمان قېرىنداشلار تەشكىلاتىنىڭ ئەزاسى، ئىسلام مۇتەپەككۇرى، دىنى ۋە ئەقىدىسىنى قوغداپ، ئاللاھ يولىدا ئىسسىق قېنىنى تەقدىم قىلىپ، شەھىدلىق ماقامىغا نائىل بولغان سەيىد قۇتۇبنىڭ كۆپ قىسمىنى زىنداندا يازغان «فىي زىلالىل قۇرئان» تەپسىرىدۇر.

سەييد قۇتۇپ 1906 ـ يىلى 10 ـ ئاينىڭ 9 ـ كۈنى دۇنياغا كەلگەن. 1933 ـ يىلى قاھىرە ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ دارىلئۇلۇم پاكولتېتىنى تاماملىغان.

1948 ـ يىلى مىسىر مائارىپ مىنىستىرلىكى تەرىپىدىن ئامېرىكىغا ئەۋەتىلىپ، ئامېرىكىدا ئىككى يىل تۇرغان...

1954 ـ يىلى قولغا ئېلىنىپ، 10 يىل تۈرمىدا ياتقان.

1965 ـ يىلى قايتا قولغا ئېلىنىپ، 1966 ـ يىلى 8 ـ ئاينىڭ 29 ـ كۈنى ئابدۇل ناسىر ھاكىمىيتى ئاستىدىكى مىسىر ھۆكۈمىتى تەرىپىدىن شەھىد قىلىنغان.

بۇ تەپسىرنىڭ ھەرخىل باسمىلىرى ۋە نۇرغۇن تىللارغا قىلىنغان تەرجىملىرى مەۋجۇتتۇر. 1986 ـ يىلى قاھىرىدە ھەر يىلى ئۆتكۈزۈلىدىغان خەلقئارالىق كىتاب يەرمەنكىسىدە بۇكىتابنى سېتىۋالغۇچىلارنىڭ نۆۋەت كۈتۈپ ئۆچرەتتە تۇرغانلىقىنى كۆرگەن ۋە لىۋاندا زىيان تارتىپ سەرمايىسىدىن ئايرىلىپ قالغان كىتاب سودىگەرلىرىگە، «فىي زىلالىل قۇرئان» تەپسىرىنى باستۇرۇپ ساتساڭ تارتقان زىيىنىڭنى تىرىلدۈرىۋالىسەن، دەيدىغان سۆزنىڭ ماقال ـ تەمسىلگە ئايلانغانلىقىنى ئاڭلىغان كىشى، گەرچە بۇ تەپسىرنى كۆرمىگەن بولسىمۇ بۇنىڭ ھەققەتەن تەڭداشسىز تەپسىر ئىكەنلىكىدىن گۇمان قىلمىسا كېرەك. ئىسلام دۇنياسىدا، ھەتتاكى غەرب ئەللىرىدىمۇ سەيىد قۇتۇپ ۋە ئۇنىڭ تەپسىرى ھەققىدە نۇرغۇن كىشىلەرنىڭ ماگىستىرلىق ۋە دوكتۇرلۇق دىسسېرتاتسىيە ياقلاپ كىتاب يازغانلىقىمۇ ئۇقىرىقى پىكرىمىزنى دەلىللەيدۇ. ئەپسۇسكى بۇ تەپسىرمۇ بەزى دۆلەتلەرنىڭ سىياسىي مەنپەئەتى ئۈچۈن خىزمەت قىلىدىغان، ياكى بۇرنىنىڭ ئۇچىنىلا كۆرىدىغان ئىنتايىن مۇتەئەسسىپ كىشىلەرنىڭ تەنقىدىدىن خالىي بولالمىغان.

3 ـ «ئەل جەۋاھىر فىي تەپسىرىل قۇرئان» مۇئەللىپى تەنتاۋى جەۋھەرى بولۇپ، ئەينى زاماندا قاھىرە دارۇل ئۇلۇم پاكولتېتىنىڭ ئۇستازى ئىدى. بۇ تەپسىرنىڭ ئۇسلۇبى بۇرۇنقى مۇپەسسىرلەرنىڭ تەبىئەت ئىلمىگە ئەھمىيەت بەرمەستىن پىقھى مەسىلىلەرگە كىرىپ كەتكەن دەپ تەنقىد قىلىپ، بۇ تەپسىرنى تەبىئەت ئىلمى ۋە مەخلۇقاتلارنىڭ يارىتىلىشىدىكى ئاجايىپ سىرلارنى كەشپ قىلماقچى بولۇپ، مۇئەللىپ، «بۇتەپسىر ئىلىملەرنىڭ خۇلاسىسى، بۇنى بىلىش مىراس ئىلمىنى ئۆگىنىشتىن ئەۋزەل، بۇ زامان ئىنقىلاپ زامانى» دەپ يازغان. ئەمما كۆپلىگەن ئالىملار بۇ

تەپسىرنى دەرسلىك كىتابلارغا ئوخشاش ئۈسلۇبلۇقكىلەرنىڭ، ھايۋانلارنىڭ رەسىملىرى بىلەن تولۇقلىغۇچتەكەن، ئايەتلەرنى تەپسىر قىلىشتا ئەسلى مەقسەتتىن چەتنەپ كەتكەن، ئايەتلەرنى ئەپلاتون نەزەرىيىسى، ئىخۋانۇسسافا پەلسەپىسى بىلەن بىرلەشتۈرۈپ ئىزاھلىغان دەپ، خۇددى «مەپاتىھۇل غەيب» تەپسىرنى ئەيىبلىگەندەك، «بۇ تەپسىردە ھەممە ئىلىم بار پەقەتلا تەپسىر ئىلمى يوق» دەپ تەنقىد قىلىشقان. شۇنىڭ بىلەن ئەينى زاماندا بۇ تەپسىرنىڭ سەئۇدى ئەرەبىستانغا كىرىشى چەكلەنگەن.

4 ـ «تەپھىمۇل قۇرئان» بۇ ئىمام ئەبۇل ئەئلا مەۋدۇدىنىڭ ئۇردۇ تىلىدا يازغان تەپسىرى بولۇپ، 6 جىلد ھالىدا پاكىستان، ھىندىستانلاردا قايتا ـ قايتا نەشر قىلىنىپ كەڭ تارقالغان. ئىنگلىزچە، تۈركچە ۋە باشقا تىللارغا تەرجىمە قىلىنغان. مەۋدۇدى بۇ تەپسىرنى 1942 ـ يىلى يېزىشقا باشلاپ، 1972 ـ يىلى يېزىپ تاماملىغان. بۇ 30 يىل جەريان ئىچىدە مەۋدۇدى دۇچ كەلگەن مەسىلىلەرنى تەھلىل قىلىپ، تەپسىرنى پىششىقلاپ ماڭغان. مەۋدۇدى بۇ تەپسىرىدە «ئىسلام دىن ۋە دۆلەتتۇر، ئىسلام ھاكىمىيىتى تىكلەنمەستىن، ئىسلامغا تولۇق ئەمەل قىلغىلى بولمايدۇ، ئىسلام مۇكەممەل بىر دىن بولۇپ، ھاياتنىڭ شەخسى ۋە ئىجتىمائى تەرەپلىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ» دېگەن نەزەرىيەنى ئوتتۇرىغا قويۇپ، غەرب پىكىر ئېقىمىنىڭ، دىنسىزلىق پەلسەپىسىنىڭ ئىسلام دۇنياسىغا ئېقىپ كىرىشىگە شىددەت بىلەن قارشى تۇرغان.

ئۇ ھازىرقى دەۋرىدە ئىسلام دەۋىتىنى قانداق ئېلىپ بېرىش، قايسى ئۇسۇلدا ئېلىپ بېرىش قاتارلىق بىر يۈرۈش ئۇسۇل ـ چارىلەرنى كۆرسىتىپ بەرگەن.

مەۋدۇدى 1903 ـ يىلى ھىندىستاندا دۇنياغا كەلگەن. مەۋدۇدى پەقەت تەپسىر ساھەسىدىلا ئەمەس، ژۇرنالىستلىق ۋە ئىسلام ئىلىملىرىنىڭ ھەر قايسى ساھەسىدە كىتاب يېزىپ داڭق چىقارغان، يازغان كىتابلىرى ئەرەپ ۋە ئىسلام دۇنياسىدا ھەرخىل تىللارغا تەرجىمە قىلىنىپ كەڭ تارقالغان. ئىسلام مۇتەپەككۇرى ئەبۇلئەئلا مەۋدۇدى 1979 ـ 9 ـ ئاينىڭ 20 ـ كۈنى 76 يېشىدا ئالەمدىن ئۆتكەن.

20 ـ ئەسىردە تەپسىرشۇناسلىق ئىلمىنىڭ ئۈچقاندەك تەرەققى قىلىشى، نۇرغۇنلىغان تەپسىرلەرنىڭ يېزىلىپ نەشر قىلىنىشى بىلەن، ئىلاھى كىتاب ــ قۇرئان كەرىمنى باشقىچە، يۇقىرىقى تەپسىرلەرگە ئوخشىمايدىغان بىرخىل تەپسىر قىلىش ئۇسۇلى ــ 4 ـ خىل ئۇسۇل ئوتتۇرىغا چىققان.

بۇ خىل تەپسىرلەرنىڭ بىرى ئەبۇ زەيد دەمەنھۇرى دېگەن كىشى تەرىپىدىن يېزىلغان ۋە «ئەل ھىدايەتى ۋەل ئىرفان فىي تەپسىرىل قۇرئان بىل قۇرئان» (يەنى قۇرئاننى قۇرئان بىلەن تەپسىر قىلىشتا ھىدايەت ۋە ئىرپان) دەپ نام قويۇلغان. بۇ تەپسىردە ئوتتۇرىغا قويۇلغان نەزەرىيە ۋە كۆز قاراشلار قۇرئان كەرىمنىڭ ئەسلى روھىغا، ھەدىس شەرىپلەرنىڭ مەزمۇنىغا، پۈتۈن مۇپەسسىرلەرنىڭ تەپسىر قىلىش قائىدىسىگە تامامەن خىلاپ بولۇپ، بۇ تەپسىردە، پۈتۈن تەپسىر كىتابلىرى ۋە مۇپەسسىرلەر تەنقىد قىلىنغان، پۈتۈن پەيغەمبەرلەرنىڭ مۆجىزىلىرى ئىنكار قىلىنغان، مەلائىكە، جىن، شەيتانلار ئىنكار قىلىنغان، شەرىئەت ھۆكۈملىرى ئاياق ئاستى قىلىنغان بولۇپ، بىر قېتىم ياكى بىرقانچە قېتىم ئوغرىلىق قىلغان كىشىنىڭ قولى كېسىلمەيدۇ، زىنا قىلغۇچىلار چالما كىسەك قىلىپ ئۆلتۈرۈلمەيدۇ، ئۆسۈم نەچچە ھەسسە بولمىسا ئۆسۈم ھېسابلانمايدۇ، ئائىلە مۇناسىۋىتى بوزۇلمىغۇچە تالاق تالاق بولمايدۇ، دېيىلگەن ۋە باشقا نۇرغۇن مەسىلىلەر ئاستىن ـ ئۈستۈن قىلىۋېتىلگەن. بۇ تەپسىر نەشر قىلىنىپ تارقىتىلغاندىن كېيىن، مىسىر ئۆلىمالىرى تەكشۈرۈپ، تەتقىق قىلىپ، بۇ تەپسىرنى «تەپسىرى ئىلھادى» يەنى دىنسىزلىق تەپسىرى دەپ ھۆكۈم قىلىپ، ئەزھەردىن مەخسۇس پەرمان چىقىرىپ بارلىق نۇسخىلىرىنى يىغىۋېلىپ مۇسادىرە قىلغان، باشقىلارنىڭ ئوقۇشى چەكلىنىپ، كىشىلەرنىڭ كۆزىدىن يوق قىلغان.

تۆۋەندە زامانىمىزدا يېزىلغان تەپسىرلەردىن ئۆز كۆزۈم بىلەن كۆرگەن ياكى ئاڭلىغانلىرىمنىڭ ئىسىملىرىنى كۆرستىپ ئۆتىمەن.

1 ـ تەپسىرىل مۇنىر(ئەل ئەقىدە ۋەششەرىئە ۋەلمەنهەج)، مۇئەللىپى سۈرىيەلىك مەشهۇر ئالىم دوكتۇر ۋەهبە ئەززۇهەيلى بولۇپ، **16** جىلد هالىدا **1991** ـ يىلى بەيرۇتتا بىرىنچى قېتىم نەشر قىلىنغان.

2 ـ ئەتتەپسىرۇل ۋەجىز، مۇئەللىپى يۇقىرىقى تەپسىرنىڭ مۇئەللىپى دوكتۇر ۋەهبە زۇهەيلى بولۇپ، بۇ قۇرئان كېرىمنىڭ هاشىيىسىگە بېرىلگەن قىسقا تەپسىر بولۇپ، **1997** ـ يىلى سۈرىيەدە بىر جىلد هالىدا نەشر قىلىنغان.

3 ـ تەپسىرى پەتهۇررەهمان مۇلەخخەس مىن تەپاسىرىل قۇرئان، مۇئەللىپى ۋەتىنىمىزنىڭ يەركەن شەهىرىدىن قارى مۇهەممەد نىياز قارى دېگەن كىشى بولۇپ، ئۇزۇن مۇددەت مەدىنە مۇنەۋۋەرەدە ياشىغان ۋە تەپسىرىنى هىجرى **1415** ـ يىلى مەدىنىدە يېزىپ تاماملىغان. بۇ تەپسىر مەدىنىدە **2000** ـ يىلى **2** جىلد هالىدا نەشر قىلىنغان. بۇ بىر ئۇيغۇر ئالىمىنىڭ ئەرەب تىلىدا يازغان ۋە ئەرەب دۇنياسىدا نەشر قىلىنغان تەپسىردۇر.

4 ـ تەيسىرۇل كەرىمۇررەهمان فىي تەپسىرى كەلامىل مەننان،

5 ـ ئەتتەپسىرۇل ۋازىه ـ مۇئەللىپى مىسىرلىق مەشهۇر ئالىملاردىن دوكتۇر مۇهەممەد مەهمۇد هىجازى دېگەن كىشى بولۇپ، بۇ تەپسىر **3** جىلدى هالىدا مىسىر ۋە لىۋانلاردا قايتا ـ قايتا نەشر قىلىنىپ كەڭ تارقالغان.

ئەزىز قېرىنداشلار! يىقىندىن بۇيان بەزى تەپسىرلەرنىڭ نەشر قىلىنىش ۋە تارقىتىلىش مۇناسىۋتى بىلەن، ئازراق پايدىسى تىگىپ قالار، دېگەن مەقسەتتە تەپسىر ۋە تەپسىر شۇناسلىق هەققىدە قىسقىچە توختىلىپ ئۆتتۇم.

# قۇرئان ۋە ھەدىستىكى بۇيرۇق ۋە چەكلەش سىغىسىنىڭ كېلىش ئورۇنلىرى

قۇرئان ۋە ھەدىستە كەلگەن بۇيرۇق ۋە چەكلەش سىغىلىرى( شەكىلىرى) داۋاملىق بىر خىل شەكىلدە كەلمەيدۇ.

بۇيرۇق سىغىسى نورمال ھالەتتە ۋاجىبنى ئىپادىلەيدۇ، لېكىن ۋاجىبلىقتىن توسىدىغان دەلىل ياكى ئىشارەتلەر كۆرۈلسە ۋاجىبلىقتىن باشقا ھۆكۈملەرنى كۆرسىتىدۇ. چەكلەش سىغىسىمۇ داۋاملىق ھارامنى ئىپادىلىمەيدۇ، دەلىل ياكى ئىشارەت كۆرۈلسە باشقا مەنىلەردە كېلىدۇ.

بۇيرۇق ۋە چەكلەش سىغىسىنىڭ ئەھۋالىنى تۆۋەندىكىچە قىسقىچە بايان قىلىمىز :

بۇيرۇق سىغىسى تۆۋەندىكى مەنالاردا كېلىدۇ:

1. پەرز، ئاللاھنىڭ سۆزىدەك: { نامازنى ئادا قىلىڭلار، زاكاتنى بېرىڭلار } بەقەرە سۈرىسى، 43 ـ ئايەت.

2. سۈننەت، ئاللاھنىڭ سۆزىگە ئوخشاش:{... ئەگەر ئۇلارنىڭ ساداقىتىنى بايقىساڭلار، توختام تۈزۈڭلار... } نۇر سۈرىسى، 33 ـ ئايەت.

3. ئەدەپ ـ ئەخلاق، رەسۇلۇللاھ: " تاماقنى ئالدىڭدىن يېگىن" دېگەن.

ئەدەپ ـ ئەخلاق ئۆگۈنۈش سۈننەتكە يېقىن، سۈننەتتە ئاخىرەتنىڭ ساۋابى كۆزلىنىدۇ، ئەدەپ ـ ئەخلاقتا ئەخلاقنى ئىسلاھ قىلىش ۋە ئادەتلەرنى ئىسلاھ قىلىش ئۈچۈن بولىدۇ.

4. يول كۆرسىتىش، ئاللاھ :{ ئۆزئارا سودا قىلىشقان ۋاقتىڭلاردا گۇۋاھچى تەكلىپ قىلىڭلار } بەقەرە سۈرىسى، 282 ـ ئايەت.

يول كۆرسۈتۈش سۈننەتكە يېقىن، لېكىن سۈننەت ئاخىرەت مەنپەتى ئۈچۈن، يول كۆرسۈتۈش دۇنيا مەنپەتى ئۈچۈن بولىدۇ.

5. مۇباھ، ئاللاھنىڭ سۆزىدەك:{... يەڭلار، ئىچىڭلار... } ئەئراف سۈرىسى، 31 ـ ئايەت.

6. تەھدىد، ئاللاھنىڭ سۆزىدەك:{ خالىغىنىڭلارنى قىلىڭلار... } فۇسسىلەت سۈرىسى، 40 ـ ئايەت.

7. مىننەتنى بىلدۈرۈش، ئاللاھنىڭ سۆزىدەك:{ الله سىلەرگە رىزىق قىلىپ بەرگەن ھالال، شېرىن يېمەكلىكلەردىن يەڭلار... } نەھل سۈرىسى، 114 ـ ئايەت.

8. ھۆرمەتلەش، ئاللاھنىڭ سۆزىدەك:{ (ئۇلارغا) جەننەتكە ئامان ـ ئېسەن، تىنچ كىرىڭلار! دېيىلىدۇ } ھىجر سۈرىسى، 46 ـ ئايەت.

9. مۆجىزە كۆرسۈتۈش، ئاللاھنىڭ سۆزىدەك: {... قۇرئانغا ئوخشاش بىرەر سۈرىنى مەيدانغا چىقىرىپ بېقىڭلار ...} بەقەرە سۈرىسى، 23 ـ ئايەت.

10 ـ مەسخىرە قىلىش، ئاللاھنىڭ سۆزىدەك: { ... :«خار مايمۇن بولۇپ كېتىڭلار»دېدۇق } بەقەرە سۈرىسى، 65 ـ ئايەت.

11. خارلاش، ئاللاھنىڭ سۆزىدەك:{ (ئۇنىڭغا خارلاش ۋە مەسخىرە قىلىش يۈزىسىدىن) «(بۇ ئازابنى) تېتىغىن، سەن ھەققەتەن ئىززەتلىك ئۇلۇغ زات ئىدىڭ } دۇخان سۈرىسى، 49 ـ ئايەت.

12 . باراۋەرلىك، ئاللاھنىڭ سۆزىدەك:{ . . . (ئازابقا) مەيلى سەۋر قىلىڭلار، مەيلى سەۋر قىلماڭلار . . . } تۇر سۈرىسى، 16 ـ ئايەت.

13 . دۇئا، ئاللاھنىڭ سۆزىدەك : { پەرۋەردىگارىمىز! گۇناھلىرىمىزنى، ئىشىمىزدا چەكتىن ئاشقانلىقىمىزنى مەغپىرەت قىلغىن. . . } ئال ئىمران سۈرىسى، 147 ـ ئايەت.

14. ئارزۇ ، ئاللاھنىڭ سۆزىدەك : { پەرۋەردىگارىم! مېنى (دۇنياغا) قايتۇرغىن } مۆئمىنۇن سۈرىسى، 99 ـ ئايەت.

15. تۆۋەن كۆرۈش، ئاللاھنىڭ سۆزىدەك : { . . .

16. يارىتىش، ئاللاھنىڭ سۆزىدەك : { . . . «ۋۇجۇتقا كەل» دەيدۇ ـ دە، ئۇ ۋۇجۇتقا كېلىدۇ } ياسىن سۈرىسى، 82 ـ ئايەت.

## چەكلەش سىغىسىنىڭ كېلىش ئورۇنلىرى

چەكلەش سىغىسى تۆۋەندىكى  مەنالارنى ئىپادىلەپ كېلىدۇ:

1. ھارام، ئاللاھنىڭ سۆزىگەدەك:{ ناھەق ئادەم ئۆلتۈرمەڭلار } ئىسرا سۈرىسى، 33 ـ ئايەت.

2. مەكرۇھ، رەسۇلۇللاھ : {  سىلەردىن بىرىڭلار، تاھارەت قىلىۋېتىپ ئەۋرىتىنى ئوڭ قولى بىلەن تۇتمىسۇن" دېگەنگە ئوخشاش. بۇخارى ۋە مۇسلىم رىۋايىتى.

3.دۇئا ، ئاللاھنىڭ سۆزىدەك: { پەرۋەردىگارىمىز! بىزنى ھىدايەت قىلغىنىڭدىن كېيىن دىللىرىمىزنى توغرا يولدىن بۇرىۋەتمىگىن } ئال ئىمران سۈرىسى، 7 ئايەت.

4. توغرا يول كۆرسىتىش، ئاللاھنىڭ سۆزىدەك: { ئى مۆمىنلەر!ئەگەر سىلەرگە ئاشكارا قىلىنسا سىلەرنى بىئارام قىلىپ قويىدىغان  نەرسىلەر توغرۇلۇق (پەيغەمبەردىن)سورىماڭلار } مائىدە سۈرىسى، 101 ـ ئايەت.

5. تۆۋەن كۆرۈش، ئاللاھنىڭ سۆزىدەك:  {  بىز(كۇففارلاردىن)تۈرلۈك جامائەنى بەھرىمەن قىلغان دۇنيانىڭ نېمەتلىرى ۋە زىبۇ زىننەتلىرىگە كۆز سالمىغىن } تاھا سۈرىسى، 131 ـ ئايەت.

6.ئاقىۋىتىنى بايان قىلىپ قويۇش، ئاللاھنىڭ سۆزىدەك: { زالىملارنىڭ قىلمىشلىرىدىن اللہ نى بىخەۋەر دەپ ئويلىمىغىن} ئىبراھىم سۈرىسى، 142 ـ ئايەت.

7 .  ئۈمىدسىزلەندۈرۈش، ئاللاھنىڭ سۆزىدەك: { ئى كاپىرلار! بۈگۈن ئۆزرە ئېيتماڭلار } تەھرىم  سۈرىسى، 7 ـ ئايەت.

ناھايىتى شەپقەتلىك ۋە مېھرىبان اللە نىڭ ئىسمى بىلەن باشلايمەن!

# زۆرۈرىيەت ھارامنى مۇباھ قىلامدۇ ؟

بارلىق ھەمدۇ سانا پۈتۈن ئالەملەرنىڭ پادىشاھى, پەرۋىش قىلغۇچىسى, ھۆكۈمرانى, قىيامەت كۈنىنىڭ ئىگىسى, مۆئمىنلەرنىڭ كۆيۈ نگۈچىسى, ھىدايەت ۋە زالالەتنى ياراتقۇچى, ھېكمەت بىلەن ئىش قىلغۇچى بولغان بۈيۈك قۇدرەتلىك ئىگىمىز بولغان اللە غا بولسۇن.

رەببىمىز اللە نىڭ ئامانلىقى, خاتىرجەملىكى, تەقۋادارلارنىڭ ۋە شېھىتلارنىڭ رەھبىرى ۋە يولباشچىسى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا, ئۇنىڭ پاك ئائىلىسىگە, ساھابىللىرىغا ۋە ئۇ زاتنىڭ دەۋتى بىلەن دەۋەت قىلغان, تەرىقىتىگە سۆزسىز ئەمەل قىلىپ, ئىز بېسىپ ماڭغان ئىسلام ئەقىدىسىنى ئۆز پىكرىيىتىگە ئاساس ئىسلام ھۆكۈملىرىنى ئۆز ھاياتلىرىغا ئۆلچەم قىلىپ ئالغان كىشلەرگە بولسۇن! ئامىين!!!!!!!!

ئى اللە ئۆزلىرىگە سېغىنىپ, ئېزىشىمدىن ۋە ئازدۇرۇشىمدىن, خاتالىششىمدىن ۋە خاتالاشتۇرۇشىمدىن, زۇلۇم قىلىشىمدىن ۋە زۇلۇمغا ئۇچرىشىمدىن, نادانلىقىمدىن ۋە نادانلارنىڭ مۇئامىلىسىدىن پاناھ تىلەيمەن.

ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم مۆھتەرەم قېرىنداشلار:

ئۆتكەندە « زۆرۈرىيەت ھارامنى مۇباھ قىلىدۇ » دىگەن قائىدىنىڭ شەرئەتتە ئېتىبارى يوق دېيىلگەن ۋە تەپسىلىي توختالغان ئىدۇق.

بەزى قېرىنداشلىرىمىز بۇ قائىدىنى ئىسلام شەرئىتىنىڭ تۆتتەن بىرى( 1\4 ) ى دەپ داۋا قىلىپ « زۆرۈرىيەت پىرىنسىپىنى » بايان قىلغان ئىدى. ھالبۇكى بۇ قائىدىنى شەرئەتنىڭ 1\4 ى دىيىشكە بولمايدۇ. چۈنكى ئىسلامنىڭ ئاساسلىرى بولغان شەرئىي دەلىللەر، ئالىملارنىڭ پەتىۋالىرى ۋە قائىدىللىرى ئەمەس ، بەلكى قۇرئان, ھەدىس, ساھابىلەنىڭ ئىجمائى, شەرئىي ئىللەتكە ئاساسلانغان قىياسدۇر. شۇنىڭدەك« ئىسلام ھەر زامان ۋە ماكانغا يارايدۇ » دىگەن سۆزنى دەلىل قىلىپ تۇرۇپ ئىسلام زۆرۈرىيەت ئۈستىگە قۇرۇلغان دېيىشكە تېخىمۇ بولمايدۇ.

« ئىسلام ھەر زامان ۋە ماكانغا يارايدۇ » دىگەنلىك ھەرگىزمۇ ھەرقانداق جەمئەتكە, مەسلىگە, شەخسكە مۇۋاپىق كېلىدۇ دەپ ئۇلارنى ھىمايە قىلىش, ئۇلارنىڭ مەنپەئەتىنى قوغداپ قېلىش, ئۇلارنىڭ ئىسلامنى قوبۇل قىلىشلىرى ئۈچۈن ئۇلارغا ماسلاشتۇرۇش دىگەنلىك ئەمەس. بەلكى ئىسلام ھەرقانداق زامان ۋە ماكاندا يۈز بەرگەن مۇئامىلىلەرنىڭ يېشىمنى ئۆز ئىچىگە ئالغانلىقى ھەمدە ئۇنىڭغا گۈزەل يېشىم بېرىشكە قادىرئىكەنلىكىدەدۇر. يەنى ئەنە شۇ جەمىيەت, شەخس, مەسىلىلەرنىڭ ئىسلامغا مۇۋاپىق ئاساستا ئۆزگەرتىلىشىدەدۇر. « شۇنداق ئېيتىمىزكى , ھىجرىيەتنىڭ 13 ـ (مىلادىيەنىڭ 19 ـ ) ئەسىر ئاخىرلىرىغا كېلىپ , ئىسلام شەرئىتىنى جەمىيەتكە تەدبىق قىلىش يولى خاتا چۈشۈنىلدى. نەتىجىدە ئىسلام ھازىرقى جەمىيەتكە مۇۋاپىق كېلىشى ئۈچۈن نۇسۇس ( ئايەت ۋە ھەدىس ) لىرى كۆتۈرمەيدىغان مەنالار بىلەن تەپسىر قىلىنىشقا باشلىدى. ئەسلىدە جەمىيەتكە ماسلاشتۇرۇش ئۈچۈن ئىسلامنى تەپسىر قىلىشقا ئۇرۇنۇش ئەمەس ئىسلامغا مۇۋاپىق بولۇش ئۈچۈن جەمىيەتنى ئۆزگەرتىش لازىم ئىدى. چۈنكى مەسىلە شۇنىڭدىن ئىبارەتكى, بۇ يەردە بىرەر مەبدەئ ( ئەقلىي ۋە تۈزۈمگە ئىگە بولغان ئەقىدە رابىتىسى مەسىلەن: ئىسلام ) ئاساسىدا ئىسلاھ قىلىش كۆرسۈتىلىۋاتىغان بۇزۇق جەمىيەت مەۋجۇت. دىمەك مەبدەئنى قانداق بولسا شۇنداقلارچە تەدبىق قىلىش ۋە جەمىيەتنى شۇ مەبدەئ ئاساسىدا تۈپتىن ئۆزگەرتىش لازىم ئىدى. لىكىن ئۇلار بۇنداق قىلمىدى , بەلكى ئىسلام ھۆكۈملىرىنى ئەسىرگە مۇۋاپىق قىلىش ئۈچۈن تەئىۋىل قىلدى; .ئۇلار كۈللى( ئومۇمىي ) ۋە جۇزئىي ( بىر تەرەپلىمە ياكى قوشۇمچە ) مەسىلىلەردىمۇ شۇ خاتاغا شۇڭغۇدى.

ئۇلار شۇ قاراشقا مۇۋاپىق كېلىدىغان كۆللى قائىدىلەر ۋە جۇزئىي ھۆكۈملەرنى ئىشلەپ چىقتى. يەنى ئۇلار « زامان ئۆزگىرىش بىلەن ھۆكۈملەرنىڭ ئۆزگىرىشى ئىنكار قىلىنمايدۇ» « ئادەت ھاكىمدۇر » گە ئوخشاش ۋە باشقا بىر نەچچە خاتا كۆللى قائىدىلەرنى قوبۇل قىلدى. ھەممە شەرىئەت تەرىپىدىن بىرەر ئاساس بولمىغان ھۆكۈملەرگە بەلكىم قۇرئاننىڭ قەتئىي نۇسۇسلىرىغا زىت بولغان ھۆكۈملەرگىمۇ پەتۋا بەردى, مەسلەن :ئىككى ھەسسە ئەمەسلىكىنى ۋە يېتىملەرنىڭ مېلىنى كۆپەيتىشنىڭ زۆرۈرلىگىنى ھۆججەت قىلىپ ئاز پىرسەنتلىك جازانىغا رۇخسەت بەردى. « شەرئىي قازى » دەپ ئاتىلىدىغان قازى يېتىملارنىڭ توپلانغان مېلىدىن جازانىغا رۇخسەت بېرىشكە باشلىدى. شۇنىڭدەك « نىزامى قازى » دەپ ئاتىلىدىغان قازىمۇ جازانىغا رۇخسەت بېرىدىغان بولدى. ھەدلەرنى توختۇتۇشقا پەتۋا چىقىرىپ جازا - قانۇنلىرىنى ئىسلامى بولمىغان مەنبەلەردىن ئېلىشقا رۇخسەت بەردى. شۇنداق قىلىپ ئۇلار « شەرىئەت ھەربىر ئەسىر, زامانغا ۋە ماكانغا مۇۋاپىق كېلىشى زۆرۈرلىكىنى » ھۆججەت قىلىپ شەرىئەتكە زىت ھۆكۈملەرنى چىقاردى , بۇنىڭ نەتىجىسىدە ئىسلام ھاياتتىن يىراقلاشتۇرۇلدى. ئىسلام دۈشمەنلىرى بۇ بۇرمىلانغان چۈشەنچە ۋە خاتا ھۆكۈملەر ئارقىلىق مۇسۇلمانلارغا ئۆز قانۇن ۋە مەبدەئلىرىنى كىرگۈزدى. مۇسۇلمانلار « ئىسلام ھەرقانداق زامان ۋە ماكانغا مۇۋاپىق كېلىدۇ» دىگەن بۇرمىلانغان چۈشەنچە زېھنلىرىدا ئورۇنلىشىپ قالغانلىقى ئۈچۈن دۈشمەنلەرنىڭ مەبدەئ ۋە قانۇنلىرىدا ئۆز دىنلىرىغا ھىچقانداق زىددىيەت كۆرمىدى. ئىسلام مەبدەئ ۋە نۇقتئى نەزىرىگە زىت كەلسىمۇ ھەرقانداق ئېقىم , مەبدەئ , ھادىسە ۋە قائىدىگە مۇۋاپىق كىلىشى ئۈچۈن ئىسلامنى تەئۋىل قىلىش كوپچىلىكنىڭ تىلىدىن چۈشمەي قالدى , بۇدەلىل ئىسلامنى ھاياتتىن يىراقلاشتۇرۇشقا ياردەم بەردى يەنى شۇنىڭدەك «پايدىلارنى ھۇجۇتقا چىقىرىش ۋە يامانلىقلارنى دەپئى قىلىش شەرئىي ھۆكۈملەرنىڭ ئىللىتى (نازىل بۇلۇش سەۋەبى )بۇلۇپ ئۇلار زامان ۋە ماكان ئۆزگىرىشى بىلەن ئۆزگىرىدۇ » ;دىگەن داۋامۇ خاتادۇر .چۈنكى پايدىلارنى مەيدانغا چىقىرىش ۋە يامانلىقلارنى دەپئي قىلىش شەرئىي ھۆكۈملەر ئۈچۈن مۇتلەق ئىللەت ئەمەس . چۈنكى پايدىلارنى مەيدانغا چىقىرىش ۋە يامانلىقلارنى دەپئي قىلىش شەرئىي ھۆكۈملەر ئۈچۈن ئىللەت ئىكەنلىكىگە ھەتتا مۆئەييەن بىر ھۆكۈم ئۈچۈنمۇ ئىللەت ئىككەنلىكىگە دەلىل بولىدىغان بىرەر نۇسۇس كەلگەن ئەمەس . دىمەك ئۇلار شەرئىي دەلىل بولالمايدۇ . شەرئىي ئىللەت پەقەت شەرئىي نۇسۇس دالالەت قىلغان ئىللەتتۇر . شۇنىڭ ئۈچۈن نۇسۇسقا چەكلىنىش ۋە دالالىتى دائىرىسىدە توختاش زۆرۈر . نۇسۇس پايدىنى مەيدانغا كەلتۇرۇشكىمۇ , زەرەرنى دەپئي قىلىشقىمۇ دالالەت قىلغان ئەمەس . دىمەك شەرئىي ئىللەت پايدىلارنى مەيدانغا چىقىرىش ۋە زەرەرلەرنى يوق قىلىش ئەمەس بەلكى نۇسۇس كەلتۇرگەن نەرسە بولىدۇ . نۇسۇس ئېلىپ كەلگەن بۇ نەرسىگە زامان ۋە ماكانمۇ , بىرەر ئىش ھەركەتمۇ دالالەت قىلغان ئەمەس . بەلكى ھۆكۈمنىڭ ئىللىتىنى بايان قىلىشتا شەرئىي نۇسۇس ئۆزىگىلا دالالەت قىلغان . نۇسۇس بولسا مۇتلەق ئۆزگەرمەيدۇ .دىمەك بۇ ئورۇندا پايدىنى مەيدانغا كەلتۇرۇش , زەرەرنى دەپئي قىلىشنىڭ شۇنىڭدەك زامان ۋە ماكاننىڭ ھېچقانداق ئىتتىۋارى يوق .

شۇنىڭغا ئاساسەن شەرئىي ئەھكاملار زامان ۋە ماكاننىڭ ئۆزگىرىشى بىلەن ئۆزگەرمەيدۇ . بەلكى شەرئىي ھۆكۈم قانداق بولسا شۇنداق ئېلىنىدۇ .(پەقەت شەرئىي ئىللەتنىڭ بار يوقلىقى ھۆكۈمنىڭ قانداق بۇلىشىنى بەلگىلەيدۇ . شەرئىي ئىللەت چۇقۇم نۇسۇس دالالەت قىلغان ئىللەت بۇلىشى ۋاجىپتۇر ) زامانلار ۋە ماكانلار ئۆزگەرسىمۇ ئۆزگەرمەيدۇ . ئەسلىدە شەرئىي ھۆكۈملەرنى ئىستىنبات قىلىش مۇجتەھىتلارغا خاس ئىشتۇر . چۈنكى مۆئەييەن مەسىلىدىكى الله نىڭ ھۆكمىنى بىلىش پەقەت ئىجتاھات بىلەن بولىدۇ . شۇنىڭ ئۈچۈن ئىجتاھات -كەڭ بىلىم , نۇسۇسلارنى توغرا چۈشىنىش , ئەرەپ تىلىنى تولۇق بىلىش ھەممە شەرئىي مەسىلىلەرنى بىلىش ۋە ئۇلارنىڭ

دەلىللىرىدىن خەۋەردار بولۇشقا مۇھتاج بولىدۇ .شۇنىڭ ئۈچۈن ئويلىماستىن دىققەت بىلەن كۆرۈپ چىقماستىن ھۆكۈمنى ئېلىش ئىستىنبات دىيىلمەيدۇ . شۇنىڭدەك بىرەر «ھۆكۈمدە »مەنپەئەت كۆرۈلۈپ قېلىپ ,كېيىن شۇ ھۆكۈمنى ئىستىنبات قىلىش ئۈچۈن نۇسۇسلارغا ھىيلە ئىشلىتىش ۋە ئۇلاردىن كۆزلەنمىگەن نەرسىنى ئۇلارغا ئارتىش ئىجداھات دىيىلمەيدۇ , بەلكى بۇ نەرسە الله نىڭ دىنىغا قارشى جۈرئەت قىلىش بولۇپ بۇنىڭغا قەدەم قويغان ئادەم .الله نىڭ ئازابىغا گىرىپتار بولىدۇ .

ئىسلام شەرىئىتىنىڭ مەخستى دىمەكلىك الله نىڭ مەخستى دىمەكلىكدۇر . شۇڭىمۇ «ئىسلام كىشىلەرنىڭ مەنپەئىتىنى ئاساس قىلغانلىقتىن زىيانلىق , يامانلىق ,پاساتلىق تەرەپلىرىنى ھارام قىلدى ...ئىسلام شەرىئىتى داۋاملىق ئۇممۇمنىڭ .....شەخسنىڭ مەنپەئىتى ئۈستىگە قويۇلدى » «ئۇممۇمنىڭ مەنپەئىتىنى ۋۇجۇتقا چىقىرىش ئۈچۈن خۇسۇسنىڭ مەنپەئىتىنى قۇربان قىلىش »دەپ ئېيتىلمايدۇ .چۈنكى ئىسلام شەرىئىتىدە جامائەت شەخستىن مۇقەددەس دەپ ئېيتىلمايدۇ ياكى شەخس جامائەتتىن مۇقەددەس دەپ ھەم ئېيتىلمايدۇ . جامائەت , شەخس , دۆلەت ھەتتا خەلىفمۇ مۇقەددەس دەپ ئېيتىلمايدۇ . پەقەت ۋە پەقەت الله تائەلا ۋە شاھىنشاھى شەرىئەت مۇقەددەستۇر .

ئىسلام ئىسلامى مەسئۇلىيەتنى ئىسلامى ۋۇجۇتلارنىڭ (شەخس ,جامائەت ,دۆلەت ) قايسى بىرىگە يۈكلەيدىكەن ئۇلار شۇمەسئۇلىيەتنى شەرىئەت كۆرسەتكەن ئورۇندا ,ۋاقتىتا ۋە شەرىئەت كورسەتكەن ئۇسلۇپتا ئىجرا قىلىشى شەرت ,ئىسلام ھەرگىزمۇ ئىنسانلارنىڭ مەنپەئىتىنى ۋۇجۇتقا چىقىرىش يەنى ئىنسانلارغا خىزمەت قىلىش ئۈچۈن كەلمىدى . بەلكى بىزلەر ئىسلامغا بويسۇنۇش ,ئىتائەت قىلىش ,ئىسلامغا خىزمەت قىلىش ئۈچۈن كەلدۇق . ئىنسانلارغا ئىسلام ھۆكۈمران ,بەلكى ئىنسانلار ئىسلامغا ھۆكۈمران ئەمەس ,باشقا نەرسىلەر ئالىي ئەمەس بەلكى ئىسلام ئالىي ھەم مۇققەددەستۇر . ئىسلام بۇيسۇندۇرىمەن ,باشقۇرىمەن ,ئۆزگەرتىمەن دەپ كەلدى ,بىز بويسۇنىمىز ,باشقۇرىلىمىز, ئۆزگەرتىلىمىز دەپ كەلدۇق . شۇڭىمۇ الله ئىنساننى يارىتىشتىكى مەخسىدىنى «ئىنسان ۋە جىنلارنى پەقەت ماڭىلائىبادەت قىلسۇن دەپ ياراتتىم »دەپ بايان قىلدى .

رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسسەللەم «ئىسلام ھۆكۈمرانلىق قىلىدۇ , ئىسلامغا ھۆكۈمرانلىق قىلىنمايدۇ » «ئىسلام ھەممىدىن ئالىي بولىدۇ ,باشقا نەرسە ئالىي بولمايدۇ » دەپ بايان قىلدى .

ھەممىگە ئايانكى ھازىر كۆپچىلىك بارچە ئىشلار ئۈچۈن ساپ مەنپەئەتنى ئاساس قىلىدىغان ،غەرىپ پىكرىي يىتەكچىلىگى ۋە غەرىپ دۇنيا قارىشى تەسرىگە ئۇچراپ بارلىق ھۆكۈملەرنى مەنپەئەت بىلەن ئۆللەتلەشكە ئادەتلەنگەن .بۇنەرسە روھنى بارلىق ئىشلار ئۈچۈن ئاساس قىلىدىغان ۋە روھ بىلەن ماددىنىڭ ئارلاشتۇرۇلىشى (ھەرقانداق بىر ئەمەلنى شەرىئەت ئاستىدا يۈرگۈزۈش ) نى باشقۇرغۇچى ئامىل قىلىدىغان ئىسلام پىكرىي يىتەكچىلىكىگە زىت . شۇنىڭغا ئاساسەن ئىبادەت ئەخلاق ,يىمەك ـ ئىچمەك ھەم كىيىم ـ كىچەكلەرگە مۇناسىۋەتلىك شەرئىي ھۆكۈملەر مۇتلەق ئۆللەتلەنمەيدۇ , چۈنكى بۇ ھۆكۈملەرنىڭ ھېچقانداق ئۆللىتى يوق ,بەلكى نۇسۇسلاردا قانداق كەلگەن بولسا شۇنداق ئېلىنىدۇ . ناماز , زاكات ,روزا ,ھەج , ناماز ئوقۇش ھالىتى ,ھەج مۇراسىملىرى , زاكات نىساپلىرى ۋە شۇنىڭغا ئوخشاش نەرسىلەر قانداق كەلگەن بولسا شۇنداق ئېلىنىدۇ . ئۆللەتتىن قەتئىي نەزەر تولۇق تەسلىم بىلەن قوبۇل قىلىنىدۇ . شۇنىڭدەك ئۆلگەن ھايۋاننىڭ گۆشى , توڭگۇز گۆشى ۋە باشقا نەرسىلەرنىڭ ھارام قىلىنغانلىقىغا ھېچ ۋاقىت ئۆللەت ئىزدەلمەيدۇ بەلكى ئۇلارغا ئۆللەت ئىزدەش خاتا ۋە خەتەرلىكتۇر . ئەگەر بۇنەرسىلەرنىڭ ھۆكۈملىرىگە ئۆللەت ئىزدىلىدىغان بولسا ئۆللەت يوقالغان ۋاقىتتا ھۆكۈممۇ يوقلىشقا ئېلىپ بارىدۇ .چۈنكى ئۆللەت ئۆللەتلەنگۈچى بىلەن بارلىق ۋە يوقلۇقتا بىللە بولىدۇ , پەرەز قىلايلى : تاھارەتنىڭ ئۆللىتى

پاكلىق , نامازنىڭ ئىللىتى بەدەن تەربىيە , روزىنىڭ ئىللىتى ساغلاملىق بولسۇن ۋەھاكازا . بۇھالەتتە ئىللەت بولمىغان ۋاقىتتا ھۆكۈممۇ بولماسلىقنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ , ھالبۇكى ئىش بۇنداق ئەمەس . شۇنىڭ ئۈچۈن ئىللەت ئىزدەشنىڭ ھۆكۈمنىڭ ئۆزىگىمۇ ,ئىجرا قىلىشقىمۇ خەتىرى بار . دىمەك , ئىبادەت ھۆكۈملىرى ئۈلارغا ئىللەت ئىزدەلمەستىن قانداق بولسا شۇنداق ئىلىنىشى لازىم . ئەمدى ھىكمەتلەرگە كەلسەك بۇلارنى يالغۇز الله نىڭ ئۆزى بىلىدۇ , بىزنىڭ ئەقلىمىز الله نىڭ ھەقىقىتىنى ئىدىراك قىلالمايدۇ , شۇنىڭدەك الله نىڭ ھىكمەتلىرىنىمۇ ئىدراك قىلالمايدۇ . ئەمما تۆۋەندىكى ئايەتلەر ۋە ئۈلاردىن باشقا نۇسۇسلاردا كەلگەن ھىكمەتلەرگە كەلسەك , الله تائەلا ئېيتتى : «ناماز فەھشى ۋە مۇنكەرلەردىن قايتۇرىدۇ »( 29 ـ سۈرە 45 ـ ئايەت ) «ئۇلار ئۆزلىرى ئۈچۈن بولغان مەنپەئەتلەرگە شاھىت بۇلۇشى ئۈچۈن . . .»(22 ـ سۈرە 28 ـ ئايەت ) «الله نىڭ رازىلىقىنى كۆزلەپ بىرىۋاتقان زاكاتلىرىڭلار . . . . مۇنداق زاكات بەرگۈچىلەر ماللىرىنى ئىككى ھەسسە قىلىپ ئالغۇچىلاردۇر »(30 ـ سۈرە 39 ـ ئايەت )

يۇقۇرىقىدەك ھىكمەتلەردە نۇسۇسنىڭ ئۆزىگە چەكلىنىپ پەقەت ئۇنىڭدىن ئىلىنىدۇ , ۋە ئۇنىڭغا باشقا نۇسۇس قىياس قىلىنمايدۇ , نۇسۇستا ھۆكۈمنىڭ ھىكمىتى كەلمىگەن شەرئىي ئەھكاملارغا ئىللەت ئىزدەلمىگەندەك ھىكمەتمۇ ئىزدەلمەيدۇ .

ئىسلامى قانۇنلار ـ ئەخلاق , ئىبادەت ,يىمەك ـ ئىچمەك , كىيىم ـ كىچەك , مۇئامىلە ۋە جازالەرغا مۇناسىۋەتلىك شەرئىي ئەھكاملار .ئەخلاق , ئىبادەت ,يىمەك ـ ئىچمەك , كىيىم ـ كىچەككە مۇناسىۋەتلىك شەرئىي ئەھكاملار ئىللەتلەنمەيدۇ .پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دىدى : «ھاراق ھاراقلىقى ئۈچۈن ھارام قىلىندى »ئەمما مۇئامىلە ۋەجازالارغا مۇناسىۋەتلىك شەرئىي ئەھكاملار ئىللەتلىنىدۇ , چۈنكى بۇلار ھەققىدىكى شەرئىي ئەھكاملار شۇئەھكاملارنىڭ ۋۇجۇتقا چىقىشى ئۈچۈن سەۋەب بولغان ئىللەتلەرگە ئاساسلانغاندۇر .

ئىبادەت ئەخلاق ,يىمەك ـ ئىچمەك ھەم كىيىم ـ كىچەكلەرگە مۇناسىۋەتلىك شەرئىي ھۆكۈملەر مۇتلەق ئىللەتلەنمەيدۇ , چۈنكى بۇ ھۆكۈملەرنىڭ ھېچقانداق ئىللىتى يوق ,بەلكى نۇسۇسلاردا قانداق كەلگەن بولسا شۇنداق ئېلىنىدۇ .ئۇلار ئۈچۈن ئىللەت ئىزدەش تولىمۇ خەتەرلىكتۇر . ئەمما مۇئامىلە ۋەجازالارغا مۇناسىۋەتلىك شەرئىي ئەھكاملارنىڭ ئايرىملىرىغا ئىللەت كەلگەن , ئايرىملىرىغا ئىللەت كەلمىگەن . ئالايلۇق : چوشقا نجىس يىمەكلىكلەرگە ئادەتلەنگەنلىكى ئۈچۈن چوشقا گۆشى پاسكىنىدۇر ھەمدۇ ئۇنىڭدا ئادەم بەدىنىگە زىيانلىق ئۇزۇقلۇق تەركىۋى بولغانلىقتىن ھارام قىلىنغان دەپ ئىللەتلەپ قويسا مۇنداق خەتەرلىك ئاقىۋەت كىلىپ چىقىدۇ _ بىز چوشقىغا پاكىز يىمەكلىكلەرنى بىرىپ ئادەتلەندۈرەيلى ئۇنىڭ قوتىنىنى پاكىز چىرايلىق تۇتايلى ھەتتا ئۇنى الله نىڭ نامى بىلەن بوغۇزلايلى , ھەمدە ئۇنىڭ گۆشىدىكى زىيانلىق تەركىپلەرنىڭ ھەممىنى چىقىرىپ تاشلايلى . بۇنىڭلىق بىلەن چوشقا گۆشى ھالال بۇلۇپ قالامدۇ . ئەگەر يۇقۇرقىسى ئۇنىڭ ئىللىتى بولغان بولسا چوشقا گۆشى ئەمدى ئىللىتى يوقلىشى بىلەن ھالال بولغان بۇلاتتى .الله بىلەن قەسەمكى ئۇنداق ئەمەس !!!;

الله چوشقا گۆشىنى ھارام قىلىش توغرىسىدا ھىچقانداق ئىللەت كەلتۈرمىگەن ۋە ھىكمەت بايان قىلمىغان . پەقەت تەرجىمە قىلىنغاندا چۈشۈنىشلىك بۇلىشى ئۈچۈن قوشۇپ قويۇلغان , بۇنداق قوشۇپ قويۇش ھەقىقەتەن خەتەرلىكتۇر .دىمىسىمۇ چوشقا نجىس نەرسىلەرنى يەيدۇ ,گۆشىدە ئادەم بەدىنىگە زىيانلىق تەركىپلەر بار . بۇئۇنىڭدىكى بىر سۈپەت , دەلىل ئەمەس ئۇنىڭ دەلىلى نۇسۇس يەنى ئۇنى الله نىڭ ھارام قىلغانلىقى . شۇڭائىبادەت ئەخلاق ,يىمەك ـ ئىچمەك ھەم كىيىم ـ كىچەكلەرگە مۇناسىۋەتلىك شەرئىي ھۆكۈملەر مۇتلەق ئىللەتلەنمەيدۇ . ئۇلار توغرىسىدا مۇتلاق ئىللەت كەلمىگەن ۋە ھىكمەتمۇ ئىزدەلمەيدۇ . شۇڭىمۇ پەيغەمبەر

ئەلەيھىسسالام «ھاراق ھاراقلىقى ئۈچۈن ھارام قىلىندى » دەپ بايان قىلغان . شۇنىڭدەك «شەرىئەت جازانە ۋە قىمانى چەكلىدى ,چۈنكى ھەر ئىككى ئىشتا زۇلۇم ۋە كىشىلەرنىڭ ماللىرىنى ھەقسىز يەۋېلىش مەۋجۇت »دەپ جازانە قىما ئىللەتلەنمەيدۇ . شەرىئەت پەقەت ئۇنى جازانە ۋە قىما بولغانلىقى ئۈچۈن چەكلىدى , زۇلۇم ۋە ھەقسىز يەۋېلىش ئۇنىڭ ھاراملىقىغا دەلىل ۋە ئىللىتى بولالمايدۇ . چۈنكى ئۇنداق ئىللەت كەلمىگەن , پەقەت ئۇنىڭ ھاراملىقىنىڭ دەلىلى نۇسۇس .

«الله سودىنى ھالال جازانىنى ھارام قىلدى »

دىمەك يۇقۇردىكى ئايەتتىن قارىغاندا جازانىنىڭ ھاراملىقىغا ھېچقانداق ئىللەت يوق . ئەقىل ئۇلارنىڭ ۋاقىسى ھەم ھالەتلىرىگە قاراپ تۇرۇپ زۇلۇم ۋە ماللىرىنى ھەقسىز يەۋېلىشتىن ئىبارەت سۈپەتلىرىنى بايقاپ چىققان . توغرا ئۇلاردا شۇنداق سۈپەت مەۋجۇت , مۇنداق سۈپەتلەش سۈپەتنى ھاراملىقىغا دەلىل قىلمىغان ئەھۋال ئاستىدا ھېچقىسى يوق چۈنكى ئۇلارنىڭ ھاراملىقىنىڭ دەلىلى نۇسۇس , شۇڭىمۇ الله مۇنداق بولغانلىقى ھارام دىمىسە , بىزنىڭمۇ مۇنداق بولغانلىقى ئۈچۈن الله ھارام قىلغان دىيىشكە ھەققىمىز يوق .شۇڭىمۇ بىز الله نىڭ ئۆزىنى , ماھىيىتىنى , زاتىنى ئىدىراك قىلالمايمىز , شۇڭا اللەنىڭ ھۆكمىدىكى ھىكمەتنىمۇ , ئىللەتنىمۇ ئۆزى كۆرسىتىپ بەرمىگۈچە ئىدىرىك قىلالمايمىز . شۇنداق بولغاچقا باشقا جايدىن قەرىز ئېلىش مۇمكىن ئەمەسلىكىنى ھۆججەت قىلىپ تۇرۇپ جازانىغا يولقويۇش مۇمكىن ئەمەس شۇنىڭدەك ئۆسۈمنى ياخشى يەرگە ئىشلىتىشنى ھۆججەت قىلىپ بانكىلاردىكى ئۆسۈمنى ئېلىشمۇ مۇمكىن ئەمەس , دۆلەتنىڭ مۇھتاجلىقنى ئاسانلاشتۇرۇشنى ھۆججەت قىلىپ جازانىغا يول قويۇشمۇ ھەم مۇمكىن ئەمەس . دىمەك ئىسلامدا خوجايىنلىق ئۈممەتنىڭ ئەمەس بەلكى شەرىئەتنىڭدۇر . يالغۇز اللەلا قانۇن چىقارغۇچىدۇر . پۈتۈن ئۈممەت بىرلىككە كەلسىمۇ بىرەر ھۆكۈم چىقىرىش ھوقۇقىغا ئىگە ئەمەس . ئالايلۇق بارلىق مۇسۇلمانلار بىرلىككە كىلىپ ,ئىختىساتنى راۋاجلاندۇرۇش ئۈچۈن ئۈممەت مەنپەئىتنى ھۆججت قىلىپ ئۆسۈم (جازانىخورلۇق ) قا يەنە جەمىيەتتە پاھىشۋازلىق تارقىلىپ كەتمەسلىگى ئۈچۈن , جەمىيەتنىڭ تەڭپۇڭلىقنى ھۆججەت قىلىپ پاھىشخانىلارغا رۇخسەت بىرىشكە ۋە ياكى ئىشلەپ چىقىرىشنى راۋاجلاندۇرۇش ۋە پايدىلارنى ۋۇجۇتقا كەلتۈرۈشنى ھۆججەت قىلىپ , شەخسى مۇلۇكچىلىكنى ياكى روزىنىڭ پەرىزلىكنى بىكار قىلىشقا بىرلىككە كەلسە , بۇنىڭ زەرەرچە قىممىتى يوقتۇر . شۇنىڭدەك مۇسۇلمان كىشىنىڭ خالىغان ئەقىدىگە ئىدقاد قىلىش ئەركىنلىگىنى بىرىدىغان , پۇل مالنى ئۆستۈرۈشنىڭ بارلىق ۋاستىلىرى بىلەن ـ گەرچە ھارام قىلىنغان ۋاستىلەر بولسىمۇ ـ ئۆستۈرۈش ئەركىنلىگى بىرىدىغان , ھاياتتا ھاراق ئىچىپ , زىنا قىلىپ , خالىغانچە ياشاش پايدىلىنىش ئۈچۈن شەخسى ئەركىنلىككە رۇخسەت بىرىدىغان ئۇمۇمي ئەركىنلىكلەرنى جاري قىلىشقا بىرلىككە كەلسۇن , بۇنداق بىرلىككە كىلىشنىڭ ئىسلام نەزىرىدە پاشىنىڭ قانىتچىلىك ئېتىۋارى يوق .ئەگەر بىرتوپ مۇسۇلمانلار شۇئىشنى قىلىشقا ئۇرۇنسا ئۇلارغا قارشى تاكى قايتمىغۇچە ئۇرۇش قىلىش ۋاجىپ بولىدۇ .مۇسۇلمانلار بارلىق ئىشلىرىدا الله نىڭ بۇيرۇق توسۇقلىرى بىلەن چەكلەنگەندۇر ئۇلارنىڭ ئىسلام ئەھكاملىرىغا زىت كىلىدىغان بىرەر ئىش قىلىشى توغرا ئەمەس . شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا ئۇلار بىرەر ھۆكۈم چىقىرىش ئىمكانىيىتىگە ئىگە ئەمەس , پەقەت يالغۇز الله لا قانۇن چىقارغۇچىدۇر . ھەم شۇنىڭدەك «زىنا قىلىش , ئادەم ئۆلتۈرۈش , كاپىر بولۇش ۋە بولاڭچىلىق قىلىش قايسى ئەھۋالدا بولمىسۇن ھالال بولمايدۇ، بۇئىشلارنىڭ ئۆزىدە زىيىنى كۆرۈنۈپ تۇرغانلىقى ئۈچۈن قەتئىي ھۆكۈم , زىيىنى ئىنىق كۆرۈلمىگەن ۋە ئۆزگىلا چەكلەنگەنلىرى نىسپىي ھۆكۈم بولىدۇ , زۆرۈرىيەت تېپىلغاندا بۇھاراملاردىن زىيىنى نىسپىلىرى مۇباھ بولىدۇ » دەپ زىياننىڭ ئىپادىلىنىش ھالىتىنى ئىللەت قىلىۋېلىش تولىمۇ خەتەرلىك , گەرچە ئۇلاردا شۇنداق سۈپەت بولسىمۇ ھاراملىقىغا دەلىل

بولمايدۇ .دەللى پەقەت شەرئىي دەلىل بولىشى ۋاجىپ , ئىللەت ھەم شەرئىي ئىللەت بولىشى ۋاجىپ .شۇنداق بولغاچقا «زۆرۈرىيەت ھارامنى مۇباھ قىلىدۇ»دىگەن قائىدىنىڭ شەرىئەتتە ئېتىبارى يوق.ئەسلى شەرئى قائىدە ئۇمۇمى بولۇشى كېرەكتى ئەمما بۇقائىدە پەقەت ھارام يىمەكلىكلەرنى(الله ھارام قىلغان ۋە رۇخسەت بەرگەن دائىرىدىلا ۋە ياكى شۇنداق ئەھۋال ئاستىدا) يىيىشكە نىسبەتەن نۇسۇس كەلگەنلىكى ئۈچۈنلا قولللىنىش مۇمكىن ئەمما باشقا ئەمەلگەقىياس قىلىپ ئىشلىتىلمەيدۇ.چۈنكى باشقا ئەمەللەرگەئۆزدەلىللىرى كەلگەن بولۇپ ئۆزدەلىللىرىنى ئېتىبارغا ئالماسلىق خەتەرلىكتۇر.

ئالدىنقى قېتىم (ئىسلام ئاۋازى) تور بېتىدىكى پەتىۋالارنى كۆرۈپ چۆچۈپ كەتتىم .ئۇلار «زۆرۈرىيەت ھارامنى مۇباھ قىلىدۇ»دىگەن قائىدىگەتايىنىپ الله ئېنىق ھارام قىلغان ۋەۋاجىپ قىلغان نەرسىلەرنى مۇباھقا ئايلاندۇرۇپ قويغان ئىدى .

«بىرەيلەن شۇنداق سورىغان بولۇپ ـ ـ ـ ـ بىرجۈپ ئەر ـ ئايال خىزمەت قىلىدىغان بولۇپ ئۇلارنىڭ ئىككى ياكى ئۈچتىن ئارتۇق پەرزەنت كۆرىشكە يول قويۇلمىغان ئىدى .شۇنداق ئەھۋالدا ئايالنىڭ قورسىقىدىكى بالا ئىككى ييىرىم ئايلىق بولۇپ قالىدۇ ,ئەمدى بالىنى چۈشۈرۈشنىڭ ھۆكمى سورالغان .ئەزھەر ئۇنۋېرستىتىنىڭ پەتىۋا ئىدارىسى شەخسنىڭ مەنپەتىنى قوغداش ۋە ئۇنىڭ خىزمەتتىكى ئورنىنى ساقلاپ قېلىشنى ئاساس قىلىپ«زۆرۈرىيەت ھارامنى مۇباھ قىلىدۇ»دىگەن قائىدىگەئاساسەن بالىنى چۈشۈرۈشتىن ئىبارەت ھارام ئەمەلگەمۇباھ دەپ رۇخسەت بەرگەن ۋە شۇنىڭدەك ئايەتلەرنى دەلىل قىلىپ كەلتۈرگەن.ئۇلار ئالغان بۇ ئايەت ئۇلارنىڭ مەسلىسگەتوغرا كەلمەيدۇ.چۈنكى ئايال كىشىگەتىرىكچىلىك قىلىش مۇباھ ,ئەركىشىگە ۋاجىپتۇر.لىكىن تىرىكچىلىك يولى ھەقىقەتەن كۆپتۇر(شارائىت ناچار ,جاپالىق بولسىمۇ).ئۇلارخىزمەتتىن ئايرىلسا ھالاك بولىشى ناتايىن سەۋەپكى ئەجەل كەلمىسە ئىنسان ئۆلمەيدۇ.رىزىقنىڭ مەنبەسى ھەركەت ئەمەس.بەلكى الله دۇر.ئۇلار شۇنچىلىك بىر باتىل سۆزنى قىلغان يەنى خىزمەتنى رىزىق مەنبەسى دەپ ئاتىغان.بۇ ئىنىق ئازغانلىق.ئىمان ئېيتىقانىمىزكى رىزىقنىڭ مەنبەسى پەقەت ۋە پەقەت الله .بىزنى رىزىققايېتىش ئۈچۈن ھەركەت قىلىشقا بۇيرۇغان ئەمما ئەڭ ياخشى ھەركەتمۇ رىزىق مەنبەسى بولالمايدۇ.شۇنىسى ئۇلار خىزمەتتىن ئاجرىسا كەمبەغەل بولىشى مۇمكىن.

الله ئېيتىدۇ :«كەمبەغەللىكتىن قورقۇپ باللىرىڭلارنى ئۆلتۈرمەڭلار, ئۇلارنىڭ ۋە سىلەرنىڭ رىزقىڭلارنى بىز بېرىمىز ئۇلارنى ئۆلتۈرۈش ھەقىقەتەن چوڭ گۇناھتۇر»(17 ـ سۈرە31 ـ ئايەت)

ھەممە ئەزاسى شەكىللىنىشكە باشلىغان ھەم ئادەم شەكلىگەكىرىپ بولغان بىر ھامىلىنى چۈشۈرۈۋېتىش ھەقىقەتەن ئۇلاردا ئۆلۈم ھالىتىنى شەكىللەندۇرۇش بىلەن باراۋەردۇر.رەسۇللا ھەم بۇنىڭدىن قاتتىق ئاگاھلاندۇرغان.مۇجتەھىدلەر پەقەت ئانىنىڭ ھاياتى خەۋپكە ئۇچرىغان ۋە ئۇنىڭغا ئادالەتلىك دوختۇر گۇۋاھ بولغاندا ئاندىن بالىنى چۈشۈرۈشكە رۇخسەت قىلغان.ئەمما يۇقۇرقىدەك ھالەتتە چۈشۈرۈش مۇمكىن ئەمەس.شۇڭىمۇ «زۆرۈرىيەت ھارامنى مۇباھ قىلىدۇ»دىگەن قائىدىگەتايىنىش. «كەمبەغەللىكتىن قورقۇپ باللىرىڭلارنى ئۆلتۈرمەڭلار, ئۇلارنىڭ ۋە سىلەرنىڭ رىزقىڭلارنى بىز بېرىمىز ئۇلارنى ئۆلتۈرۈش ھەقىقەتەن چوڭ گۇناھتۇر»(17 ـ سۈرە31 ـ ئايەت) دىگەن ئايەتكە ئېتىبار بەرمەسلىك ,اللەنىڭ ھۆكۈمگەقارشى چىقىش شۇنىڭدەك اللەنىڭ ئايەتلىرىگەقىلىنغان ھىلەدۇر.الله غا سېغىنىپ الله نىڭ ئازابىغا دۇچار بۇلۇپ قېلىشتىن پاناھ تىلەيمىز.ئاخىرى قايتىدىغان جاي اللەنىڭ دەرگاھىدۇر.ئەنە شۇچاغدا ئىنسان ئۆزىنىڭ قىغان ئىشلىرى توغرىسىدا ئاجايىپ ئويلىنىدۇلىكىن كېچىكىدۇ ئۇچاغدا ئۇنىڭغا پەقەت ھىساپ كىتاپلا بار .چۈنكى رەسۇلۇللا «بۇدۇنيا ئەمەل قىلىدىغان ھىساپ قىلىنمايدىغان.ئۇدۇنيا ھىساپ قىلىنىدىغان ئەمەل قىلىنمايدىغان دۇنيا»دەپ بايان قىلدى. الله نىڭ ۋەدىسى

ھەقتۇر. بىز مانا گۇۋاھچىدۇرمىز .شۇڭا ئى مۆھتىرەم قېرىنداشلار الله نىڭ ئايەتلىرىگە تەلەپ قىلىنغان يۇسۇندا مۇئامىلە قىلايلى!ھىلە ئىشلەتمەيلى,الله دىمىگەن توسقان ئەمەلگەشۇڭغۇپ قېلىشتىن ئالاھىدە ساقلىنايلى! ئەمەللىرىمىزنى مەنپەئەت ئاساسىدا ئەمەس ھالال ھارام ئاساسىدا ئۆلچەيلى!!!

الله ئېيتىدۇ:« سىلەر بىر نەرسىنى ياقتۇرماسلىقىڭلار مۇمكىن ئەمما ئۇ سىلەر ئۈچۈن ياخشى.سىلەر بىرەر نەرسىنى ياقتۇرىشىڭلار مۇمكىن ئەمما ئۇسىلەر ئۈچۈن زىيانلىقتۇر.سىلەر بۇنى بىلمەيسىلەر»(2 ـ سۈرە26 ـ ئايەت)بارلىق ھەمدۇسانا الله غا خاستۇر. اللەنىڭ رازىلىقىنى كۆزلەپ قىلغان ئەمەللىرىمىزنى بۈيۈك قۇدرەت ئىگىسى رەببىمىز قۇبۇل قىلغاي ! امىن !!!امىن !!!امىن!!!

# شەرئى قەدىمى جىك - ئۆلچەملەرنىڭ ھازىرقى ئۆلچىمى قانداق؟

| مىزان - ئۆلچەم | ھەنەفى مەزھىبىدە | جۇمھۇرنىڭكىدە |
|---|---|---|
| دىنار | 4, 25گرام | 4, 25گرام |
| دىرھەم | 3,125 گرام | 2,975گرام |
| ئۆۋقىيە | 124,8 گرام | 119 گرام |
| قىيرات | 0,2125گرام | 0,1771گرام |
| قىنتار | 149,76گرام | 142,8 گرام |
| مەننى | 812,5 گرام | 773,5 گرام |
| رەتل ئىراقى | 406,25گرام | 382,5 گرام |
| ****** | | |
| قەدەھ | 2,0625لىتىر | 2,0625لىتىر |
| مۇد | 812,5 گرام | 510گرام |
| سا | 3,25كىلو گرام | 2,04كىلو گرام |
| ۋەسەق | 195كىلو گرام | 122,4 كىلو گرام |
| قىست | 1,625كىلو گرام | 1,02كىلو گرام |
| ئىرق | 48,75كىلو گرام | 30,6 كىلو گرام |
| ئەردەب | 78كىلو گرام | 48,96كىلو گرام |
| فەرەق | 6,5 كىلو گرام | 6,12كىلو گرام |
| فەرق | 211,250كىلو گرام | 198,9 كىلو گرام |
| قۇللە | 101,56كىلو گرام | 95,625كىلو گرام |

| | | |
|---|---|---|
| ***** | | |
| زرا | 46,375سانتمێتر | 61,834سانتمێتر |
| ئسبە | 1,932سانتمێتر | 2,576سانتمێتر |
| قەبزە | 7,728سانتمێتر | 10,304سانتمێتر |
| شبر | 11,592سانتمێتر | 15,456سانتمێتر |
| باێ | 1,855مێتر | 2,473مێتر |
| مل | 1855مێتر | 3710مێتر |
| فەرسەخ | 5565مێتر | 11130مێتر |
| بەرید | 22260مێتر | 44520مێتر |
| مەرهەلە | 44,520کیلومێتر | 89,04کیلومێتر |